
1992
KASHGAR LITERATURE
قەشقەر ئەدەبىياتى
3



غۇنچەلار

(مەمتەمىن زىبەبىللا فوتوسى)



غۇباسىز چاغلار

(ئادىل ئىسمايىل فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

3
1992

21 - يىل نەشرى

(ئومۇمىي 106 - سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى



# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر


ئابلا ئەخمىدى ...... تولغۇنقان سۆيگۈ ( پوۋېست ) ...... 1
داۋۇتجان سەيدىن ...... مەزىن ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ...... 27
ئەكبەر غولام ...... ئاي كۆيۈپتۇ ...... 36
روزى مۇھەممەت قۇربان ...... ناخشا ...... 57
پەرھات ياسىن ...... ئىككى ھېكايە ...... 70
ئەسئەت ئابدۇقادىر ...... مۇھەببەت كارمۇنىيىسى ...... 72
داسىرجان مۇھەممەت ...... ئىككى دەسمەر ...... 76
ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت ...... خىلۋەتتىكى يارقىن چۈشلەر ...... 77


## شېئىرىيەت گۈلزارى


مۇھەممەت توختى ئەخمەت ...... باھاردىكى تېز سېزىملار ...... 59
ئابدۇرىشىت سەلەي ...... باھار سۈرەتلىرى ...... 59
مۇھەممەت روزى ...... شېئىرلار ...... 61
ئابدۇللا ئوسمان ...... غەزەللەر ...... 63
ئەركىن داۋۇت ...... شېئىرلار ...... 65
نۇردۇن مۇسا، ھۈسەن روزى ( تىرىك )، ئەنۋەر تۇرسۇن، ئابلىمىت نىياز، ئىبراھىمجان ئايۇپ ...... شېئىرلار ...... 66


## ياشلىق، سۆيگۈ، غايە


ئابدۇكېرىم مەخسۇت، جېلىلى، ئەكبەر نىياز پەتتارى، كېرىمجان سۇلايمان، ئابلەتجان ئىبراھىم، ئازاد ئابدۇللا، مۇختار قادىر، كەرىمە ئابدۇللا، ئەنۋەر مەتسەيدى، ئابدۇقەييۇم مەجنۇن، ياسىنجان ئوسمان، ئادىلجان ئابدۇقادىر، ھاتەمجان سايىم، ئىلياس ئابلىمىت، مەسكىن، ئىبراھىمجان تاش ...... شېئىرلار ...... 81


## ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز


ئابلىكىم روزى ...... قوغۇشۇن تۈزۈندىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ ...... 22


## ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر


ئابلىمىت مۇھەممەت ...... خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... 96


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئابدۇقاسىم سۇلتان ...... ئىككى قوزا ( ھېكايە ) ...... 109
ئېزىزجان توختىھاجى ...... تۇنجى گۇناھ ( ھېكايە ) ...... 111


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى


ئىسمايىل ئېزىز، باتۇرجان ئاتىخان، ئەكبەر مۇھەممەت، يالقۇنجان ياقۇپ ...... شېئىرلار ...... 115


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


ئالېكسى ھاللېي ...... ئىستەكلىرىم رېئاللىققا ئايلاندى ...... 118


## خەزىنە


ئابدۇكېرىم ئەخمەت رەتلىگەن ...... ھەزرىتى موللام توغرىسىدا رىۋايەتلەر ...... 123


## ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇچۇرلار


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ...... ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇچۇرلار ...... 126



( بۇ سانىدىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى يالقۇنجان قۇربان، دىلمۇرات تۇرسۇن، جۇمە ئابدۇللالار ئىشلىگەن، مۇقاۋىنى ئابلىز تاش لايىھىلىگەن، مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدىكى سۈرەتنى مەمتىمىن زېھىبۇللا تارتقان )

ئابلا ئەخمىدى

# تونجۇققان سۆيگۈ

(پوۋېست)





ياشلىقتىكى سۆيگۈ - مەڭگۈلۈك ۋە
مۇقەددەستۇر. ئەپسۇسكى، سەن چىن
يۈرىكىڭدىن كۆيگەن ئادەمنىڭ ساڭا
كۆيۈشى ناتايىن. بۇنداق سۆيگۈ، تە-
بىئىكى، ساڭا ھېچقانداق خۇشاللىق
ياكى كىچىككىنە لەززەت بېغىشلى-
مايدۇ. ئەكسىچە، روھىڭنى ئىسكەن-
جىگە ئېلىپ، جىسمىڭنى خورىتىدۇ.
ھىجران ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، سېنى مەڭ-
گۈلۈك غەم - غۇسسىگە مۇپتىلا قىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن قۇتۇلماي دەيمۇ قۇتۇلال-
مايسەن. تېخىمۇ يامىنى- سەن كۆيگەن
ئادەمنىڭ ساڭا ئەمەس، باشقا
بىر ئادەمگە كۆيگىنىنى
بىلىش . كىشىلىك ھاياتتا مۇنداق ئىشلار
ئاز ئەمەس. لېكىن ئېغىزدىن - ئېغىزغا،
قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، ئادەمنىڭ ئەق-
لىنى لال، كۆڭلىنى مالال قىلغۇدەك رىۋا-
يەت تۈسىنى ئالغانلىرى تولىمۇ ئاز. مې-
نىڭ سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىم قان-
داقتۇر ساماۋى چۆچەك ياكى قايسىبىر
سۆزمەن توقۇپ چىققان رىۋايەت بولماس-
تىن، بەلكى قەشقەر شەھىرىنىڭ دەرۋاز-
سى تۆت چاغدا، يەنى قۇمدەرۋازا، قارا-
قىردەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازا ۋە يارباغ دەر-
ۋازىسىغا نوبېشى دەرۋازىسى ① قوشۇل-
مىغان چاغدا، يۈز بەرگەن غەلىتە بىر ۋەقە:

① نوبېشى دەرۋازىسى 1933 - يىلى ئېچىلغان.

## ئايەم كېچىسىدىكى ئۇچرىشىش

يىغلاپ قېلىشتىن قورقسالىڭ، كۆلۈشنى ئويلىما.

قارا قىش، ھېيتگاھ. ھەممىلا يەر ئاپئاق
قار. بىر چېتىگە قارا قەغەز چاپلاپ قويۇل-
غان يۇملاق پانۇستەك ساڭگىلاپ تۇرغان
ئاي سۇۋادان تېرەك بويى كەلگىدەك ئېگىز
سېپىل بىلەن ئورالغان بۇ قەدىمي شە-
ھەرنىڭ ھەممە يېرىنى كۇندۇزدەك يورۇت-
ماقتا. ئوقەتچى - ھۆپىگەرلەر ئاللىقاچان
ھېيتگاھ بىلەن خوشلاشقان. جامەنىڭ تې-
رەكلىرىنى كېچىلىك ئارامگاھ قىلغان سان-
ساناقسىز قاغىلارنىڭ تىنىماي قاقىلدىشىغا،
قاتار كەتكەن ھوجرىلارنى ماكان تۇتقان
مۇساپىر تالىپلارنىڭ «قىرائەت» ئاۋازى
قوشۇلۇپ كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزىدۇ.
كېچىنىڭ خوجايىنلىرى - لالما ئىتلار
ئۇياندىن - بۇيانغا چېپىشىپ يۈرۈپ، ھېلى
بۇ توپ بىلەن ئۇ توپ، ھېلى ئۇ توپ بى-
لەن بۇ توپ ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالغىچە
تالىشىدۇ. بىرەر يولۇۋچىنى كۆرۈپ قالغىدەك
بولسا، جان - جەھلى بىلەن قاۋاپ، دەرھال
شۇ تەرەپكە ئېتىلىدۇ. ئەتراپ سۈرلۈك ۋە
ئەنسىز. مۇشۇ ئەنسىزلىك ئىچىدىن ئۆز
رىسىق - نېسىۋىسىنى ئىزدەۋاتقانلارمۇ يوق
ئەمەس: ئەنە، جامەنىڭ جەنۇب ۋە شىمال
دوقمۇشلىرىغا بىردىن يوغان شىرەنى توخ-
تىتىپ، يېنىغا قىرىق - ئەللىكتىن قوغۇن -
تاۋۇزنى دۆۋلەپ، ئۈستىنى قات - قات
كېگىز، پالاسلار بىلەن چۈمكەپ قويغان
ئىككى دۆكا باققال تېخىچە چىراغلىرىنى
ئۆچۈرۈشمىگەن. چوقا ① دىن ياسالغان
ئاتەشداندىكى ئوتلىرىنىڭ يالقۇنى بىر -
بىرىدىن ئۇلۇغ. ئارىلاپ - ئارىلاپ، بىرى:
«دورا تاۋۇز» دەپ ئۈنلۈك توۋلىسا، يەنە
بىرسىمۇ: «ھەسەلدەك قوغۇن» دەپ ئۈن
قاتىدۇ. بەزىدە جىسەكچى ئۇرغان «تاك -
تاك» ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالىدۇ. مۇنداقلا
قارىسا، بۇ شەھەردە لالما ئىتلار بىلەن
جىسەكچىلەرلا ئويغاقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما
تاملىرى، ئۆگزىلىرى بىر - بىرىگە تۇتى-
شىپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ كۆپلىرىدە چىراغ-
لار ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن يورۇقراق
چاقنايدۇ. كەمبەغەللەر تېزەك، چاۋار قا-
لانغان مورا ئوچاقلارغا مەيدىسىنى قاقلاپ
ياكى ئۈستىگە رەزگى يوتقان يېپىلغان سەن-
دەللەرگە پۇت - قولىنى تىقىپ ؛ بايلار
تاشكۆمۈر توشقۇزۇلغان ئورۇس مېشى ياكى
ئۆرۈكنىڭ، جىگدىنىڭ يېرىندا ئوتتۇنلىرى
چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان تەككىر مەشلەرنى
چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، بۇ دۇنيانىڭ گۇ-
ناھ - ساۋابلىرى ۋە ئۇ دۇنيانىڭ راھەت-
ئازابلىرى توغرۇلۇق سۆھبەت قۇرۇشىدۇ.
دۇت سېلىپ، نوكچا يېقىۋاتقانلارمۇ، ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ
قۇيماق سېلىۋاتقانلارمۇ، «قۇرئان» تىلا-
ۋەت قىلىۋاتقانلارمۇ ، جەينامازدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ، تەڭرىدىن ئۇ دۇنيالىقىنى تىلە-
ۋاتقانلارمۇ بار. بەزىلەر ئۇ دۇنيانى ئۇنى-
تۇپ قالغاندەك، چىراغ يورۇقىدا مەلۇم
ھۈنەر - كەسىپ بىلەن مەشغۇل...

«مەسچىت - خۇدانىڭ ئۆيى» . ھېيتگاھ
جامەسىنىڭ شەرققە قارىغان دەرۋازىسى
ھاڭغىرقاي ئوچۇق، دەرۋازىدىن كىرىشتىكى
گۈمبەز ئىچىدىكى سۇپىلار تۇرماق، پىششىق
خىش ياتقۇزۇلغان يەرمۇ تىلەمچىلەر، ئىگە-
چاقىسىز يېتىم - يېسىرلار، يۇرت - ماكان-
سىز مۇساپىر - مۇجاپىرلار بىلەن تولغان.
ئۇلار بىر - بىرىگە يۆلەنگەن، نېمىلەردۇر
قاچىلانغان ئەسكى خالتا، يىرتىق خورجۇن-
لارنى باشلىرىغا قويۇشۇپ، بىر - بىرىگە

① چوقا - ئوتقا چىداملىق توپا .

يېقىن چاپلىشىپ سۇنايلىنىپ يېتىشقان ياكى دۆگدەرەپ ئولتۇرۇشقان ھالدا مۆگدەشمەكتە. كىمدۇر سوزۇپ «ئۇھ» تارتسا، كىمدۇر ئۆلۈغ - كىچىك تىنىدۇ. دەرۋازىنىڭ قانىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىرەيلەن:

— ئەستا ... ئەجەبمۇ توڭدۇم، - دېگەنىدى. يېنىدىكىسى:

— مېنى دېمەمسەن! - دېدى يىغلامسىرىغاندەك ئاۋازدا، - پۇتۇم ئۇيۇپ قالايلا دەۋاتىدۇ.

— سىدىق قارىمدەك مۇزلاپ ئۆلۈپ قالمىساقلا مەيلىغۇ ...

— خۇدايىم ساقلار، ئاغزىڭنى ئۇشۇتمىغىنە!

— قۇتپىدىن قارىم نېمىشقا غالتەك ئېپچىقمايدىغاندۇ؟

— ئەجەب ئوبدان ئادەم ئىدى. ئاغرىپ يېتىپ قالدىمۇ يا؟

— چىرايى سارغىيىپ قاپتىكەن، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم.

— بۇ يەردە تىترەپ ئولتۇرغىچە، «شاقىندە» ئۇنىڭكىگە بارمايلىمۇ؟

— كۈندۈزدە يوقلاپ قويماي، بۇنداق يېرىم كېچىدە بارساق نېمە دەپ قالىدۇ؟ بارساق، ئەتە ئەتىگەندە بارايلى ... «ماقۇل» دېسەڭ، ئودالدىغا چۈشۈپ، زاسۇپەزنىڭ ئوچىقىدا ئىسسىنىپ كەلمەمدۇق؟

— ئوبدان دېدىڭ، جۆرە، شۇنداق قىلايلى.

ئىككىسى تەڭلا ئورنىدىن قوپتى. باشقىلار ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويۇشمىدى. بىرى ئېگىز، بىرى پاكارراق كەلگەن بۇ يىگىتلەرنىڭ رەزگى ماتا پاختىلىق تون ئۈستىدىن بەلباغ باغلاپ، تۆپلەپ يوغان ئاغامچا يۆگىۋالغىنىغا قارىغاندا، ھەر ئىككىسى مۇساپىر ھامماڵ، ياش-قۇرامىمۇ تەڭ.

— ئاداش، - دېدى بىرى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، - ئودالدىغا چۈشكىچە، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم① غا چىقىپ تۈنىمەيلىمۇ؟ ئاڭلىسام، ئۇ يەرنىڭ شەيخى بەك ئوبدان ئادەممىش. تۈنەكچىلەرنىڭ تېگىگە كىگىز سېلىپ، گۈلخان يېقىپ بېرىدىكەن.

— بىز بېرىپ بولغىچە دەرۋازا تاقىلىپ قالارمىكىن ...

— تاقىلىپ قالسا، يېنىپ كەلمەمدۇق؟ يول ماڭساق ئىسسىپمۇ قالىمىز.

— ...

ئۇلار گەپلەشكەچ ئۆستەڭبويى تەرەپكە بۇرۇلۇشتى. دەرۋەقە، بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېچىلىپ، خۇپتەندىن يانغاندا تاقىلاتتى. ھەممە دەرۋازا ئۈستىدە پوتەي - قوقتىلار بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قوراللىق قاراۋۇللار نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. دەرۋازا ئېچىلىش-يېپىلىشتىن سەللا بۇرۇن «پو» ئېتىلىپ بەلگە بېرىلەتتى-دە، تۆت دەرۋازا بىرلا ۋاقىتتا تاقىلاتتى ياكى ئېچىلاتتى. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنىدىمۇ، بولدى، سېپىل ئۈستى ۋە دەرۋازا تۈۋىدىكى مۇھاپىزەتچى - ساقچىلارنىڭ نەيزىلىك مىلتىقلىرى ئادەم تۈگۈل ئۇچار قۇشنىمۇ شەھەر سىرتىغا چىقارمايتتى ۋە كىرگۈزمەيتتى. كوچىلاردا قاتناش توختاپ، كىشىلەر ئۆيلىرىگە بېكىنىشكە مەجبۇر ئىدى. قىسقىسى، بۇ شەھەر پۇختا ياسالغان قەپەزگىلا ئوخشايتتى. ئىككەيلەن ئۇيەر - بۇيەرگە ئادەم ئىزى چۈشكەن ئېتىزلىقلار، زومچەك - زومچەك قەبرىلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم

① يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم - يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى.

مازىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، سەيـ
نادا گۈلخاننى چۆرىدەپ بىر قانچە ئادەم
ئولتۇراتتى. تۈۋرۈكلەردىكى چىراغپايلارغا
قوش پىلىكلىك ساپال چىراغلار تـوختىتىـ
ۋېتىلگـەن خانىقامۇ بوش ئەمەستەك قىلاتـ
تى، ئىچكىرىدىن ـ ئىتىكاپخانىدىـن كىمـ
لەرنىڭدۇر «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىـۋاتقـان
ئاۋازى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېـ
رەك، خانىقادىكىلەرمۇ، سەينادىكى گۈلخانـ
نى چۆرىدىۋېلىشقانلارمۇ چوڭقۇر سۈكـۈتتە
ئىدى. ھېلىقى ئىككەيلەن يا گۈلخان ئالـ
دىغا بېرىشنى، يا ئۇدۇللا خانىقاغا كىرىشـ
نى بىلمەي تۇرغاندا، گۈلخان يېنىدا ئولـ
تۇرغانلاردىن ئىككىسى ئورنىدىـن قـوپتىـ
دە، ئۇلارنى گۈلخان تەرەپكە ئىشـارەت قىـ
لىپ قويۇپ، خانىقاغا كىرىپ كېتىشتى.بۇ،
ئۇلارغا كۆرسىتىلگەن ئادەمگەرچىلىك ئىـ
دى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى سۆيۈنـۈپ كـەتتى،
قەشقەرگە كېلىپلامۇشۇ مازارنى ماكان تۇتـ
مىغىنىغا پۇشايمان قىلىشتى. ئۇلار بىلمەيتـ
تىكى، بۇ مازار ئارسلان خېنىم، مۇراد بەـ
خش ئاتام ۋە ئاپئاق خوجا مـازارلىـرىغا
ئوخشىمايدۇ: ئۇ مازارلاردا سوپى ـ ئىشانـ
لار ھەپتىدە بىر كۈنداش قاينىتىپ، بەڭ①
چېكىپ، زىكرى ـ سۆھبەت ئۆتكۈزسـە؛ بـۇ
مازاردا بىرەر مەقسەت ـــ تىلەكنى دىـلىغا
پۈككەن قارى ـ قۇرئانلار، ئىلىمگە ئاشىنا
تالىپلار ئايلاپ ـ ئايلاپ ئىتىكاپتا ئولتۇـ
رىدۇ. دەردمەن تاۋاپچىلار يۇرت ـ يـۇرتـ
تىن كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ، تـىلەك تـىلەپ
كۆز يېشى قىلىشـىدۇ. ھـالال ـ ھـارامنـى
پەرق ئېتىدىغان ساخاۋەتچىلەر خـەيـرى ـ
ئېھسانلىرىنىڭ باش بۇرنىنى مۇشۇ مازارغا
ھەدىيە قىلىدۇ. قىش ـ ياز تاۋاپچىلار ئۈزـ
سىمەيدىغان، يىلبويى بىرەر كېچە چىراغ ئۆـ
چۈپ قالمايدىغان بۇ مازارغا دائىم بۇگۈنـ
كىدەك بۇنداق جىق ئادەم جـەم بـولـۇۋەرـ
مەيدۇ. بۈگۈن ـبارات ئېيىغـا ئـون ئۈچ،
يەنە ئـىككـى كۈنـدىن كېيىن بولىدىـ
غان چوڭ تۈنەك ـ ئايەمنىڭ مۇقەددىمىسى،
خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، مازارنىڭ شەيـ
خى كىتابخانلىققا ئولتۇرسا، تۈنـەكچىلەر
تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكىنىنى تۇيـمايلا
قېلىشىدۇ، ئەسلى تاماشا تېخـى ئۆتكۈنلۈكـ
كە: ئۇ كۈنى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىـن قەبـ
رىگاھنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا پۇت سـىققۇـ
دەك يەر قالمايدۇ. قانچىلىك قاپاق ـ چاـ
ۋا② ۋە قانچىلىك سۇيىغىنىڭ كۆيۈپ تۈـ
تۈنگە ئـايلىنىـپ كـېتىشـى، قـانچىلـىك
ئادەمنىڭ ۋەششەمىسى قىچقىـرىـپ ئاۋازى
پۈتۈپ قېلىشىنى ھېچكىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالـ
مايدۇ. قەبرىلەرنى قـۇچـاقـلاپ زار ـ زار
يىغلاۋاتقان روپاچ ئاياللارنىڭ ئۈنىنى خاـ
لىس تىلاۋەتچىلەر ئۆچۈرۈشكە مەجبۇر. ئاـ
ياللار بۇ مازاردا ياتقان ئۇلۇغ زاتـنىـڭ
روھىغا ئاتاپ ئىتىپ چىققان قۇيماق،سامبۇسا
دېگەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن يېگىلى ئېغـىز،
قارىغىلى كۆز قالماي قالىدۇ.

ئىككەيلەن گۈلخانغا يېقىنلىشـىپ، ئولـ
تۇرغانلارغا سالام بەردى. ئۇلارمۇ سالامنى
ئىلىك ئېلىپ، ئورۇنلىرىدىن سەل قوزغىلىپ
قويۇشتى. ئۇلار ئەپلىشىپ ئولتـۇرۇۋېلىشـ
قاندىن كېيىن، باشقىلارغا ئوخشاشـلا سۈـ
كۈتكە چۆمۈشتى. شۇ چاغ خانىقـادا بىرەيـ
لەن ئەزان چىللىدى. ھەممەيلەن تاھارەت
ئېلىپ ناماز ئوقۇشتى. ئاندىن، بىر قانچە
خالىس مۇلازىم تۈنەكچىلەرگە نان، قۇيماق
تارقىتىشقا باشلىدى. ھېلىقى ئىـككەيلەنـ
نىڭ بۇنداق سورۇننى ئـۆمرىدە تـۇنـجى

① بەڭ ـ نەشە. ② چاۋا ـ تېرە بىلەن لاتىـ
دىن ياسالغان ياغ قاچىلايدىغان نەسۋاب. شەكلي كوزىـ
غا ئوخشايدۇ.

قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىش-
تى. گەرچە ئۇلار بۇ يەردە كېگىزنىڭ پار-
چىسىنى كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، بورا ئۈس-
تىدە ئولتۇرۇشاتتى، كۆزلىرى نان قاچى-
لانغان تاغار بىلەن، قۇيماق قاچىلانغان
تۆت قۇلاقلىق تەڭلىلەردە ئىدى.

— هوي، ئاۋۇ قۇتپىددىن قارىممۇ نېمە؟-
دېدى ئېگىز پاكارنى نوقۇپ،- «ئاغرىپقاپ-
تۇ» دەۋاتاتتىڭغۇ!

— قېنى؟- پاكار ئەتراپىغا بويۇندىدى.

— ئاۋۇ نان تارقىتىۋاتقانچۇ.

پاكار ئۆزىدىن بەش قەدەم نېرىدا لىق-
مۇ - لىق گىردە نان قاچىلانغان تاغارنى
تەسلىكتە جايىدىن يۆتكەپ، تۇنەكچىلەرگە
نان ئۈلەشتۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا بويلۇق،
پۇتىغا مەسە، ئۇچىسىغا قارا چەكمەن تون
كېيىپ، بېشىغا سەللا ئورىۋالغان شاپ بۇ-
رۇت ئادەمگە قادىلىپ قاراپلا قالدى. ئۇ-
شەھەردىكى داڭلىق لەڭپۇڭچىلارنىڭ بىرى-
قۇتپىددىن ئاخۇن ئۇستام ئىدى، كىشىلەر
ئۇنى ئالاھىدە هۆرمەتلەپ «قۇتپىددىن قا-
رىم» دەيتتى. قارىغاندا ئۇ، بۈگۈن تۇنەك-
چىلەرگە بىر تاغار نان ساخاۋەت قىلغان-
دەك كۆرۈنىدۇ.

— هوي، ئىككىڭلار مىدىڭلار!- دەپ كۈ-
لۈمسىرىدى قۇتپىددىن قارىم ئىككىسىگە
نان ئۇزۇتۇۋېتىپ، بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟

— بايىراق كەلگەن.

ئىككەيلەن تەڭلا ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇ-
نىڭ بىلەن سالاملاشتى.

— بۇرۇنمۇ كېلىپ باققانمۇ؟

— ياق... ساقىيىپ قاللىمۇ؟

— ساقىيىپ قالدىم. نەچچە كۈنىڭىزى
نەدە ياتتىڭلار؟

— هېيتگاھ جامەدە.

— ئەستا... تازا توڭغانسىلەر؟... نېمىش-
قا بىزنىڭ ئۆيگە بارمىدىڭلار؟

ئىككەيلەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى
بىلەلمەي، بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە
تىكىلدى. مۇندىن بەشكۈن ئىلگىرى، قۇت-
پىددىن قارىم ئۇلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ
قوندۇرماقچى بولغانىدى. شۇنىڭدىن بىرى
ئۇنىڭ غالىتىكىمۇ، ئۆزىمۇ هېيتگاھتا
كۆرۈنمىدى.

— تارتىنىپسىلەر- دە؟ مەن هازىردىن
باشلاپ رامىزان چىقىپ كەتكىچە مەشەدە
ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن، ئۆيدە ئانام يالغۇز.
سىلەر بۇنىڭياقى كۈندۈزى ئىشىڭلارنى قى-
لىپ، كېچىسى ئانامغا هەمراھ بولۇپ يې-
تىڭلار. خۇدايىم بۇيرىسا، هېيت نامىزى
كۈنى غالتەك ئېلىپ چىقىمەن، سىلەرگىمۇ
ئىش چىقىدۇ. ئوبدان رازى قىلىمەن.
ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

قۇتپىددىن قارىم ئۇلارغا بىرنەچچىدىن
گىردىنى تۇتقۇزۇپ قويدى- دە، يىراقلاش-
تى. پاكار ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەستىن
پىچىرلىدى:

— نېمىشقا ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغاندۇ؟

— «قارى» بولغاچ ئولتۇرامدىكىن؟

— شەھەردە «قارى» لار شۇنچە جىق
ئىكەن. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭدىن باشقىلار
ئېتىكاپتا ئولتۇرمايدۇ؟

— ۋاي تاڭەي... ئەمدىلا كېسەلدىن قوپ-
قان تۇرۇپ...

بۇ راستىنلا بىر سىر، بۇ سىرنى ئۇلار
تۇگۇل، قۇتپىددىن قارىمنىڭ ئەڭ يېقىن
تۇغقانلىرىمۇ بىلمەيتتى.

## « بالا قارىم »

ئادەم ئارمان قوغلىشىپ، دەرماندىن كېتىدۇ.

خەلق ئىچىدە: «توك - توك ئېتەر تۆمۈر-
چى، پۇلنى سۈزەر كۆنچى» دېگەن گەپ بار.

باشقا يۇرتتا شۇنداقمكمن ـ تـاك، قەشـ
قەردە ئەك ئاسان، ئەك جىق پـۇل تاپىدىـ
غانلار لەگپۇگچى. بۇ كەسىپكە ئانچە كـۆپ
دەسمايە كەتمەيدۇ، خورۇچىمۇ ئەرزان، لىـ
كىن خىرىدارى بەكمۇ تولا. يەنە كـېلىپ،
خىرىدارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى خوتۇن ـ
قىزلار. ياش قىز ـ چوكانلار ئاچچىق چۇـ
چۇككە ئامراقلىقىدىن ئۆزىنى لەگپۇگغا
ئۇرسا، قېرى ـ چۇرىلەر: «ئاچچىق ـ چۇچۇك
نەرسە ئىشتىهانى ئېچىپ، خاپىغاننى ئالىدۇ»
دېيىشىپ، زەھەردەك ئاچچىق لەگپۇگنى ھەـ
سەلدىن ئەتىۋار بىلىشىدۇ. بىر سىقىم پۇلـ
غا ئوتتۇرا پىيالە لەگپۇك ئېتىپ بـەرسىمۇ
ئىچى ئېچىشمايدۇ. لازىسى «ۋاژژىدە» ئاغـ
زىنى قورۇپ، باشقا خۇرۇچى كۆڭلىنى ھوـ
زۇرلاندۇرسىلا بولدى. لەگپۇگچىلارنىڭ باـ
زىرىنى چىقىرىپ، خىرىدارىنى ئـاۋۇتىدىـ
غانمۇ، خىرىدارىنى قاچۇرۇپ بازىرىنى كاـ
ساتقىلىدىغانمۇ يەنىلا شۇ خوتۇن ـ قىزلار:

«ھېلىمئاخۇن لەگپۇگچىنىڭ لەگپۇگى ئۇـ
ماچتەك، ئاچچىقسۇيى زەيسۇ پۇرايدىكەن.»

«سېلىمئاخۇن لەگپۇگچى لازىغا گىل ئاـ
رىلاشتۇرۇپ قويۇدىكەن...»

«ھېكىمئاخۇن لەگپۇگچى تۇرۇپنى بادىرـ
دەك قەلەم ئېتىدىكەن...»

«شىرىپئاخۇن لەگپۇگچى قاچا يۇيۇدىغان
سۇنى ھەپتىدىمۇ بىر يەڭگۇشلىمەيدىكەن...»

«.........»

بۇنداق غەيۋەتلەر بىـردەمدە قۇلاقتىنـ
قۇلاققا يېتىپ، بەزى لەگپۇگچىلارنى كۇن
بويى چىۋىن قورۇپ، ئەسنەپ ئـولتۇرىدىـ
غان قىلىپ قويسا:

«سادىرئاخۇن ئۇستامنىڭ لـەگپۇگى رىـ
زىنكىدەك سوزۇلىدىكەن...»

«قادىرئاخۇن ئۇستامنىڭ ئـاچچىقسۇيى
تىلنى يارىدىكەن...»

«نادىرئاخۇن ئۇستامنىڭ لەگپۇگى ئاچا
سەيدەك مېزىلىك ئىكەن...» دېگەنگە ئوخـ
شاش ماختاشلار خىرىدارنى ئاۋۇتۇپ، لەگـ
پۇگچى ئۇستامنىڭ قولىنى ئەتىگەندىن كەچـ
كىچە بىكار تۇرمايدىغان، ئاخشىمى غەلىنى
ساناپ بولالماي مۆگدەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

نەزەرئاخۇن ئۇستام «قولى تاتلىق» لىقى
بىلەن داڭ چىقارغـان لـەگپۇگچى بولۇپ،
كۇن بويى سېكىلەكلىـك، غىجىم رومالىلىق،
ئاقپىجىلىك، پەرەنجىلىـك چـوپقەتلىرىگىلا
ئىشلەيتتى. باشقا كەسىپداشلىـرى بىر خىـ
رىدارنى يـولغا سېلىپ بولغىچە، ئۇ بەشـ
ئالتىنى ئۇزىتىپ بولاتتى.

قىسقىسى، ئۇنىڭغا ئـامەت قۇشى قونغاـ
نىدى. پۇل دېگەننى چويلىدا چۆپ سۈزگەنـ
دەك سۈزەتتى. ھويلا ـ ئـارامىلىرى كەڭ ـ
كۇشادە ھەم ئازادە ئىدى. ئوقەت قىلمىغان
كۇنلىرى (جۇمە كۇنلىرى دەم ئالاتتى) شەـ
ھەرنىڭ ئـەڭ بـاي سـودىگـەرلىرىـدەك
ئـالـىپـتـە كـېـيـىـنـىـپ يـۈرەتـتـى.
«ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەندەك،
تويى بولۇپ ئون يىلغىچە خوتۇنى سەككىز
قىز تۇغدى، تۆتى ئۇ دۇنياغا كېتىپ، تۆتى
چىرايلىق چـوڭ بولدى، ئـۇنىڭغـا ئايان:
قىز بالا ـ خەقنىڭ بـالىسى، شـۇنچە جىق
پۇل تېپىپ، تەئەللۇق يىغىپ، كۈيئوغۇللىـ
رىغا مىراس قالدۇرىدىغان گەپ ... ئۇنىڭ
يۈرىكى ئېچىشاتتى، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخـ
لىمايتتى. چۈشىدىمۇ ئـوغۇل چـۈشەيتتى.
ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە، قۇتپىدىن ئالەمـ
گە كۆز ئاچتى. خـۇشاللىقتىن بېشى ئاسـ
مانغا تاقاشقان نەزەر ئاخۇن ئۇستام قىزـ
لىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بارلىق
مېھرىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. تـېخى ئۇنى
بالاغەتكە يەتكىچە ئوقۇتۇپ «قارى ـ قۇرئان»
قىلىش؛ ئـاندىن، بـۇخارائى شـەرىفكـە

ئەۋەتىپ «داموللا» ياكى ھىندىستانغا ئەۋە-
تىپ «مەۋلىۋى» قىلىشنىمۇ دىلىغا پۈكۈپ
قويدى. بۇنىڭغا يارىشا، قۇتىپىدىنىمۇ ئە-
دەب - ئەخلاقلىق، ئەقىللىق بالا بولدى.
مەدرىسكە بارغىنىغا يېرىم يىلمۇ بولماستىن
«ئېلىپبە» نى سۈدەك بىلگەندىن تاشقىرى،
بەزى سۆز - جۈملىلەرنى چىرايلىق يېزىش-
نىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئائىلىدىكى ئورنى تې-
خىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن نېمە چىقى-
سا، ئاتا - ئانىسى شۇنى قىلىشقا ھەر قا-
چان تەييار ئىدى. ئۇنى قىز بالىدەك چى-
رايلىق ياساپ - جابدۇپ قوياتتى. گەرچە
ئۇ، ئانچىلا قىتىغۇر، ئۆز سۆزلۈك بالا بول-
مىسىمۇ، ئاچىلىرى ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى.
ئۇنى ئىززەتلەپ بېشىدا كۆتۈرۈشەتتى.ئۇ-
مۇ ئاچىلىرىنى رەنجىتمەيتتى، گېپىنى يىر-
مايتتى،ئۇلار بىلەن ئىناق - ئېجىل ئىدى.
ھەممەيلەن ئۇنى چوڭ كىشىنى ھۆرمەتلى-
گەندەك ھۆرمەتلەپ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا
«قارىم» نى قوشۇپ چاقىرىشاتتى. بارا -
بارا، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارمۇ
ئۇنى «قۇتپىدىن قارىم» دەپ چاقىرىشقا
ئادەتلەندى.

قۇتپىدىن قارىم «ھەپتەيەك» كە كۆچ-
كەن يىلى، نەزەر ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭغا
چىغ يۇللۇق يەكەن بەقەسىمىدىن تون،
يېشىل ھىندىستان دۇخاۋىسىدىن ماپۇ
دوپپا، غونۇجۇنىڭ تېرىسىدىن خرۇمدەك
سىلىق ئىشلەنگەن كۆندە ئاجايىپ چىراي-
لىق سەندەل ۋە ئۇ يەر - بۇ يېرىگە كالاۋ-
تۇندىن گۈل چىقىرىلغان «ھەپتەيەك»
قېپى تىككۈزدى. قۇتپىدىن قارىم بۇ كى-
يىملەرنى كىيىپ، بېشىغا مىسقالى داكا
سەللە ئوراپ، ئوڭ يېنىغا «ھەپتەيەك» نى
سول يېنىغا تاشتاختىنى ئېسىپ مەدرىس-
نىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگەندە، ساۋاقداش-
لىرىنىڭ يۈرەكلىرى رەشىك ئوتىدىن پۇ-
چىلانسا، كۆزلىرى ھەسەتتىن چەكچەيدى.
ساۋاقداشلىرىنى ئەڭ قىزىقتۇرغان نەرسە
ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاشتاختا ئىدى، بۇكۈن-
لەردە، تاشتاختا دېگەن بۇ نەرسە چەت
ئەلدىن كېلەتتى. ئۇنىڭغا خەت يېزىشمۇ،
ئۆچۈرۈشمۇ ئىنتايىن ئوڭاي بولۇپ، مەد-
رىستىكى ئەللىك - ئاتمىش تالىپ ئىچىدە
ئاران ئىككى بايۋەچچىنىڭ مۇشۇنداق تاش-
تاختىسى بار ئىدى. شۇڭا، قۇتپىدىن قارىم
ئەمدى ئائىلىسىدىلا ئەمەس،مەدرىستىمۇسا-
ۋاقداشلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى تا-
لىپقا ئايلىنىپ قالدى...

قۇتپىدىن قارىم ئون بىر يېشىدا «كا-
لام ئاللاھ» نى تاماملاپ، رامىزان ئېيىدا
ھېيتگاھ جامەسىدە مىڭلىغان قەۋم - جا-
مائەتنىڭ ئالدىدا «خەتمە» دىن ئۆتتى.
بۇ قېتىم «خەتمە» دىن ئۆتكەنلەر خېلى
كۆپ بولسىمۇ، ھېچكىممۇ قۇتپىدىن قارىمغا
يېتىشەلمىدى. ئۇ ئوتتۇز پارە «قۇرئان»نى
شۇنداق چىرايلىق قىرائەت قىلدىكى،ئاي-
هاي...يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن ئەڭ
مۇرەتتەپ قارىلارمۇ ئۇنىڭ ئەرەبچە سۆز-
لەرنى ناھايىتى توغرا، ئېنىق تەلەپپۇز
قىلىشى، نەپىسىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە ئاۋا-
زىنىڭ سازلىقىغا تەن بېرىشتى. پۈتۈن شە-
ھەردىكى مەسچىتلەردە ئۇنىڭ ئىسمى ئۇ-
چۇپ يۈرەتتى، ئۇ توغرۇلۇق غۇلغۇلا بولات-
تى. ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇ-
نىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشقا دالالەت قىلاتتى.
نۇرغۇن مەسچىتلەر ئۇنى «خەتمە» گە تەك-
لىپ قىلىشتى. ئۇ، بۇ تەكلىپلەرنىڭ بىر-
نىمۇ رەت قىلمىدى. كۈندۈزلىرى روزا تۇ-
تۇپ، قانغىچە ئۇخلىۋېلىپ، كېچىلىرى تاڭ
ئاتقىچە مەسچىتتە «قۇرئان» تىلاۋەت
قىلاتتى.

رامىزان ئېيى ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئەمدى ئۇنى پۈتۈن قەشقەر تونۇپ كەتكەنىدى!

قۇتىپىدىن قارىم يېڭى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويغاندا، تۆتىنچى ئاچىسىمۇ تالالىق بولۇپ بولغانىدى. ئەمدى بۇ ئائىلىنىڭ «چىرىغى» مۇ، «گۈلى» مۇ قۇتىپىدىن قارىم ئىدى. بەش ۋاخ نامازنى ئاتا - بالا ئىككىلەن بىللە ئوقۇيتتى. قۇتىپىدىن قارىمنىڭ جىگەر رەڭ شاۋرۇن تاشلىق «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نى يۈرىكىگە تاڭغان هالدا دادىسى بىلەن يانمۇ - يان كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن يولۇۋچىلار ئىككىيلەنگە هەسەت ئارىلاش هەۋەس بىلەن بىر هازا قارىشىپ كېتەتتى. نەزەر ئاخۇن ئۇستام بۇنى تۇيغاچمىكىن، يول بويى چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگرىتىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە سالام قىلىپ ماڭاتتى، قۇتىپىدىن قارىممۇ دادىسىنىڭ هەرىكەتلىرىنى دورايتتى. نەزەر ئاخۇن ئۇستام بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي ئوقۇغىنى بىلەن، ئاران بىر نەچچە ئۇششاق سۈرە بىلەتتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ خەتمە «قۇرئان» قىلالمايدىغان قارا تۈرك ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا پەگادىن جاي ئېلىشقا تىرىشاتتى. مانا ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ. بامداتنى ئوغلى بىلەن بىللە ئۆتەپ، ئۇنى يېتىلگىنىچە قەيەردە نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم بولسا تەمتىرىمەي كېتىۋېرىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تۆردىن جاي ئېلىپ، يېنىغا ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ. قۇتىپىدىن قارىممۇ ئىشارەتكە مايىل: تەخسە - قاچىلار يىغىلىپ، تائامغا دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن خەتمە «قۇرئان» غا چۈشۈپ كەتسە، جامائەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇۋېتىدۇ.

بىلىنمەيلا بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. قۇتىپىدىن قارىم ئەدەبىيات ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىدا كامالەتكە يېتىپ، «قۇرئان» غا تەپسىر ئېيتالىغىدەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئايىغى ياراشقانمۇ ياكى خۇدانىڭ ئاشۇنداق بەرگىسى كېلىپ كەتكەنمۇ، نەزەر ئاخۇن ئۇستام قالتىس بېيىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ، يارماقلاپ - تىيىنلەپ يىغقان ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى ئاللاھنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىشقا سەرپ ئېتىش نىيىتىدە سەپەرگە هازىرلىنىۋاتاتتى. كىم بىلسۇن، نەزەر ئاخۇن ئۇستامغا زۇكام تېگىپ، بىر ياتقىنىچە قىشنى چىقىرىۋەتتى. تېۋىپلار ئۇنىڭ ئۆپكە سىلى بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى، تېخى پېنىتسىللىن كەشپ قىلىنمىغان بۇ دۇنيادا، سىل ئەجەل دېگەن گەپ ئىدى. ئۇنىڭغا تۇيدۇرۇشمىدى. كۈنلىكى كەم دېگەندىمۇ يېرىم جىڭ گۆش، تۆت - بەش تۇخۇم يېيىشنى بۇيرۇدى. شامالداپ قالماسلىقىغا، سوغۇق سۇغا قول تىقماسلىقىغا دالالەت قىلدى. لەڭپۇڭچىلىق ئەتىگەندىن كەچكىچە سوغۇق سۇ بىلەنلا هەپىلىشىدىغان كەسىپ، نەزەر ئاخۇن ئۇستام ۋاقتىنچە كەسىپتىن قول ئۈزۈپ، ئورنىغا قۇتىپىدىن قارىمنى دەسسىتىشكە مەجبۇر بولدى…

## كۆزدىن كۆڭۈلگە

كۆيگىن، كۆيدۈرگىن؛ كۆيدۈرەلمىسەڭ،
كۆيگىنىڭنى بىلدۈرمە.

قۇتىپىدىن قارىم بىر ئايغا قالمايلا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدى. دەسلەپ نەزەر ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ قېشىدا بەش - ئون كۈن تۇرۇپ، كونا - يېڭى چۆپقەتلەرگە «بويىنى كۆرسىتىپ» قويغانىدى. كېيىن غالتەك يېنىدا ئۇ بولسۇن - بولمىسۇن، قۇتىپىدىن

قارىم خەۋەردارسىز قالمىدى. ئون يىللىق
ئۆمرى مەدرىستىلا ئۆتكەن بۇ تالىپ ھېيت-
گاھ مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە
كېلىش بىلەنلا، ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى سا-
ماۋى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىل-
دى. ئۇ بۇ يەردە ھەر كۈنى ئەزەلدىن ئۆ-
زىگە قىلچە تونۇشلۇقى بولمىغان ھەر خىل
ئادەم ۋە ھەر خىل ھادىسىلەرنى ئۇچرى-
تاتتى. بەزىسىدىن ھەيران بولسا، بەزىسى-
دىن كۈلەتتى؛ بەزىسىدىن نەپرەتلەنسە، بە-
زىسىگە ھېسداشلىق قىلاتتى، ئىچ ئاغرىتات-
تى، ياردەم قولىنى سۇناتتى. ئۇنى ئەڭ
قىزىقتۇرۇدىغىنى خوتۇن - قىز خېرىدارلار
ئىدى: ياشانغانلىرى ئۇنىڭ قەددىي - قامىتى،
چىراي-ھۆسنىنى ۋە ئىلمىنى بىر ماختىغىلى
تۇرسا، ئۇ خۇشاللىقتىن ھەم خىجىللىقتىن
شەلپەردەك قىزىرىپ، بىر يارماقتا ئىككى
تىيىنلىك لەڭپۇڭ ئېتىۋەتكىنىنى تۇيمايلا
قالاتتى. ئاقپىجىلىك، غىجىم روماللىق چو-
كان - جۇۋانلارمۇ بەزىدە يۈزلىرى-
نى كۆرسىتىپ - كۆرسەتمەيلا سىرلىق جىلۋە-
نازلىرى بىلەن ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ،
خالىغانچە نەپ ئالاتتى. تېخى بەزى گەپ-
دان كاداك ئاياللار ئۇنى كۈيئوغۇل
قىلىۋېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ
تىلىنى گاچا قىلىپ، قوللىرىنى كالۋالاش-
تۇرىۋەتتى. كىمگىدۇر ئەر، كىمگىدۇر كۈي-
ئوغۇل بولۇش تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
ئوت يېقىپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى قاچۇرسا،
كۈندۈزلىرى قىز - چوكان چوپقەتلىرىگە
يوشۇرۇن نەزەر سالىدىغان؛ لەڭپۇڭ ئەت-
كەندە، ئۇلارنىڭ قاچىسىغا بىر نەچچە كې-
سىم لەڭپۇڭ، بىر - ئىككى قوشۇق لازا، ئاچ-
چىقسۇنى باشقىلارنىڭكىدىن جىقراق سېلى-
ۋېتىدىغان قىلىپ قويدى. بۇ ئىش تېخىمۇ
نۇرغۇن قىز - چوكانلارنى ئۇنىڭ غالتىكى

ئەتراپىغا ئولاشتۇردى. بارا-بارا ئۇ ئۆزىنى
كۈنبويى غالتەك تۆۋىدە ئۆرە تۇرۇپ لەڭپۇڭ سې-
تىپ پۇل تاپىدىغان كاسىپ ئەمەس، بەلكى
رەڭگا - رەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەت-
كەن گۈلزاردا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتقان
ساياھەتچىگە ياكى قايسى گۈلنى تاللاپ ئۈ-
زۈشنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇۋاتقان
گۈلخۇمارغا ئوخشىتاتتى. بەزىدە شوخلۇقى
تۇتۇپ، ئەتراپىدا «ماگا، ماگا...» دەپ ئۆ-
زىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان قىزلارغا قاراپ قاھ-
قاھلاپ كۈلگىسى، ئۇلارنى چاقچاق بىلەن كۆ-
مۈۋەتكۈسى كېلەتتى-يۇ، ئۆزىنى باساتتى. ئۇ
خۇشال ئىدى. كۈنبويى چىرايىدىن تەبەسسۇم
ئۆكسىمەيتتى. يىللار ئۆتمەكتە...

«بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى»
دېگەندەك، قۇتپىدىن قارىم ئالدىغا كەلگەن
قىز - چوكانلارنىڭ ھەممىسىگە ھەۋەسلى-
نىۋەرمەيتتى. دەسلەپ بىر نەچچىسىگە يۈ-
رىكى تەلپۈنگەن بولسا، كېيىنچە بىرلا قىز-
غا ئاشىق - بىقارار بولىدى. ئۇنىڭ ئېتى-
نىمۇ، ئۆيىنىمۇ بىلمەيتتى. گەرچە ئۇ، كۈن ئارد-
لاپ كېلىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، چىرايىنى
ئاران ئىككى قېتىملا كۆرگەنىدى: بىرىنچى
قېتىم ئۇ قىز نەزەر ئاخۇن ئۇستامغا تونۇش-
لۇق بېرىش ئۈچۈن، يۈزىدىكى چۈمبىلىنى
قىيا ئېچىپ، قولىدىكى جانان چىنىنى ئۇ-
نىڭغا ئۇزاتقانىدى، قۇتپىدىن قارىم ئۇنىڭ
قانسىراتقان ئۆپكىدەك سۈزۈك، ئەيىپ -
نۇقسانسىز جامالىنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپلا
يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈكۈلدەپ كەتتى.
ۋۇجۇدىدا ئويغانغان غەلىتى بىر ئىللىق سېزىم
بېشىنى قايدۇرۇپ، پۇت - قولىنىڭ مادارىنى
ئوغرىلىغاندەك بوشىشىپ كەتتى. «ئۇنىڭغا تې-
كىلىپ قارىغىنىمنى دادام تۇيۇپ قالغانمىدۇ؟»
دېگەن ئوي كاللىسىدا پەيدا بولۇش بىلەنلا،
ھودۇققىنىدىن قولىدىكى ئاچچىقسۇ نوگىيىنى

غالتەك ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ سۇندۇرۇپ قويـ
غىلى تاس قالدى. دادىسى كۆرمەي قالدىمۇ،
ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالدىمۇ،
ئۇنىڭغا كايىمىدى، ئەمما ئاشۇ قىزنىڭ
ئورۇقچىنا بەستى، پەرىزاتتەك چىرايلىق
ھۆسنى قۇتىپىدىن قارىمنىڭ كۆڭۈل ئەينـ
ىكىگە سىزىلغان سۈرەتتەك ئورناپ قالدى.
قۇتىپىدىن قارىم نەگىلا بارسا، ئۇ سۈرەت
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. قاراپ تويمايتـ
تى، غايىبانە مۇڭدىشىپ هارمايتتى. هېيتـ
گاھقا غالتەك ئېلىپ چىقسىلا، ئۇنىڭ كېلىپ
قېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. دەرۋەقە،
ئۇ قىز مۇبۇگۈن كەلمىسە، ئەتە چوقۇم كېلەتتى.
قۇتىپىدىن قارىم ئۇنىڭ ئاقپېجە - چۈمبەلگە
پۈركەلگەن گەۋدىسىنى خېلى يىراقتىن كۆ
رۈپلا تونۇيتتى . قەدەم ئېلىشىدىن تارتىپ،
يول ماڭغاندا قايسى ئەزاسىنىڭ قانداق تەۋـ
رىنىدىغانلىقىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى.
مىڭ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى بىر ئۇنىڭ ئاـ
ۋازىغا تەڭ قىلمايتتى.

بۈگۈن — قۇربان هېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈـ
نى، جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇق. جامەنىڭ
پەشتىقىدىن ياڭرىغان ناغرا،سۇناي ئاۋاـ
زى بۇ شەھەرنى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتـ
كەنىدى. يۈزلەر ياسانغان ئوغۇل - قىز،بوـ
ۋاي -مومايلار كۆچكۈن قىلغان پەسىل قۇشـ
لىرىدەك توپ - توپ بولۇشۇپ، ئۇرۇقـ
تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى پەتلەشكە ئالدىراشـ
ماقتا. هېيتگاھ گويا ئادەم دېڭىزى. ھەممە
يەردە ئوقەتچى - ھۆپىگەرلەرنىڭ غالتەكـ
لىرى. خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قولـ
قولغا تېگىشمەيدۇ. «شادىيانە» گەدەسسەۋاتقان
سامان مەستانىلىرى قارا تەرگە چۈمۈپ كەتـ
سىمۇ مەيداندىن چىقمايدۇ. ئۇلارنى چۆرـ
دەپ سامان كۆرۈۋاتقانلارنىڭ تولىلىقىدىن،
جامە ئالدىدا پۇت تىققۇدەك بوشلۇقمۇ

تېپىلمايدۇ ... قۇتىپىدىن قارىمنىڭ غالتىكى
يەنىلا بۇرۇنقى جايىدا. ئۇھازىر ھەرقانداق
چاغدىكىدىنمۇ ئالدىراش، بېشىغا مەخمەلـ
تاشلىق سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا ئەنجان بەـ
قەسىمىدە تاشلانغان تۇلكە جۇۋا، پۇتىغا چۆچەكـ
نىڭ ئاق پىيمىسىنى كىيىۋالغان بۇ يىگىتنىڭ
چېكىسىدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان
بولسىمۇ، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى «كو
رۇسىدا» ئۇشتۇلۇپ كەتكىدەك توڭۇپ
كەتكەنىدى. ئۇتازا ئالدىراش لەڭپۇڭ ئېـ
تىۋاتقاندا، قۇلىقىغا:



— ئۇستام، ماڭا ئۈچ قاچا لەڭپۇڭ ئېـ
تىپ بەرسىلە، — دېگەن تونۇش، تولىمۇيېـ
قىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى- دە،
يۈرىكى ئېغىپ، كۆزلىرى ئاۋاز چىققان تەـ
رەپكە تىكىلدى. «ئاھ ... ھېلىقى قىز شۇمۇ
نېمە؟ شۇ، چوقۇم شۇ!...» قۇتىپىدىن قارىم
خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.
بىر سىقىم تۇرۇپنى قامالىغان قولى ئىشـ
تىن توختىدى. باشقا خېرىدارلاردىن سەل

چەتتىرەك ھېلىقى قىز تۇراتتى. ئۇنىڭ قې-
شىدا ئۆزىگە ئوخشاشلا چەچرەك غىجىم رو-
مال ئارتقان، بوي -قەددىمۇ ئۇنىڭدىن ئان-
چەپەرقلەنمەيدىغان ئىككى قىز (بەلكى چو-
كاندۇ؟) تۇراتتى. ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىت-
رەۋاتقان قۇتپىددىن قارىم:
— ئوبدان ... ماناھازىر، - دېدى - دە،
« ماڭا ... ماڭا ... » دەپ پۇل تەڭلىشىپ
تۇرغان ئونلىغان خېرىدارغا نەزەر - كۆزى-
نىمۇسېلىپ قويماستىن، ھېچكىمگە سېتىشقا
كۆزى قىيمايۋاتقان قىزىماقنى توم-توم توغ-
راپ، ئۆلۈك قوپۇپ يېگۈدەك ئوخشىتىپ ئۈچ
قاچا لەگېپۇڭ ئەتتى - دە، ھېلىقى قىزغا
قوش قوللاپ سۇندى. قىز قاچىلارنى بىر-
بىرلەپ ئاۋايلاپ ئېلىپ، ھەمراھلىرىغا تۇت-
تى. مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، قۇت-
پىددىن قارىمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ سۈتتەك
ئاپئاق، پاختىدەك يۇمشاق قوللىرى، ئىنچى-
كە بارماقلىرى ۋە بۇ بارماقلارغا سېلىنغان
جۈپ-جۈپ ياقۇت كۆزلۈك، زۇمرەت كۆز-
لۈك، لەئىل كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى
ھوزۇرلىنىپ كۆرۈپلا قالماستىن، ئۈچىنچى
قاچىنى سۇنۇۋاتقاندا قولىنى ئۇنىڭ قولى-
غا تۇيدۇرماستىن تەگكۈزۈپمۇ ئالدى. تەگ-
كۈزدى - يۇ، يۈرىكىنى نېمىدۇر قامالىۋال-
غاندەك بىئارام بولۇپ دېمى كېسىلدى. تومۇر-
لىرىدا ئۇرغىغان قان يۈزلىرىگە تەپچىدى.
قىزچۇ؟ غالتەك تۈۋىدە بىخىرامان ئولتۇرۇپ
لەگېپۇڭ يەۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم
ئۆز غالتىكى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ لەگېپۇڭ يې-
يىشى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان قۇتپىددىن
قارىم ئۇنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋېلىش تەش-
نالىقىدا خۇددىنى يوقىتايلا دەپ قالغانىدى.
لازىغا ئۇزاتقان قولى سامساققا ياكى قىچى-
غا يۈگرەيتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى خېرىدارلار-
نىڭ ئۆزىدىنمۇ، پۇلىدىنمۇ بىزار ئىدى. ھا-
زىر ئۇنىڭغا ئاشۇ بىرلا قىز، ئۇنىڭ تىلى
بىلەن ئېيتقاندا «ھۆرلەرنىڭ ھۆرى، گۈللەر-
نىڭ گۈلى» بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. بىراق
بۇ «گۈل» ھازىر دالدىدا ئىدى. شۇنچە جىق
ئادەمنىڭ كۆزىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىلى
بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، قۇتپىددىن قارىم كۆ-
ڭۈل ئەينىكىدە ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى تا-
ماشا قىلىۋاتاتتى. ئۆزىگە ناتونۇش بىر
غايىۋى دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭ-
دىشىپ ھوزۇرلىنىۋاتاتتى. ياق! ئازابلىنى-
ۋاتاتتى، يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى، ۋۇجۇدى پى-
راق ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتاتتى!...
— «ئۇنىڭ چىرايىنى بۈگۈن بىر كۆرۈۋالسام...»
— قۇتپىددىن قارىمنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەۋات-
قان بۇ ئارزۇ ئاخىر ئۇنىڭغا ئەقىل بەردى.
ئاچچىقسۇ قاپىقى غالتەكنىڭ ئاستىغا توخ-
تىتىلغانىدى. قۇتپىددىن قارىم قاپاقتىن ئاچ-
چىقسۇ ئېلىش باھانىسىدا غالتەك تۈ-
ۋىگە زوڭزايدى. ئۈچ قىز ئۇنىڭ قارشىسىدا
دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا لەگېپۇڭنىڭ پەي-
زىنى سۈرۈۋاتاتتى. ھېلىقى قىز قۇتپىددىن قا-
رىمغا سەل سىڭايان ئولتۇراتتى. شۇنداق-
تىمۇ، قۇتپىددىن قارىم قاپاقنى دالدا قىلىپ
تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىن-
دىن، ناھايىتى ئېنىق كۆردى، ئۇ بىر ئاي
بولسا، ئىككى دوستى يەردىكى
خەس ئىدى. ئۇنىڭ دوپپىسىدا ئالتۇن جى-
يەك قاداق ۋە ياقۇت، مەرۋايىت، زۇمرەت-
لەر بىلەن بېزەلگەن تاج - ئوتىغات بولسا،
دوستلىرىنىڭ بېشىدا ئادەتتىكى تەتلا
دوپپا بار ئىدى. ئۇنىڭ سۆكىسى بەش تاش-
لىق، دوستلىرىنىڭ ئۈچ تاشلىقتىن ئىدى.
— تۇيۇقسىز، قۇتپىددىن قارىمنىڭ
يۈرىكى ئاغدى. ئۇ ئۆزىنى
ھېلىقى قىز بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتاتتى: لەگ-
پۇڭچى دېگەن قانچىلىك ئادەم؟ ئۇنىڭدا

بارى بىر دانەغالتەك، نەچچە داس لەگىۋۆك
بىلەن ئازغىنا ئاچچىقسۇ، لازىغۇ!... شۇن-
داق، ئۇنىڭ جىمى دەسمايىسى شۇ. ئۇقىز-
نىڭ دادىسى يا تەڭگە - تىللانى ساناشقا
چولىسى تەگمەي، جىڭ بىلەن ئۆلچەيدى.
غان كاتتا سەرراپ، يا بولمىسا، قەشقەر-
لىكنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان كاتتا ئە-
مەلدار.

«ئاھ،- خۇدا... بۇ گۈزەلنى نېمىشقىمۇ بى-
رەر تاقىچى ياكى قۇلۇپسازنىڭ پۇشتىدىن
ياراتمىغان بولغىيتتىڭ؟ ئۇنى ماڭا نېمىشقا
كۆرسەتتىڭ؟ مېنى ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ ئو-
تىدا كۆيدۈرۈپ، بىمەھەل جېنىمنى ئالماق-
چىمۇ ياكى مېنىڭ كۆز يېشىم، ئاھۇ - زا-
رىمنى كۆرۈپ تاماشا قىلماقچىمۇ؟!...»

قىزنىڭ تىكىلىپ بىر قارىشى، ئۇنىڭ
يۈرىكىگە نەشتەردەك قادىلىپ، ۋۇجۇدىنى
لەگىۋۆگدەك بوشاشتۇرىۋەتتى. قىزمۇ ئۇنىڭ
ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ
قالدى بولغاي، چىرايى «ۋىللىدە» قىزى-
رىپ، يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرۈۋالدى.
قۇتپىدىن قارىم ئىچىگە مىڭ تونۇرنىڭ ئو-
تى كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، سوزۇپ
بىر ئۇلۇغ كىچىك تىندى - دە، بىر قولى
بىلەن غالتەككە ئېسىلىپ ئاستا ئورنىدىن
قوپتى. ئەمدى ئۇ قالتىس سېخى بولۇپ
كەتكەنىدى: لەگىۋۆگنى چاغلاپ - چېنەپ
ئولتۇرماي، قولىغا چىققاننى قاچىغا سېلىپ-
لا، خورۇچىنى تەگشەپ خېرىدارغا سۇناتت-
تى. كىم پۇل بەردى، كىم پۇل بەرمىدى،
كارى - بارى يوق ئىدى. ئۇ ئىمكانقەدەر
خېرىدارلارنى تېزراق يولغا سېلىشقا تى-
رىشاتتى. قېرىشقاندەك، خېرىدارلار ئازاي-
ماقتا يوق، بارغانسېرى ئاۋۇۋاتاتتى. ئۇ-
زۇلمەي چېلىنىۋاتقان ناغرا-سۇناي ئۇنىڭ
يۈرىكىنى بازغان بىلەن ئۇرغاندەك بىئا-
رام قىلاتتى... ئۈچ قىز كەتتى. قۇتپىدىن
قارىم ئۇلارنىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قاراش-
قا پېتىنالمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇ-
لار ئارىسىدىكى خورمارەڭ مۇۋەت پەلتو-
لۇق قىز بىلەن بىللە كەتتى. ئۇ،
قىزنىڭ كەينىدىن قارا كۆرەر مېڭىپ باق-
قانمۇ بولاتتىغۇ، ئەتراپىدا «ماڭا - ماڭا»
دەپ ئالدىرىتىۋاتقان خېرىدارلار بىلەن
ئۆزىنى ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا باغلاپ
قويغان مۇشۇ لەنتى غالتەك ئۇنى
مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى!...

ھېيت تۈگىدى، توغرىراقى، قۇتپىدىن
قارىمغا ھېيت ئەمەس ھازا بولدى، ئۇنىڭ
ئۇيقۇسى قېچىپ، چىرايى سارغايدى. كۆز-
لىرى چاناقلىرىغا چۆكۈپ، قاڭشىرى تېخى-
مۇ ئۆسۈپ كەتتى، ئورۇقلىدى. چىرايى-
دىن ھارغىنلىق، خامۇشلۇق چىقىپ تۇرات-
تى.

— بىر ئىككى كۈن غالتەك ئەپچىقما،-
دېدى ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ، سەندەلگە
پۇتلىرىنى تىقىپ ياتقان نەزەر ئاخۇن ئۇس-
تام ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى كەچتە. قۇت-
پىدىن قارىم ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرات-
تى،- قارىسام، بەكلا ھېرىقىپ كەتكەنىدەك
تۇرىسەن.

— ھارمىدىم،- قۇتپىدىن قارىم سەندەل
ئۈستىگە توختىتىلغان ساپال چىراغنىڭ
پىلىكىنى چىقارغاچ ئېتىرازبىلدۈردى،-ئەپ-
چىقىۋېرەي.

— ھېلىمۇئۈچكۈندە ئۈچ ئايلىق سوداقىل-
دىڭ،- ئوچاق ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ
پولۇ دۈملەۋاتقان ئانىسى چولپانخان گەپ-
كە ئارىلاشتى،- بىر نەچچە كۈن ئوبدان
ئارام ئېلىۋال. سېنى ئارام ئېلىۋالسۇن
دەپ لەگىۋۆگمۇ ئۇيۇتمىدىم.

ئىش پۈتتى، لەگىۋۆك ئۇيۇتۇلمىغانىكەن،

قۇرۇق غالتەكنى ھەيدەپ ھېيتگاھقا چىققىلى بولمايتتى. قۇتپىدىن قارىم دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. لەڭپۇڭچىلىق غالتىكى- ھېلىقى قىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىدىغان زەنجىر ئىدى. زەنجىر ئۈزۈلدى. ئۇ قىزمۇ كەلمەيدۇ. ئاھ...

قۇتپىدىن قارىم كېلىنى بىر غايىپ قول بوغۇۋالغاندەك، پولۇدىن بىر نەچچە كاپاملا يېيەلىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ زورلاشلىرىمۇ بىكار كەتتى. قىش كېچىسىنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىلدى... ئەتىسى بامداتتىن يېنىپلا چالا - پۇچۇق ناشتا قىلدى - دە، ھېيتگاھقا چىقىپ كەتتى. كۆڭلى ھېلىقى قىزنىڭ بۈگۈن چوقۇم لەڭپۇڭغا چىقىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپلا تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى غالتەك توختىتىدىغان جايدىن سەل نېرىدىكى ئېرىق بويىدا قىزنىڭ كېلىدىغان يولىغا قاراپ ئولتۇردى. چاچكا ئۆتۈپ چۈشكە ئاز قالغاندا، قىز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. قىز يەنىلا ھېيتلىق كىيىم بىلەن ئىدى. خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان قۇتپىدىن قارىم ئۇنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتكىلى تاس قالدى. قىز ئۇنى كۆرمىگەنىدى. قولىدا دائىم لەڭپۇڭ ئالىدىغان چەچرەڭ گەردىن چىنەبار ئىدى. قۇتپىدىن قارىمغا تونۇش ئۇششاق قەدەم بىلەن كېتىپ بارغان بۇ قىز ئىنتىك توختاپ رومىلىنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق سەپسېلىشقا باشلىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقىنى قۇتپىدىن قارىمنىڭ غالتىكى ئىدى. (بەلكى ئۆزىدۇ؟...) تاپالمىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، قۇتپىدىن قارىمنىڭ قوشنىسىدىن لەڭپۇڭ ئالدى-دە، كەينىگە ياندى. يەنە قۇتپىدىن قارىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. لېكىن ئۇنى كۆرمىدى. ھاياجاندىن دېمى كېسىلىپ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولغان قۇتپىدىن قارىم ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. نەچچە رەستە، نەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالدى. بۇ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى ئىدى!

## قازا توي

ۋىسال بىلەن جۇدالىق قوشكېزەك.

نەزەرئاخۇن ئۇستام غالتەك تۇۋىگە كېلەلمىدى. ھەجگىمۇ بارالمىدى. ئەسلىدە ئۇ، خوتۇنى بىلەن قۇتپىدىن قارىمنى ئېلىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كېلىپ، ئاندىن ئوغلىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلماقچى ئىدى. بۈگۈن دەپ، ئەتە دەپ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا چاپلاشقىنى كېسەل ئەمەس ئەجەلمىكىن - تاڭ، داۋالانغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى. داخانغا، تېۋىپقا خەجلەنگەن پۇلنىڭ جىقلىقىنى دېمەمسىز تېخى. كېيىن، ھەج سەپىرىگە ئاتىغان تەڭگە - تىللالارمۇ ئورۇس، شىۋىت① دوختۇرلىرىنىڭ قىممەت باھالىق دورا، ئوكۇللىرىغا تېگىشىلىپ تۈگەي دەپ قالدى. ئۇنىڭ بەيتىللادىنمۇ، ھاياتىدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئۇ بۇنى «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى» دەپ چۈشەندى. تەن بەردى. ئاخىرەتلىكىنى تەييارلىتىپ قويغىنىغىمۇ بىر يىل بولاي دەپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى- ئوغلىنىڭ بېشىنى جۈپلەش ئىدى. ئۇبدان كېلىندىن

① قەشقەردە دوختۇرخانا بولمىغاچ، پۇلدار كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىۋىتسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن داۋالاش پونكىتىدا داۋالىناتتى - ئاپتوردىن.

بىرنى ئەپكىرىپ بەرسە، چولپانخان يالغۇز
قالمايتتى. ئۇمۇ بىخىرامان كۆز يۇمۇپ،
گۆردە خاتىرجەم ياتاتتى.
ئىشنىڭ ئېپى مۇشۇ!
نەزەرئاخۇن ئۇستام تەرەپ ـ تەرەپكە
ئەلچى ماڭغۇزۇپ، قۇتپىدىن قارىمغا لايىق
ئىزدەتتى. ئۇنىڭغا يارىغىنى خوتۇنىغا يا ـ
رىمىدى. خوتۇنىغا يارىغىنى ئۇنىڭغا يار ـ
ىمىدى. ھەر ئىككەيلەنگە يارىغىنى قىزلىر ـ
غا ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يارىمىدى.
ئوغلىغا لايىق تاللاپ، چولپانخان كىرمى ـ
گەن كوچا، دەسسىمىگەن بوسۇغا قالمىدى.
تاللىدى، تاللىدى، ئاخىر، بىر مىسكەرنىڭ
قىزىنى ھەممەيلەن لايىق كۆردى. تويلۇق ـ
نىڭ كېپىمۇ بىر يەرگە كېلىپ قالدى. كىم
بىلسۇن، مەسلىھەت پىپى ئىچىلىش ئالدى ـ
دا تۇرغاندا، قۇتپىدىن قارىم ئۆيلىنىش نى ـ
يىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، قايناۋاتقان قا ـ
زانغا سوغۇق سۇ قۇيدى. توي گېپى پۈ ـ
تۈن مەھەللىنى بىر ئالغانىدى. مانا ئەم ـ
دى ئۆي ـ ئۆيدە كوت ـ كوت گەپ باش ـ
لاندى. بەزىلىرى ئېغىزغا ئالغىلى بولمى ـ
غىدەك سەت ئىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدىكى
شادلىق ئۇچقۇنى ياش بىلەن ئالماشتى.
ئاتىنىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ،
تەكىر بىلەن بىر تۇغقان بولۇپ كەتتى.
ھەممەيلەننىڭ قاپىقىدىن قار ياغاتتى، ئۆي
ئىچىدىن بوران ئۇچاتتى. قۇتپىدىن قارىم
خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا غالتىكىنى ھەي ـ
دەپ بوسۇغىدا پەيدا بولىدىغان، مەسچىتتە
خۇپتەننى ئوقۇپ كىرىپ ھوجرىسىغا بېكى ـ
نىۋېلىپ تۈن تەڭگىچە «قۇرئان» تىلاۋەت
قىلىدىغان، ئەتىگىنى بامداتتىن يېنىپ چا ـ
لا ـ پۇچۇق ناشتا قىلىپلا غالتىكىنى غىچىر ـ
لىتىپ ھەيدەپ ھېيتگاھقا كېتىۋالىدىغان
بولۇۋالدى. ھېچكىم بىلەن چىرايلىققىنا
بىر دەم مۇڭداشمايتتى. ئىلگىرى چىرايىدىن
تەبەسسۇم ئۆكسىمەيدىغان، قارا چىراغنىڭ
يورۇقىدا ئانىسى بىلەن ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل
ئولتۇرۇپ غەللە سانىغاچ سائەتلەپ مۇڭ ـ
دىشىدىغان، ھەتتا ناۋايدىن ئېلىپ يىگەن
بىرەر نان، ساماۋەرچىدىن ئېلىپ ئىچكەن
بىرەر چەينەك چاينىڭ ھېسابىنى بېرىپ،
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېغىمۇ مەسلىكىنى كەل ـ
تۈرىدىغان بۇ يىگىت ئەمدى غالتەكنى غەل ـ
لە بىلەنلا ھويلىدا توختىتىپ قويۇپ مەس ـ
چىتكە چىقىپ كېتىدىغان، ھېساب ـ كىتاب دې ـ
گەن بىلەن كارىمۇ بولمايدىغان بولۇۋال ـ
دى. ئانا بۇنى ئېرىگە ئۇقتۇرمىدى. بۇنىڭ ـ
سىزمۇ نەزەر ئاخۇن ئۇستامنىڭ كۆڭلى خا ـ
تىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنى خۇدانىڭ
ئۆزىگە بەرگەن يەنە بىر جازاسى دەپ بى ـ
لىپ ئېخىمۇ تۈگىشىپ كەتتى. ئېخى بىرقې ـ
تىم خوتۇنى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ:
«ئانىسى، قۇتپىدىننىڭ بىز بىلمەيدىغان
بىرەر ئەيىبى بارمۇ نېمە؟...» دەپ سالدى.
خوتۇنىمۇ مۇشۇنداق گۇماندا ئىدى. ئىككى ـ
سى بىر ھازا كۆز يېشى قىلىشتى...
دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر، ئاشكارى ـ
لانمايدىغان مەخپىيەتلىك بولمىسا كېرەك.
قۇتپىدىن قارىمنىڭ ئۆيلەنگىلى ئۇنىماس ـ
لىقىنىڭ سىرى ئاخىرى ئاشكارىلاندى؛
ــ چولپانخان، ــ بىر كۈنى خېمىر تۇرۇچ
سوراپ كىرگەن قوشنىسى خېزىمخان ئۇزاپ
چىقىۋېتىپ، ھويلىدا چولپانخاننىڭ قۇلىقى ـ
غا ئاستا پىچىرلىدى، ــ قۇتپىدىن قارىم ئاغ ـ
زىدا «ئۆيلەنمەيمەن» دېگەن بىلەن، كۆڭ ـ
لىدە بىرسىگە كۆيۈپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟!
ــ قانداق دەيلا؟ ــ چولپانخاننىڭ يۈ ـ
رىكى «پۇلاڭڭىدە» بىر ئېغىپ، كۆزلىرىدە
خۇشاللىق ئوتى چاقنىدى، ــ شۇنداق بىر
ئىش بارلىقىنى سەزلىمۇ؟

ــ سەزمەمـدىـغان! تۈنـۈگـۈن قـۇدامـ
ـنـىـڭ ئـۆيـىـگە بـارغـانـىـدىـم. قايتىـپ
كېلىشـىـمـدە، ئالـدىمـدا كېتـىـۋاتـ
قان قۇتپىددىن قارىـنى كۆرۈپ قېلىپ،ئاسـ
تا كەينىددىن ماڭدىم. بىر چاغدا، بىر خالـ
تا كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ توختاپ،ھەـ
دەپ ئىچكىرىگە بويۇنداۋاتامدۇ، شۇنداق
قارىسام، ھېلىقى كوچىغا غىجىم روماللىق
بىر خېنىم كىرىپ كېتىۋېتىپتۇ. قـۇتپىددىن
قارىم مېنى كۆرمەي، ئۇ يەردە ساق بـىـر
ئاش پىشىم ۋاقىت تۇردى.شۇنىڭغا قاراپ...
ــ ئاغزىلىرىغا ياغ، خېنىم! خۇدايىم ئۆـ
مۇرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!... ۋاي بـىچارە
بالام، ۋاي نومۇسچان بالام... كىچىك تۇـ
رۇپ، خۇدايىم دىلىڭغا كۆيۈك ئوتى ساپـ
تىكەن ـ دە!... نېمانچىلا غېمىيىپ كېتىدىـ
كىن دەپتىمەن... بالدۇرراق ئۇقغان بـولـ
سامچۇ!...

چولپانخان چوڭ قـىزىنى پايـلاقچىلىققا
سېلىپ، ھەپتىگە قالمايلا خـىـزىمىخانىنىڭ
ئېيتقىنى راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقـ
تى. قۇتپىددىن قارىمىنمۇ ئىقرار قىلدۇردى،
ھەتتا ئوغلىنى شۇنچىلا سەرسان قىلغان بۇ
قىزنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلىپ ئۈلگۈردى: ئۇـ
نىڭ ئىسمى خەيرىگۈل بولۇپ، ئوتتۇراھال
سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. دادىسى سېلىم
ئاخۇن «پاختا» تولا چاغلاردا يۇرتمۇ ـ يۇرت
ئايلىنىپ يۈرۈپ ماتا ـ چەكمەن يىـغىپ،
دۇكـانـدار ـ ئـەتـتـارلارغـا ئـۈلگـۈجە
ساتاتتى. قولى ئۇزۇن، ئەمما بـەكمۇ پىخـ
سىق ئادەم ئىدى. كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ
پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، بىرى قىـ
زىلدا، بىرى چېچەكتە «چاچراپ» كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنى بۇۋىسارە خېنىم
بەش يىلغىچە ھامىلدار بولـمىدى. ئۇنىڭ
ھېچبولمىسا بىر ئوغۇلغا ئـاتـا بـولـۇش

ئـارزۇسـى بـار ئـىـدى. ئـون تۆت ياشـ
لىق بىر قىزنى توقاللىقـقا ئـالدى ـ دە،
«كۈرۈك توخۇ» بۇۋىسارە خېنىم بىلەن خەيـ
رىگۈلگە قارىمايلا قويدى. بۇ ئەلەمگە چىـ
دىمىغان بۇۋىسارە خېنىم نىكاھتىـن ئاجـ
راشماقچى، ھەتتا ئۆلۈۋالـماقـچى بولۇپ،
بىرمەھەل قار ـ يامغۇر يىغلاپ يۈردى.كېـ
يىن، خەيرىگۈلنى يېتىم قىلغۇسى كەلمەي،
دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. خەيرىگـۈلگە مەغۇل
بولۇپ، كەچ بولماس ئەلەملىـك كۈنـلەر،
تاڭ ئاتماس مۇدھىش تۈنـلەرنى سەۋىر ـ
تاقەت بىلەن ئۆتكۈزدى. خەيرىگۈلنى ئونـ
بىر يېشىدا يۈزـىنى ياپقـۇزدى. «قۇرئان
كەرىم» نى تاماملىغانـدىن كېيـىن قولىغا
يىڭنە ـ ئويماق تۇتقۇزۇپ، دوپپا تىكىشنى
ئۆگىتىشكە باشلىدى. ھازىر خەيرىگۈل ھۆسـ
نىگـە تولۇپ، «بىر ئەرنىڭ نېنىنى يىگىـ
دەك» بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېشـىنى بىلـ
مىگەن ئادەم ئۇنىڭ ئەمدىلا ئونبەش ياشـ
قا كىرگەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەس ئىـ
دى. ئۇ زىلۋا بوي، ئۆسكىلەڭ قىز ئىدى.
قوڭۇرغا مايىل، تېقىمىنى بېسـىپ چۈشىدىـ
غان قويۇق چاچلىرىنـى بـۇۋىسـارە خېنىم
بەكمۇ تۇجۇپىلەپ، چارقـىنىڭ تانـىپىـدەك
ئىنچكە ئۆرىگىنى ئۈچۈنمىكىن، زادى نەچـ
چە ئۆرۈم چېچى بارلىقىنى قىياس قىلماقـ
مۇ تەس ئىدى. سەل سوقىراق كەلگەن ئاق
پىسماق يۈزلىرى قىيامى راسا پىشقان سۈـ
زۈك ناۋاتنى ئەسلەتسە، تىـل بىلەن تەسـ
ۋىرلىگىلى بولمايدىغان غەلىتـە جىلمىيىپ
تۇرىدىغان نېپىز لەۋلىرى جۇلالىنىپ تۇرـ
غان ساپ ياقۇتنى ئەسلىتەتتى. ئۆمۈر بوـ
يى ئوسما، سۈرمە دېگەنلـەر دارىپمـۇ باقـ
مىغان قاش ـ كىرپىكلىرى، تولۇن ئاينىڭ
شولىسى چۈشكەن بۇلاق سۈيىدەك ئويناقـ
شوخ كۆزلىرى بىرلا كۆرگەن كىشىنىڭ يۈـ
رىكىنى سۇغۇرۇپلا ئالاتتى.

قىسقىسى، ئۇ رىۋايەتلەردىكى ھۆر ـ
پەرىگە ياكى ئۇستا رەسسام سىزغان گۈ-
زەل سۈرەتكە ئوخشايتتى.
قىز كۆۋرۈكى ـ خان كۆۋرۈكى. ئىككى
يىلدىن بېرى ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتـ
لىقلارمۇ، پىيادىلەرمۇ،كاپكازچە ئۆتۈك،
بەقسەم تون كەيگەنلەرمۇ، شاۋرۇن مەسە،
چەكمەن تون كەيگەنلەرمۇ بىرىنىڭ كەي-
نىدىن بىرى ئاتلىغىلى تۇردى. بەزىسى
بۇۋىسارە خېنىمغا ئەرزىسە، «ئېگىز ئوقۇر»
نى تاما قىلىپ يۈرگەن سېلىمئاخۇنغا ئەر-
زىمىدى. ئۇنىڭغا ئەرزىگىنى بۇۋىسارە خې-
نىمغا ئەرزىمىدى. مۇھىمى، سېلىم ئاخۇن
سالغان تويلۇققا ھېچكىم مەيدە قاقالمىدى.
ئەگەر كۆيئوغۇل يەتمىش ياشلىق بو-
ۋاي بولغان تەقدىردىمۇ، سېلىمئاخۇننىڭ
شەرتىگە كۆنسىلا ئالدى ـ كەينىگە قارى-
مايتتى.

بۇ ئۇچۇر نەزەر ئاخۇن ئۇستام بىلەن
چولپانخاننىڭ جېنىغا جان قوشتى. دەرھال
سېلىمئاخۇنغا ئەلچى قويدى. سېلىمئاخۇن
دەسلەپ «لەڭپۇڭچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ
تەرىنى تۈردى. كېيىن ئويلىنىپ، تويلۇقنى
بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر سېلىپ،
ئەلچىلەرنى ئىككىنچىلەپ بوسۇغىغا ئاياق
باسماس قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئەگەر ئو-
غۇل تەرەپ ئۇنىڭ شەرتىگە كۆنسىچۇ؟ ئۇ
بۇنىڭغىمۇ تەييارلىنىپ قويغانىدى. «تويلۇق-
تا پۈتۈشۈپ قالساقلا ‹كەت بەرىكە› دېۋەت-
سەكمۇ بولىۋېرىدۇ، ـ دەيتتى ئۇ ئىچىدە،ـ
قىز بالا دېگەن قېرى كالىنىڭ گۆشىگە ئوخـ
شايدۇ. ئەپلەپ ـ سەپلەپ قولدىن چىقىرىـ
ۋەتمىسەك، ‹چىۋىن قونۇپ قېلىپ› زىيان
ئۈستىگە زىيان بولىدۇ. پۇلغا چىدايدىغان
خېرىدار چىققانىكەن، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئىك-
كى قوللاپ تۇتىمەن. مەن ئۇنىڭ ئانىسى-
نى ئونبىر يېشىدا ئەمرىمگە ئالغان. ئەمـ
دى ئۇنى ئۆيدە ساقلاۋەرسەم، خەقلەر نې-
مە دەيدۇ؟ كەتسۇن، بىر كۈن بولسىمۇ كۆ-
زۈمدىن بالدۇراق يوقالسۇن!...»

نەزەر ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ ھەممە شەر-
تىگە كۆندى. ھەپتىگە قالماي توي ئېشى
بېرىلىپ، خەيرىگۈل يۆتكەپ كېلىندى. مېھ-
مانلار ئۇزاپ، ئۆيدە ئۆي ئىگىلىرى بىلەن
يەڭگىلەرلا قالغان چاغدا، نەزەرئاخۇن ئۇس-
تامنى قاتتىق يۆتەل تۇتتى ـ دە، يۆتەلنى
ياندۇرالماي نەپەستىن قالدى.

## چاقچاقتىن چىققان جاقجاق

ئاچچىق ئادەمنى ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ. ئەقىلدىن
ئازغان ئادەمدە ئادەملىك خۇسۇسىيەت قالمايدۇ.

نەزەر ئاخۇن ئۇستامنىڭ قىرىق نەزىرى-
سى تۈگىگىچە، قۇتپىدىن قارىم خەيرىگۈل
بىلەن بىر ياستۇققا باش قويمىدى. قول-
نىڭ ئۇچىنى تۇتمىدى. ئۇ قارىلىق كىيىپ،
دادىسىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇۋاتاتتى. نەزىرى-
دىن كېيىن، «يامان بولىدۇ» دېگەن پەت-
ۋانىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان قۇتپى-
دىن قارىم خەيرىگۈلگە شۇنداق يېقىنلى-
شاي دېگەنىدى، خەيرىگۈل شۇئان تەرى-
نى تۈرۈپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى. كېيىن
شۇنداق غەلىتە قىلىقلارنى چىقاردىكى، قۇت-
پىدىن قارىمنىڭ پۈت ـ قولى يېغىباشتىن
بوغۇچلىنىپ قالدى. كۈندۈزى گۈلدەك ئې-
چىلىپ يۈرگەن خەيرىگۈل كەچ كىرىش، بى-
لەنلا تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، قۇتپى-
دىن قارىمغا يېنىچە ـ قىرىچە تېگەتتى.
مەسىلىكى كېلىپ بىر يېرىگە قول ئۇزاتسا
سىلكىشلەيتتى، تاتىلايتتى، تېپىشلەيتتى،
«ۋارقىرايمەن»دەپ بىشەملىك قىلاتتى.قۇت-
پىدىن قارىمنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ـ ئۇ-
نىڭ ۋارقىرىۋېتىشى ئىدى. ئەگەر ئۇ

راستىنلا ۋارقىرايدىغان بولسا، ئانىسى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ - دە، «ئوغلۇم ئەخلاقسىز بالا بوپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. قۇتىپىدىن قارىمنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق — ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان بۈيۈك ئىنسانىي خىسلەت ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۈچ ئايدىن بۇيان خەيرىگۈل بىلەن بىر ئورۇندا ياتمىدى، دىلىنىمۇ چەكمىدى. قارىماققا، ئۇلار مېھمان كىشىدەك ئۆتۈشۈۋاتاتتى. بۇھالدىن چولپانخان بەكمۇ رازى ئىدى. ئەكسىچە، قۇتىپىدىن قارىم ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرگىنى بىلەن، يالغۇز قالسىلا ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، كۆڭلى خاراموش، كەيپىياتى سۇس ئىدى. ئىلاجى بار كۈنلىرىنى ھېيتگاھتا غالتەك ئالدىدا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. بەزىدە خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، قورسىقى ئېچىپ، ئۈچىيى تارتىشىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى.

ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى - دوستلىرىنىڭ تېتىقسىز چاقچاقلىرى ئىدى، بىرسى:

— ئاداش، خوتۇنۇڭ قىز چىقتىمۇ، چوكانمۇ؟ - دەپ سورىسا، يەنە بىرسى:

— چوكان چىقىپتىغۇ! ئاڭلىسام، يەڭگەڭ نانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ قېيىن ئاناڭغا ئاپىرىپ بېرىپتىمىشقۇ!؟ — دەپ بېزەڭلىك قىلاتتى. بەزىلىرى بولسا، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلايتتى:

— ئاداش، يوتقانىنىڭ ئايىغىدىن كىرگىنىڭ راستمۇ؟

— ئانامىمكىن دەپ ئېيىپ تاشلىمىغانسەن؟

— ئېيىپ تاشلىسىغۇ مەيلى، خوتۇنىنىڭ كاسىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغىنى ئەپلەشمەپتۇ!

— ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ كاسىسى نەدە تۇرۇپتۇ، ئەۋرەزنىڭ زەكۇندىسىنى ياستۇق قىلىپ ياتمىسىلا مەيلىغۇ!

— قويغىنا، ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس ...

— ئەمىسە خوتۇنى ئۇنى بۆشۈككە بۆلۈپ قويىدىكەن - دە!

— ھەي - ھەي - ھەي... خەيرىگۈل مېنىڭ بولۇپ قالىدىغان بولسا...

بۇ سۆزلەر قارىماققا چاقچاقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كەم - كۈتىسىز مەسخىرە ئىدى. دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسى تۈگىگەندىن كېيىن، دوستلىرى ئۇنىڭدىن يوتقاندىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگىلى تۇردى. (ئۇلارمۇ يېڭىدىن توي قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ يوتقاندىكى «ماھارەت» لىرىنى قۇتىپىدىن قارىمغا يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى). قۇتىپىدىن قارىم گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، دادىسىنىڭ ھازىسىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ راستچىللىقى بېشىغا بالا بولدى. دوستلىرى نەدە ئۇنى كۆرسىلا ئالدى بىلەن ئاشۇ بىر ئىشنىلا سورايتتى. تېخى بەزىلىرى بېزەڭلىك بىلەن ھېجىيىپ تۇرۇپ:

— ماغدۇرۇڭ يەتمىگەن بولسا، ماڭا ئۆتۈنۈۋەتمەمسەن - يا؟ - دەپ جېنىغا تېگەتتى. بۇ سۆزلەر ئۈچۈن ئۇلارنى يا ئۇرغىلى، يا تىللىغىلى بولمايتتى. قۇتىپىدىن قارىم قىزىرىپ - تاتىرىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇنداق چاقچاقلار تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى، قۇتىپىدىن قارىمنىڭ دوستلىرىدىن رايى قايتتى. چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. كەمسۆز - جىمغۇر بولۇپ كەتتى. لېكىن دوستلىرى ئۇنى قوغلاپلا يۈرەتتى. لەپىلدەپ سېرىق قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى، قۇتىپىدىن قارىم

غالتەك ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىرىدار
كۈتۈۋاتاتتى، ئەڭ ئامراق دوستلىرىدىن
ئىككىسى پەيدا بولۇپ قالدى. قۇتپىدىن
قارىم ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلار بىلەن ئامان-
لاشتى. ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ناۋاي-
دىن نان ئەپكېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوي-
دى، لەگۈۋك ئەتتى. بىردەم سودا - سېتىق
نەرقى - ناۋانىڭ گېپىنى قىلىشتى. ئاندىن
گەپنىڭ تېمىسى بىراقلا ئەر - خوتۇنچە -
لىققا كۆچتى.

— ئاداش، هازىرمۇ داداڭنىڭ هازىسى-
نى تۇتۇۋاتامسەن؟- دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى
تاتىلىدى بىرسى.

قۇتپىدىن قارىمنىڭ رەڭگى « لاپپىدە »
ئۆڭۈپ، بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقان-
دا، ئىككىنچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن!... ئۇ-
نىڭ ئالدى بەنت بولۇپ كەتكەن تۇرسا...

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— راست، خەيرىگۈل بىزنىڭ خوتۇنغا
شۇنداق دەپتۇ!...

قەيەردىن كەلدىكىن بۇ ئاچچىق، قۇت-
پىدىن قارىم ئالدىدىكى پىلىچەكنى ئۇنىڭ
بېشىغا چەنلەپ ئاتقانىدى، خۇدانىڭ ياخ-
شىلىقى بىلەن، پىلىچەك ئۇنىڭغا تەگمىدى.
ئىككى دوست « چاقچاقتىن جاقچاق »چىق-
قانلىقىنى كۆرۈپ، دەرهال ئۆزلىرىنى يا-
قىغا ئېلىشتى. قۇتپىدىن قارىم بىر تەرەپ-
تىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ( بۇ ئۇنىڭ
ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئادەم تىللىشى ئە-
دى )، يەنە بىر تەرەپتىن، قولىغا چىققان-
لىكى نەرسىنى ئېلىپ ئاتتى. ئۇنى هېچقا-
چان بۇنداق هالەتتە كۆرۈپباقمىغان قوش-
نىلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تەسەل-
لى - خاتىر ئېيتماقچى بولغاندا، قۇتپىدىن
قارىم گويا هېچكىمنى كۆرمىگەندەك، نېمە-

لەرنىدۇر غودۇڭشىغىنىچە ئۆيى تەرەپكە كەت-
تى. غالتەك تۇرغان يېرىدە قالدى.

دەرۋازىنى خەيرىگۈل ئېچىپ بەردى.
ئانىسى تۇپراق بېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ،
ئۆيدە خەيرىگۈل يالغۇز ئىكەن. ئۇ چۈش-
لۈك تاماققا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان بولسا
كېرەك، قولى ئۇن يۇقى تۇراتتى. قۇتپى-
دىن قارىم دەرۋازىنى زەنجىرلاۋېتىپ، ئۇ-
نىڭ باش - ئايىغىغا غەلىتە نەزەردە تى-
كىلدى. تەرى سۆرۈن، تىنىقى ئىتتىك ئى-
دى. خەيرىگۈل بىر چەتكىرەك ئۆتۈپ، ئۇ-
نىڭغا يول بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇ خەي-
رىگۈلنىڭ قولىنى مەهكەم تۇتۇپ سۆرىگى-
نىچە ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى...

### ئەندىكتۇرگەن خۇش خەۋەر

دۇنيا سىرلىق، ئادەم تېخىمۇ سىرلىق، سەن
ئۈچۈن سىر بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر
بولۇشى ناتايىن، بۇكۈن ئۈچۈن سىر بولغان نەرسى-
نىڭ ئەتە ئۈچۈنمۇ سىر بولۇشى تېخىمۇ ناتايىن. ئەي
سىرلار ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەم، ئۆزۈڭگە پەخەس بول!

ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن، قۇتپىدىن قارىم
تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئانىسىدىن
بۆلەك هېچكىمگە چىراي ئاچمايتتى. گەپ-
لىرى تورۇك - تورۇك ئىدى. مەيلى ئۇقەت
قىلىۋاتقان ياكى يولدا كېتىۋاتقان چاغ-
لاردا بولسۇن، ئىچىدە پىچىرلاپ «قۇرئان»
تىلاۋەت قىلغىنى قىلغانىدى. ئاخشاملىرى
جەينامازغا يۈكۈنۈۋېلىپ، يېرىم - كېچە يې-
رىم كېچىگىچە « قىرائەت » قىلاتتى. ئۇغ-
لىنىڭ بۇ ئىشى تۇل ئانىنى قالتىس خۇ-
شال قىلاتتى. ئۇنى كۆرسىلا، كاتتا بىر
ئەۋلىيانى كۆرگەندەك ئىززەت - ئېكرام
قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىن يول
چاۋدىرى بىلەن ئادىراسماندا بۇي سېلىپ،
تەگرىدىن ئوغلىنى ئوت - سۇختىن

ساقلاشنى ئىلتىجا قىلاتتى. ئەكسىچە، ئوغلى
كۆلدىن ـ كۆنگە ئورۇقلاپ، رەڭگى سارغى-
يىپ كېتىۋاتاتتى. ئانا بۇنى يېقىنقى ئۆيلەن-
گەن يىگىتلەردە بولىدىغان تەبىئىي ھالەت
دەپ چۈشىنەتتى. ئوغلىغا خوتۇنغا بەك ئۆ-
زىنى ئۇرۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسى-
ھەت قىلماقچى بولاتتى ـ يۇ، تىلى كۆيەت-
تى. خەيرىگۈلدەك كېلىنى بولغىنى ئۈچۈن
پەخىرلىنەتتى، ئۇچرىغانلىلا كىشىگە ئۇنى
ماختاپ بېرەتتى. دېمىسىمۇ، خەيرىگۈل بۇ
ئۆيگە ئوبدانلا ئۆزلىشىپ قالغانىدى. ئۇ
زادى بىكار تۇرمايتتى. ئەتىگىنى يۇلتۇز
تارقىماستا ئورنىدىن قوپۇپ، بېشىغا بويى
بىلەن تەڭ ئاپئاق داكا رومالنى ئارتىپ
ھويلا ئارام، ئۆگزە، دەرۋازا ئالدىغىچە
چىنىدەك پاكىز سۈپۈرۈپ يەرنىڭ يۈزىنى
ئاچاتتى. ئوچاققا ئوت قالاپ، تاھارەتكە
سۇ ئىسسىتاتتى، چاي قاينىتاتتى. كۈن بو-
يى قىڭراقنى قولىدىن چۈشۈرمەي، تۇرۇپ
قەلەم ئېتەتتى ياكى ئوچاق يېنىدىن قوپ-
ماي، تۇرۇپ قاينىتاتتى. لەگپۇڭ ئۇيۇتاتتى...

— قارىم غوجام، — دېدى بىر جۈمە كۈنى
ئانىسى، قۇتپىدىن قارىم چۈشلۈك تاماققا
ئولتۇرغاندا. خەيرىگۈل « ئازنا » قىلىپ،
ئانىسى قېشىغا كەتكەنىدى، — سىلىگە بىر
خۇشخەۋەر ئېيتايمۇ؟

ئەمدىلا بىر قوشۇق ئاشنى ئاغزىغا ئەپ-
كېتىۋاتقان قۇتپىدىن قارىم قوشۇقنى يان-
دۇرۇپ پوراچقا سېلىپ، ئانىسىنىڭ تەبەس-
سۇملۇق چىرايىغا تىكىلدى ۋە مىيىغىدا
كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ئېيتسىلا، ئانا، — دېدى.

چولپانخان ئوغلىنىڭ تېخىچە ئۇستىرا
تەگمىگەن يۇمران ساقال ـ بۇرۇتى ۋە ئۆ-
زىگە ئۇمىد، قىزىقسىنىش بىلەن تىكىلىپ
تۇرغان يوغان ـ يوغان قاپقارا كۆزلىرىگە

چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن تىكىلگىنىچە:

— دېسەم، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرىدىلا؟ —
دەپ سىرلىق كۈلۈمسىرىدى.

— نېمە دېسىلە شۇنى بېرەي، ئانا خې-
نىم!... — قۇتپىدىن قارىم بالىلىق چېغىدى-
كى شوخلۇقىنى قىلىپ، ئانىسىغا يېقىنراق
سۈرۈلدى ۋە بوينىغا گىرە سېلىپ، مەڭ-
زىنى مەڭزىگە ياقتى، كۆزلىرى ئانىسىنىڭ
ئاغزىغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى.

— ۋىيەي، ماۋۇ قوتازنى! — دېدى ئانا
قەستەن خاپا بولغاندەك چىرايىنى ئۆز-
گەرتىپ، قوللىرى بىلەن ئوغلىنى ئۆزد-
دىن نېرىراق قىلىشقا تىرىشىپ، ـ بىر با-
لىغا ئاتا بولاي دەپ قالغاندىمۇ، سەتلى-
شىپ ئادەمگە سۈۋۈشۈپ يۈرگىنىنى!... نې-
رى ئولتۇر، سەت كالاچ! ...

« كالاچ » قۇتپىدىن قارىمنىڭ لەقىمى
ئىدى. ئۇ مەدرىسكە كىرگەندىن بۇيان،
ھېچكىممۇ ئۇنى بۇ لەقەم بىلەن چاقىرىپ
باقمىغان، بولۇپمۇ ئانىسى زادىلا ئاغزىغا
ئېلىپ باقمىغانىدى. ئەكسىچە، ئۇنى پەقەت
ياش قورامىغا يەتكەن كىشىلەرلا مۇشەررەپ
بولالايدىغان «سىلە-ئۆزلىرى» دېگەنگە ئوخ-
شاش ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن چاقىرىپ كې-
لىۋاتاتتى. مانا بۈگۈن ئۇنى ھەم «سەن»
لىدى، ھەم «كالاچ» دەپ ئەركىلەتتى. دې-
مەك، ئانىسىنىڭ كۆڭلىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز
بىر خۇشاللىق بار. بۇ خۇشاللىقنىڭ ئىز-
ناسى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇ-
رۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خۇشاللىق چو-
قۇم ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك!

قۇتپىدىن قارىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.
شۇ تاپتا ئۇ، ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئې-
سىدىن چىقىرىپ، دۇنيادا ئانىسى بىلەن
ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوقتەك، بولسىمۇ،
ئۆزلىرىدەك بەختلىك ئانا ـ بالا يوقتەك

بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئانىسىغا تېخىمۇ مەھكەمرەك يېپىشتى. ئۇنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ سۆيدى. ئانا بىردەم قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ، ئاخىر ئۇنىڭ رايىغا كۆندى.

— ئەستا جۇمۇ، ماۋۇ بالىنى! — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن، — مۇشۇنداق شوخلۇق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، ھېچنىمىنى دىمەيمەن، بىكار!...

— دېسىلە، ئاناخېنىم! — قۇتپىددىن قارىم يۈزىنى ئانىسىدىن سەل يىراقلاشتۇرۇپ، چاقچاق ئارىلاش يالۋۇرۇشقا باشلىدى، — ئەمدى شوخلۇق قىلمايمەن... مانا، رۇكۇغا ئولتۇرغاندەك ئەدەب بىلەن ئولتۇرسامغۇ دەرلا!؟

ئۇ شۇنداق دەپلا ئانىسىنى قويۇۋەتتى-دە، ئىككى غېرىچچە كەينىگە سۇرۇلدى ۋە چىرايلىق يۈكۈنۈپ، قوللىرىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ، ئانىسىغا ئاجايىپ ئېللىق نەزەر بىلەن تىكىلىپ ئولتۇردى. ئانا ئۆزىنى تۇتالماي، بىر ھازا قاھقاھلاپ كۈلدى. كۈلكە ئارىسىدا، ئوغلىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىلغىنە ئۇرۇپمۇ قويدى ۋە:

— خەيرى خېنىمنىڭ بويىدا قاپتۇ، قارىم غوجام! — دەپ بايىقىدىنمۇ بەكرەك كۈلۈپ كەتتى، — مەن تېخى ئىككىڭلارنىڭ بالىسىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. تۇل-غېرىبلىقىمغا، خۇدايىم مەقسىتىمگە يەتكۈزۈپتۇ ئەمەسمۇ!...

ئۇ: «مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن سۆزنى قىلىپ بولۇپلا، قۇتپىددىن قارىمىنىڭ پېشانىسىگە بىر نەچچىنى سۆيۈۋەتتى. ئەكسىچە، قۇتپىددىن قارىمىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز تىپچەكلەپ، دېمى كېسىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئانىسىدىن ئېھتىمالىرىدۇر سورىماقچى بولدى-يۇ، دېمەكچى بولغان گېپى بوغۇزىدىن سىرتقا چىقمىدى. مېڭىسى مۇزلاپ قالغاندەك، بىرەر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ چامىسى يەتمىدى. ھېلىدىن ھېلىغا تۈكۈرۈكىنى «غۇرت-غۇرت» يۇتاتتى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. كۆزلىرى قەيەرگىدۇر تىكىلەتتى. ئاخىرى ناھايىتى تەسلىكتە:

— راستمۇ؟ — دېيەلىدى.

— راست بولمامدىغان، قارىم غوجام! — دېدى ئانا مەغرۇر ئاۋازدا، — خەيرى خېنىمنىڭ قورسىقى ئۈچ ئايلىق بولۇپ قاپتۇ... تووۋا دەيمەن، تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇرنىنى ئېيتالمايدىغان بالىلارخۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بالىلىق بولسا...

ئانا ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. قۇتپىددىن قارىم ئۇنىڭ دەسلەپ ئېيتقانلىرىنى زېھنىن قويۇپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، كېيىنچە، ئۇنىڭ زادى نېمە دېگەنلىكى قۇلىقىغا كىرمىدى. كىرسىمۇ كىرگەندۇ، لېكىن ھېچنەرسە ئېسىدە قالمىدى. ئېسىدە قالدى دېيىلسە، «خەيرى خېنىمنىڭ قورسىقى ئۈچ ئايلىق بولۇپ قاپتۇ» دېگەن بىرلا جۈملە بولدى. قۇتپىددىن قارىم ئۇيان ئۆرتۈپمۇ، بۇيان ئۆرتۈپمۇ مۇشۇ بىر جۈملە ئۈستىدىلا ئويلىناتتى. ئويلىغانسېرى كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا، بېشى قېيىشقا باشلىدى. يەنە بىردەم مۇشۇنداق ئولتۇرسا، بىر يېنىغا «لەسسىدە» قىڭغىيىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، ئانىسىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشىگىلا:

— ئامىن، — دەپ، دۇئاغا قول كۆتەردى. بۇ ھالدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ئانا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قولىنى دۇئاغا كۆتەردى-يۇ، تىلىنى باشقۇرالماي قالدى:

— غوجام، ئاشنى ئىچمىدىلىغۇ! ئوخشىماپتۇمۇ-يا؟

— ئوخشاپتۇ... — قۇتپىددىن قارىم چۈشى-

ئىكىسىز بىر نېمىلەرنى غودۇڭشىغىنىچە قول-
لىرىنى يۈزىگە سۈۋاپ ئورنىدىن قوپتى، -
جۈمەنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، مەسچىتكە
باراي...

قۇتېمىدىن قارىم پەگادىن ئۆرۈلۈشنى ئې-
لىش ئۈچۈن ئېگىشكەندە، ئانا ئۇنىڭ چى-
رايىدىن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان دېلى-
غۇللۇقنى كۆردى. «تووۋا، نېمە ئىش بۇ؟ -
دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ، - بۇ بالا ھېچ-
قاچان قىلىپ باقمىغان بىر قىلىقنى قىلدى-
يا بۈگۈن ... داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ،
ئورنىدىن قوپۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ - ئا-
خىرى ئۆز سوئاللىغا ئۆزى جاۋاب بەردى،-
ھە راست، خۇشاللىقتا خۇدىنى يوقى-
تىپتۇدە! ۋاي جېنىم غوجام، ۋاي جې-
نىم قوزام... ئەجەبمۇ ئەدەبلىك
بالا بولۇپتىكەنسەن... ئاغزىمدىن گەپنىڭ
ئۇچى چىقىپ بولغۇچە، شەلپەردەك قىزدىرىپ
كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، بىچارىنىڭ!...
بىرنى دېسەم، ئۇننى دەپ ئاغزىمنى غېرىچ-
لايدىغان بېتىمسىز - بەدقىلىق بالا بولۇپ
قالسا قانداق قىلاتتىم؟ ھېلىمۇ يا-
راتقان ئىگەمنىڭ ئالدىدا قىلغان - ئەتكى-
نىم بار ئىكەن، قوينىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش،
قىز بالىدەك سۈلكەتلىك بىر ئوغۇلنى ماڭا
ھەمراھ قىلىپ بېرىپ، دادىسىنى باقى ئا-
لەمگە ئېلىپ كېتىپتىكەن... ئى كەرىمى كەڭ،
قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا، شۇ يېتىم قوزامنىڭ
تېنىنى ساق، ئۆمرىنى ئۇزۇن، چىققان دۆ-
ۋىسىنى تېخىمۇ ئېگىز قىلىپ، جىنازام ئال-
دىدا: ‹ۋاي ئانام› دەپ ماڭغىلى نېسىپ
قىلغايسەن! ئامىن...»

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

بۇ ساندىكى پوۋېست، ھېكايىلەرنىڭ مەس-
ئۇل مۇھەررىرى: **تۇرسۇن نىياز**

---

(بېشى 58 - بەتتە)

« يۈرەكلەردىك كۆيمەمدۇ » ناخشا ئاخى-
رى يېقىنلاشتى ئۇ ئۆي ئەتراپىنى بىر نەچ-
چە قېتىم چۆگىلىدى ناخشا بىر نەچچە قې-
تىم تەكرارلاندى . ھەر قېتىم تەكرارلان -
غاندا مەريەمنىڭ كۆز ياشلىرى باھار يام-
غۇرىدەك تامچىلىدى .

چىكەتكىلەر چىرىلدىدى ، ھۇقۇشلار
سايرىدى ، ناخشا ئايلىنىپ مەريەمگە يې -
قىنلاشتى مەريەم ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى
ئۇ تىترەيتتى .

— بارات !! ناخشا چىپپىدە توختىدى .
ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆكتى . قاراڭغۇ
ئۆڭكۈرلەردىن يانغان مەۋھۇم ئەكس سا -
دالاردەك ئاڭلانغان پۈتكۈل جاھاننى كۈچ
قۇدرەت بىلەن تىترىتىپ چىققان ، پەرىش-
تىلەرنى تىز چۆكتۈرگەن بۇ ئاۋاز باراتنىڭ
ۋۇجۇدىدىن بارلىق سېزىملەرنى تارتىۋال-
دي.خۇددي ئايمۇ ئاسماننىڭ قەھرىدە ھاڭ-
تاڭ بولۇپ توختاپ قالغاندەك ئۇياقتا بىر
قارا سايە تىترەپ تۇراتتى، چىشلىرى كا-
سىلدايتتى . زۇۋانى تۇتۇلغانىدى . بۇياق-
تا بىر قارا سايە... چىشلىرى كاسىلدايتتى.

بارات ، ئاھ بارات ئۇ مەسۇم بالىدەك
كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ خۇددى چوڭ گۇ-
ناھ قىلىپ قويغاندەك قورقۇيتتى . ئارىدا
نەچچە يىللىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى،
بارات ئاق كېيىملىك بۇ پەرى ئالدىدا
چەبدەسلىكىنى يوقاتتى ئۇتوخۇيۈرەك بولدى.

— كىرىپ ئۇخلاڭ ئەتە قويلارنى جاڭ -
گالغا ئېلىپ چىقىسىز - دېدى ئۇ تەستە .

— ياق ، ئارىلىق قىسقاردى.

— سىزنىڭ ئېرىڭىز بار.

— دۇنيا بەك كەڭرىكەن ئەشۇ يىراق
جايلارنى ئېرىم بىلمەس.

— ..............................

— بۈگۈن تورغاي تۇتمىدىڭىزمۇ ؟

— ..............

ئابلىكىم روزى

# قوغۇشۇن توزۇندىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ...



ئۆمرىنىڭ يېرىمى سېختا ـ ئىشچىلىق بىلەن ئۆتكەن چالا ساۋات ئادەملەر ئارىسىدا ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ياكى باشقا ناملار بىلەن مەشھۇر بولغانلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئىلىم ـ پەننىڭ مەلۇم تۈرىنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات يارىتىپ، مەملىكەت بويىچە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەنلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. 1991ـ يىلى 5ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن تالانت ئىگىلىرى» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ باقسىڭىز، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى بىلىسىز. ئازادلىقتىن بۇيان، تۇنجى قېتىم ئىلمىي بېرىلگان «مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان مۇنەۋۋەر خادىملارنى بايقاپ تاللاش پائالىيىتى» دە تاللاپ چىقىلغان 1795 كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە ئىش ئىزلىرى ئوقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان بۇ كىتابتىن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئاددىي ئىشچى، مەزكۇر كىتابنىڭ 910 ـ، 911ـ بەتلىرىدىكى ماۋۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بېقىڭ:

«(ئۇ) 1950 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا ھەرپ تىزىش ئىشچىسى، «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا ئىشچى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مەخسۇس بەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، يېزىقچىلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى، ئاخباراتچىلىق ئىلمى، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى قاتارلىقلارغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. 1958 ـ يىلدىن بۇيان، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 60 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئوچېرك ئېلان قىلغان. ئىككى ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «يىللار» ناملىق رومانى 1987ـ يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «ئوغۇلخان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى 1990ـ يىلى شىنجاڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ھەم بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. «قاپاق تېرەكلىك ھويلا»، «ئوخشىمىغان تەقدىر»، «جالالىتىنىڭ تۆۋىسى»، «تۆھمەت»، «كىچىك كارۋان» قاتارلىق پوۋېستلىرى «تارىم»،

«كارۋان» قاتارلىق ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان. «كوممۇنىستىنىڭ بۇرچى» ناملىق ھېكايىسى 1981 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، 1989 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ تاللاشتا «ئۇخشىمىغان تەقدىر» ناملىق پوۋېستى «يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1989 - يىلى «جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن. ھازىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىر ئىيەت ئەزاسى...»

ئۇ كىم؟

ئۇ - مەزمۇنى ساغلام، تىلى ساددا ۋە ئاممىباپ، سيوژېت قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەقەلىكى رەڭدار، قىزىقارلىق ھېكايە - پوۋېست، رومانلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان پېشقەدەم يازغۇچى يولداش ئابلا ئەخمىدى.

ئابلا ئەخمىدى (ئەسلى ئىسمى تەلئەت) 1935 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېگىز ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1948 - يىلى تەلئەت ئەينى چاغدىكى يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم — «شىنجاڭ قەشقەر كەسپىي مەكتەپ» كە قوبۇل قىلىنىدى، 1950 - يىلى كەسپىي مەكتەپ قەشقەر سېفەن مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى، تەلئەت شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ئىسمىنى ئابدۇللاغا ئۆزگەرتىپ «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا شاگىرت ئىشچى بولدى. بىراق، ئۇزۇنغا قالمايلا مەكتەپتە گرامماتىكا (جۈملىدىن تىل - ئەدەبىيات) دەرسىنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى. يەنى، ھەرپ تىزىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىلەشتە باشقا تەڭتۇشلىرىنىڭ كەينىدە قېلىپ، روھى جەھەتتە ئازابلاندى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا ئەمدىلىكتە خىزمەتتىن ئايرىلىپ، يېڭىباشتىن بىرەر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبىسى بىلەن بىر ياخشى ھەرپ تىزىش ئىشچىسى بولۇپ يېتىشىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بەزى تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئىشچىلار بىر تەرەپتىن ئۇنى كەسپىي جەھەتتىن ئوبدان يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇپ، مەكتەپتە ياخشى ئۆگىنەلمىگەن دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. سىناپ كۆرۈۋېدى، ئۈنۈمى زور بولدى. ئۇ، بىر يىلغا قالمايلا ئالدىنقى قاتاردىكى ئىشچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئابدۇللا كىتابنى ئامراق دوست قىلىۋالدى، بۇرۇن مەكتەپتە چالا ئۆگەنگەن دەرسلىرىنى ئاساس قىلىپ كىتاب ئوقۇغان بولسا، بارا - بارا قولىغا چۈشكەنلىكى كىتابنى ئالا قويماي ئوقۇيدىغان كىتاب مەستانىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئەدەبىيات ئىدى. ئەدەبىيات ئۇنىڭ زېھنىنى ئاچتى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى.

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ باسما زاۋۇتى (ھازىرقى شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇتى) غا يۆتكىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇللا جەدۋەل تىزىش سېخىغا تەقسىملەندى. جەدۋەل ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا تىزىلاتتى. بۇ، ئابدۇللا ئۈچۈن يېڭى تېخنىكا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ بۇ تېخنىكىنى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇللا بۇ داۋاننى بۆسۈپ ئۆتۈشكە بەل باغلاپ، بىكار ۋاقىت تاپسىلا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، ئىككى يىلدىلا خەنزۇ تىلىدا خېلى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، گېزىت ئوقۇيالايدىغان، جەدۋەللەرنىڭ خەنزۇچە خەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان تېخنىك ئىشچى بولۇپ قالدى. 1953 - يىلى زاۋۇت كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، يۈز نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ئىشچى قوبۇل قىلىندى. زاۋۇتتا بار بولغان باسما ئۈسكۈنىلىرى، تېخنىكا تۇرلىرى نۆۋەتتىكى باسما ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. زاۋۇت رەھبەرلىكى ئابدۇللا قاتارلىق بەش نەپەر ئۇيغۇر، قازاق ئىشچىنى بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىغا بىر يىللىق ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئابدۇللا شىنجاڭدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان يېڭى ماشىنا - ئاپتوماتىك ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسىنى ئۆگىنىشكە تەقسىملەندى. بۇ - ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ مەتبەئەچىلىكىدە ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ھەرپ قۇيۇشتىن ئىبارەت قالاق ئۇسۇلغا خاتىمە بېرىپ، ئاپتوماتىك ھەرپ قۇيۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئابدۇللا بۇ تېخنىكىنى تۇنجى بولۇپ ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆز زاۋۇتى، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇملاشتۇرۇشتا تۇنجى ئۇرۇق بولۇپ قېلىشى لازىم ئىدى. رەھبەرلىكنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئابدۇللا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بېرىلىپ ئۆگەندى. خەنزۇ تىلى ئاساسىنى پۇختىلىدى. شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم شاگىرت تەربىيىلەپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە زاۋۇت بويىچە بۇ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى.

1956 - يىلى ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، چوڭى 13 ياشلىق، كىچىكى بىر ياشلىق تۆت بالا بىلەن تۇل ئانا ئۇنىڭغا مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئابدۇللا «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئائىلىسىنىڭ جىمى يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەمدى ئۇ، بارلىق ياشلىق ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ئىشتىن چۈشۈپلا كىتابنى قولىغا ئالاتتى - دە، ئۇيقۇسى كەلگىچە ئوقۇيتتى. ماكسىم گوركى، نىكولاي ئوستروۋىسكى، ۋۇيۇندۇ قاتارلىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن مەشھۇر تالانت ئىگىلىرى دۇچ كەلگەن ئەگرى - توقاي ھايات يولى بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى بوشاڭلىق، قانائەتچانلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا يولۇقسا، ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئاددىي - ساددا ياشاشنى تۇرمۇش مىزانى قىلىپ، بارلىق زېھنىنى ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە بېغىشلايتتى.

لېكىن، يېڭى كىتابلارنى سېتىۋالالمىغانلىقىدىن مەيۈسلىنەتتى. كېيىنچە ئۇ، بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. تۈرلۈك يوللار بىلەن پۇل تېجەپ، كىتاب - ماتېرىيال سېتىۋالدى. كىنو - تىياتىر كۆرۈشكە ئاتىغان پۇللارغىمۇ كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇدى. ھەر بىر يېڭى كىتاب ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر دۇنيا ئىدى. ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلەتتى، زېھنى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيەتتى ... تىرىشىپ ئۆگىنىش ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، قايسى ئىشقا قويسا، شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالايدىغان، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق تېخنىك ئىشچىغا ئايلاندى. ئەدەبىيات گۈلزارىدىمۇ ئۆز مېۋىسىنى كۆردى. 1958 - يىلى ئۇ «ئابلا ئەخمەدى» دېگەن قەلەم ئىسمى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» دە تۇنجى شېئىرى — «ئېنىمنى كۆرۈپ» نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى - يېڭى مەزمۇندىكى شېئىرلارنى يازدى. ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭ شېئىرغا قويغان تەلىپىمۇ ئۆستى. ئۆز شېئىرلىرىنى باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز شېئىرلىرىدا شېئىرىي پۇراق سۇس، شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي پىكىر چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى سەزگەندە، تولىمۇ بىئارام بولدى. ئاخىرى ئۇ، ئۆزىنىڭ شائىر بولالمايدىغانلىقىغا تەن بەردى. مۇشۇ تەن بېرىش ئۇنى يېڭى بىر يولغا، يەنى پروزا ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىش يولىغا باشلىدى: 1961 - يىلى تۇنجى ھېكايىسى - «دوستلار قايتا دوستلاشتى» گېزىت سەھىپىسىدىن جاي ئالدى. ئابلا ئەخمەدى ئەندى پۈتۈن زېھنىنى ھېكايە ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئىخچام، تىلى چۈچۈك ھېكايىلىرى گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا رادىئودا ئاڭلىتىلىدىغان بولدى. «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش» ناملىق ھېكايىسى 1965 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىغا كۆچۈرۈپ بېسىلدى ۋە بىرلا ۋاقىتتا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دە ئېلان قىلىندى، رادىئودا ئاڭلىتىلدى. بۇ، ئىجادىيەت سەپىرىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ يۈرگەن ياش ھەۋەسكار ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن رىغبەت، پەۋقۇلئاددە مەدەت ئىدى. ئابلا ئەخمەدى خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ چىقىش يولى پروزا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئىشەنچنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم دەرىجىدە نەزەرىيىۋى بىلىم، بىر قەدەر پىششىق بەدىئىي دىت، يېتەرلىك تۇرمۇش بىلىمى ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش، شەيئىلەرگە توغرا باھا بېرىش ئىقتىدارى بولمىسا بولمايتتى. بۇلارغا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى يەنىلا تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق مەشىق قىلىش ئىدى. ئابلا ئەخمەدى ئۆز خىزمىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر چاغدا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتنىڭ

سىنىقىدىن ئۆتكۈزدى. ھەجمى چوڭراق ئەسەرلەرنى يېزىشقا يۈرەكلىك ھالدا تۇتۇش قىلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلى ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، قەلىمىنى بۇرۇقتۇملۇققا چۆمدۈردى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقان چاغدا بولسا، ئۇنىڭ كەسپىمۇ ئۆزگىرىپ، مۇھەررىرلىك شىرەسىگە ئولتۇرغانىدى. مۇھەررىرلىك ئۇنىڭغا نىسبەتەن ناتونۇش كەسىپ بولمىسىمۇ، يەنىلا يېڭى كەسىپ ئىدى. باشقىلارنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرۈشنى ياقتۇرمايدىغان بۇ ئادەم پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش بىلەن ئۇيغۇر ، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى ئاخباراتچىلىق كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ئارقىلىق قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە يارامىلىق مۇھەررىرگە ئايلاندى ۋە بىر گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلىيۇقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مەسئۇل بولغان گېزىت بېتىنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن، گۇرۇپپىدىكى مۇھەررىر ـ مۇخبىر خادىملارنى ياخشى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، يۈكسەك ئاڭ، ئۆتكۈر كۆز، سەگەك مېڭىگە ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى. ئابلا ئەخمىدى بۇ جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلدى. ياشلارنى يېتەكلەش ـ تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلدى. ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداش بىلەن بىر چاغدا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېز ئالغا بېسىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئۇنىڭ مۇناسىپ ئورنى بار. بەزى ئەسەرلىرى خەنزۇچە كىتابخانلارغىمۇ تونۇش.

يېقىندا، ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۇلتۇزلىرى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابلاردىن جاي ئالدى. ئۇنىڭ «كاج بوۋاي»ماۋزۇلۇق ھېكايىسى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «تارىم دولقۇنلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى... يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى 1988ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن پېنسىيىگە چىقتى. گەرچە ئۆزى پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، قەلىمىنى بۇرۇنقىدەكلا ئىشقا سېلىپ، كىتابخانلارغا يەنە بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ھازىر ئۇ «دېھقانىبېشى» ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

بىز كوممۇنىست يازغۇچى ئابلا ئەخمىدىنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىسا سلاشقانلىق شەرەپ گۇۋاھنامىسى» غا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش بىلەن بىر چاغدا، يېڭى ـ يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

داۋۇتجان سەيدىن

# مەزىن ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى

(ھېكايە)



## 1

ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا قاراپ تۇۋلىسا ئاۋاز يەتكۇدەك كىچىككىنە بۇ تاغلىق كەنتتە ئارزۇگۇلنىڭ پايپاق تارتىشى خۇددى بىر ئۆلۈك گۆردىن تېرىلىپ قوپقاندەك داۋراڭ پەيدا قىلدى. كىچىككىنە يېڭىلىق بولسا قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۇقتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر ئەلۋەتتە بۇ يېڭىلىقنىمۇ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشمەي تۇرالمىدى. «نېمە؟ سىدىق مەزىننىڭ قىزى ئىشتانسىز كوچىغا چىقىپتۇ؟ ياقەي پايپاق تارتىپتۇ. ھەي پايپاق تارتسىمۇ بەربىر ئىشتان كەيمەيدۇ - دە!» ئاڭلىغانلار ھەيرانلىق بىلەن ياقىسىنى تۇتۇشتى، تۆۋە دېيىشتى. بەزى ياشلار بولسا ئاللانېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشەتتى. ئىشقىلىپ ئارزۇگۇلنىڭ پايپاق تارتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بۈگۈن كەنتنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىپ كەتتى. ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن سىرتقا چىقمايدىغان، كەنتنىڭ ئەڭ چېتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەما موماي زەيتۇنبۇۋۇمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان نەۋرىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇددى كەنتتە ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈلمىگەن ناشايان ئىشتىن بىرەرى يۈز بەرگەندەك ياقىسىنى چىشلەپ تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇدى.

ئارزۇگۇل كەنتنىڭ جۈمە مەسچىتىنىڭ مەزىنى — سىدىق مەزىننىڭ كەنجى قىزى. ئۇ شەھەردە — چوڭ ئاكىسىنىڭ يېنىدا، دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدۇ. بۇ قېتىم تەتىلدە ئۆيىگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئادەتتىكىچىلا پايپاق تارتىپ قوشنا مەھەللىدىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كۈنى سىدىق مەزىن يىراق بىر يەرگە نەزىرگە بېرىش ئۈچۈن سەھەردىلا ئېشىكىنى مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئانىسى بولسا قىزىنىڭ يۇيۇنۇپ تارىنىپ يارىشىملىق كىيىنىپ شەھەرلىكلەردەك پايپاق تارتقىنىغا قاراپ مەسلىكى كېلىپ كۈلۈپ قويغانىدى. راستىنلا قىزى كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك ئوماق چوڭ بولغانىدى. ئۇ، بۇ يېزىلىقلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، خۇددى شەھەرلىك كېلىندەك خۇش پىچىم، پاكىز، چاققان ئىدى.

«ئەلگە كىرسەڭ ئىلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بې-
لىڭچە» دېگەندەك ھەممە قىلىق - يورۇقى
خۇددى شەھەرلىكلەردەك... «خۇدايىم بەخ-
تىنى بېرەر» دۇئا قىلدى قىزنىڭ كەينىدىن
قاراپ قالغان ئانا.

ئارزۇگۈل ئۆيدىن چىقىپ ئاچىسىنىڭ
ئۆيىگە بارغىچە كەنتنىڭ كالتە مەھەللە با-
زىرىنى ئارىلاپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭغا ئۇچرى-
غانلىكى كىشى پاچىقىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيت-
تى. بەزى قىز - چوكانلار ئەتەي گەپ چى-
قىرىپ «مۇبارەك بولسۇن ئارزۇگۈل، پايپى-
قىڭىز خوپمۇ يارىشىپتۇ» دەپ قويۇشاتتى.
بەزى قېرىسال ئايالار بولسا، ھەيرانلىقى-
نى يوشۇرالماي «ھەي قىزىم چوپ - چوك
تۇرۇپ يالىڭاچ پاچاق تالاغا چىققىنىڭ نې-
مىسى؟ ئىشتان كىيىۋالساڭ بولماسمىدى؟»
دەپمۇ سوراشتى. ئارزۇگۈل بازارغا كەلگەندە
بازاردىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال — باق-
قالدىن تارتىپ، بوتكىچى، ناۋايغىچە ھەم-
مىسى خۇددى باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن
ئاجايىپ غارايىپ بىر مۆجىزاتنى كۆرۈۋات-
قاندەك چەكچىيىشىپ قاراپ كەتتى. ئۇ ھەم-
مەيلەننىڭ ئۆزىگە — پاچىقىغا تىكىلىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، ھۆپپىدە قىزاردى - دە، بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ ئىلدام - ئىلدام ئۆتۈپ كەتتى.

2

بۇ كەنت — قاتمۇ - قات تاغلارنىڭ ئىچ-
كىرىسىگە، كىچىك بىر قولتۇقچىغا جايلاش-
قانىدى. كەنتتىكىلەر ئاساسەن كۆچمەن چار-
ۋىچىلار ئىدى. دىنىي ئېتىقاد كۈچلۈك بول-
غاچقا، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەم-
مىسى نامازنى تەرك ئەتمەيتتى. يېڭىچە ئا-
دەتلەرنىڭ تەسىرى ئاجىز بولغاچقا، تۇرمۇ-
شىدا مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئادەتلەر ئۆز
پېتى داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. پۈتلىرىغا
ئەر - ئاياللىرى ئوخشاش گۈل تىكىلگەن كې-
گىز پايپاق، قارا كۆن چورۇق، بېشىغا ئە-
رەنچە ۋە ئايالچە قوي تېرىسىدە تىكىلگەن
ھەر خىل تۇماق كېيىشەتتى. ئۇلار قەدىمىي
تەلەپپۇزدا - يەرلىك تىلدا سۆزلىشەتتى.
بالىلىرىنى مەكتەپتىن كۆرە موللاملارغا
كۆپرەك بېرەتتى. ئاتىلىرى ئوغۇللىرىنى
ماختىسا: «ھەي، بىزنىڭ ئوغۇل قالتىس
ئەقىللىقتە! ھەپتەيەكنى ھەپتىدىلا تاماملاپ
قۇرئانغا چۈشتى» دېيىشەتتى. ئانىلىرى
قىزلىرىنى ماختىسا «قاراڭلار بۇ قىزىمنىڭ
چېۋەرلىكىگە، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ.
كالىلارنىڭ يېلىنىگە كانىدەك چاپلىشىپ
ھەش - پەش دېگۈچە بىر چېلەك سۈت ساغى-
دۇ. بىر كۈندە كالالامدەك يىپ ئىگىرىدۇ. ئۇن
غۇلاچ پالاس توقۇيالايدۇ. گۈل يۆگەپ تو-
قۇغان چىغلىرىنى كۆرسىڭىز ھەي... ھەي...
گىلەمدىن قېلىشقۇسىز، تۇتقان ئۆيلىرى چې-
نىدەك پاكىز..» دېيىشىپ قىزلىرىدىن سۆيۈنىدۇ.
شۇڭا قىزلىرى ئۇن تۆت - ئون بەشكە كىرەر-
كىرمەيلا ياتلىق قىلىشقا ئالدىرىشىدۇ. بۇ
كەنتتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە قىز بالىنىڭ ساغ-
رىسىغا تۇماق بىلەن ئۇرسا يىقىلمىسىلا بالاغەتكە
يەتكەن ھېسابلىناتتى. ئون يەتتە - ئون سەككىز-
گە كىرگەن قىزلار ياتلىق بولمىسا «چوكىيىپ
كەتكەن» ياكى «ئولتۇرۇپ قالغان» سانىلاتتى.
ئارزۇگۈلمۇ بۇيىل ئون سەككىز ياشقا كىردى.
كەنتتىكى «چوكىيىپ كەتكەن» لەردىن ئى-
دى. سىدىق مەزىننىڭ مەيلىچە بولسا، ئال-
لىقاچان ياتلىق قىلىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن
شەھەردىكى «كادىر» بالىسىنىڭ كاشىلىسى
بىلەن ھازىرغىچە ياخشى. يامان گەپلەرنى
ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇ-
تۇپ يۈرۈيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى قىزىنىڭ بەخ-
تى - پېشانىسى ئوچۇق - كىمن - تاڭ ئوبدان
يەرگە چۈشىدىغان بولدى. سىدىق مەزىن
ئۆتكەن يىلى يۇرتنىڭ كاتتا مۆتىۋەرلىرىدىن

بولـغـان سالاھىـددىـن قـارىم بىلەن قۇدا
بولۇشقا ماقۇللىشىپقويدى. سالاھىددىن قا-
رىنىڭ كەنجى ئوغلـى خۇمارىددىـن گەرچە
مالچى بولسىمۇ،كىچىكىدىن ئاتىسىنىڭ كەي-
نىدە يۈرۈپ دىنىي ئىلىمدە خېلىلا «يېتىشىپ»
قالغان قارى قۇرئان بالائىدى. ئوتتۇز ئىك-
كى پارە قۇرئاننى سۇدەكيادا ئوقۇيتتى.ھەر
نېمە دېگەن بىلەن ئـارزۇگۇلنىـڭ بەختى -
تەلىيى. ئۆزى قارى قۇرئان، ئاغزىدا ئىلىم-
مى بار، ئاتا-ئانىسى ئەھلى مۇسۇلمان ئا-
ئىلىگە كىرىدىغان بولدى. سىدىـق مـەزىن
بۇلارنى ئويلىغاندا كۆڭلى بـۆلەكچىلا ياي-
راپ كېتەتتى. ئەمما بۇ شادلىقمـۇ سـىدىق
مەزىنگە ئاسانلا نېسىپ بولمىدى. دەسلەپتە
سالاھىددىن قارىمىنىڭ چوڭ قـىزى (ئەترەت
باشلىقىنىڭ ئايالى) شاھزادەم ئېغىز ئاچتى.
ئىراق سالاھىددىن قارىم بىلەن خۇمارىددىن
قارىم تازا توغرا تاپمىدى. «ھەي، نەدىكى
قىرىغچە مەكتەپ ئوقۇپ يـۈزىنى داپتـەك
ئېچىپ يۈرۈيدىغان بىر بەئىمان بوسۇغامنى
ئاتلىسا دۇرۇس بولماس» دەپ بېشىنى چاي-
قىدى، تەسۋى سـىرىغاچ سـالاھىددىن قارىم.
«ماڭا ئاشۇ توڭگۇزنىڭ سۈيدۈكى بىلەن چې-
چىنى تارايدىغان بىتەرەت شاياتۇندىن باش-
قىسى تېپىلمامدىكەن؟»دەپ بويۇن تولغىدى
خۇمارىددىن قارىم. ھەر ھالدا بۇ ئائىلىنىڭ
تىزگىنى شاھزادەمنىڭ قولـىدا بـولغاچقا،
ھېچقايسىسىنى ئېغىز ئاچۇرمـىدى. ھەممەي-
لەننى ماقۇل قىلىپ ئارزۇگۇلنىـڭ ئـالدىغا
چاي تاشلىدى. سىدىق مەزىن كـۈتۈلمىگەن
بۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يـوقىتـىپ قويدى.
سالاھىددىن قارىمدەك ئەھلى ئـۆلىما بىلەن
قۇدا بولسا، خۇمارىددىن قارىمدەك پەرىشتە
سۈپەت قارى قۇرئان كۈيئوغۇل بولسا... خۇ-
دايىم ئاجىز بەندەڭنىڭ مۇشكۈلىنى ئـاسان
قىلغايسەن... سىدىق مەزىن ھەر ۋاخـلىق
نامىزىدا ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا دۇئا قىلاتتى.
سالاھىددىن قارىم سىدىق مەزىنگە قىز بـالا
دېگەننىڭ يات يۇرتقا بوي كۆتۈرۈپ بارسا
بولمايدىغانلىقى، پەقەت قىز بالىنىڭ ئەر-
نىڭ خىزمىتىدىلا بولۇشىنىڭ پەرزلىكى، ھۆ-
كۈمەت خىزمىتىدە بولۇشى ئايال كىشى ئۈ-
چۈن راۋا ئەمەسلىكى،شۇڭا ئارزۇگۈلنى ئو-
قۇشتىن قايتۇرۇپ كېلىپ، پات يېقىندا پەرز-
نى ئادا قىلىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇر-
دى. سىدىق مەزىـن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا را-
زىلىقىنى بىلدۈرۈپ سالاھىـددىن قـارىمىنىڭ
تاپشۇرۇقىنى بىجا كـەلتۈرمەكچى بـولدى.
ئىراق ئارزۇگۇلدىنمۇ ئۆتەرەك ئاكىسى قار-
شى چىقتى. ئوغلى سىدىق مەزىننى پاك قى-
لىپ يـولغا سالـدى. سالاھىددىن قارىم بىر
قاتار پېشىنى قاققان بولسىمۇ، يەنىلا شاھ-
زادەمدىن ئۆتەلمەي ئـارزۇگۇلنىڭ ئوقۇش
پۈتتۈرۈشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

3

سىدىق مەزىن دەسلەپتە قىزىنىڭ كېيى-
نىشىگە ئانچە سەپ سېلىپمۇ كەتمىدى. كې-
يىن پايپاق تارتقىنىغا قـاراپ بىر نـەرسە
دېمەكچى بولدى - يۇ، ئالدىنقى يىلدىكى
ئوتتۇرانچى ئوغلى بىلەن بـولغان جېدەل
ئېسىگە كېلىپ لام-جىم دېمىدى.
سىدىق مەزىننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى
ئابدۇسەمەت ئالدىنقى يىلـى تولۇق ئوت-
تۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىدىن ئۆيگە
قايتىپ كەلدى.ئۇ سىدىق مەزىننىڭ كۆزىگە
غەلىتىلا كۆرۈندى. ئۇنىڭ چاچـلىرى ئۆ-
سۈپ سېۋەتتەك بولۇپ قـۇلاق ۋە گـەدەن-
لىرىنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئۈستىگە قىپ-
قىزىل مايكا كىيىۋالغانىدى. پـۇتىدا ئات-
نىڭ كالىنىسىدەك يوغان، يا چورۇقـقا، يا
باجىڭگىرگە ئوخشىمايدىـغان غەلـىتە بىـر
ئاياغ تۇراتتى. سىدىق مەزىننىڭ جۇدۇنى
ئۆرلىدى:

— ھەي گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر، نېمە قىلىق بۇ؟ - دېدى ئۇ ئايىغى بىلەن ئوغلىنىڭ گەدىنىگە تۇرتۇپ - شەھەردە ساتىراش ئۆلۈپتىمۇ؟ ئوغۇللار قىزغا ئۆزگىرىپ قاپتىمۇ؟ نېمە سەتچىلىك بۇ؟...

سىدىق مەزىن تايىقىنىڭ ئىلمىكى بىلەن ئوغلىنىڭ بوينىدىن ئېلىپ پەسكە تارتتى ۋە ئايالىغا ۋارقىرىدى:

— ھەي ئانىسى! ھاڭگىبىقىپ تۇرماي، قايچىنى ئەكەل، مۇنۇ بەغرەزنىڭ كاللىسىدىكى چۇپۇرنى قىرقىپ، ئادەم سىياقىغا كەلتۈرمىسەم، نېمە ئاھانەت بۇ؟

ئۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قايچا بىلەن چېچىنى بىر تۇتام، بىر تۇتامدىن قىرقىدى. ئاخىرىدا ئۇستۇرا بىلەن پاك-پاكىز قىرىپ ئېلىۋەتتى. قىزىل مايكىنى سالدۇرۇپ ئارزۇگۇلگە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇسەمەت ھەپتىگىچە ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى.

بىر كۈنى، سىدىق مەزىن مەھەللىنىڭ يېنىدىكى چىغ دۆڭدە مال بېقىۋاتاتتى. پەستە مەھەللە-ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان دوقىدىكى ھاشىم كاززاپ (سىدىق مەزىن شۇنداق ئاتايتتى) نىڭ رېمونتچىلىق بوتكىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوتكا ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم، ئۇششاق باللارتوپلىشىۋالغانىدى. «كاززاپ - دېدى سىدىق مەزىن بوتكا تەرەپكە قاراپ - شەھەردە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم دەپ بار ئالدامچىلىقنى ئۆگىنىپ كەلدىڭ، باشتا رادىئو، ئۈنئالغۇ ئوڭشايمەن دەپ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ چۆنتىكىڭنى تولدۇردۇڭ، ئەمدىلىكتە سىنقويغۇ دېگەن شەيتاننىڭ ۋەس - ۋەسىسىنى تېپىپ كېلىپ باللارنى يولدىن چىقىرىۋاتىسەن. ئۆزۈڭ مەسچىتكە كىرمىگەننىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىمۇ مەسچىتتىن بەزدۈردۈڭ. موللىلار مەكتەپتىن بالا تالىشىپ ئەۋلادلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ دېگىنىڭچۇ گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر. مىڭ قېتىم ئەزان توۋلىسام دەججالنىڭ نەغمىسىنى بىر قېتىم جىم قىلالمايسەن. مەھشەرگاھتا جاجاڭنى بىرەر ئالاھىم.» سىدىق مەزىن ھاشىم كاززاپنىڭ بوتكىسى تەرەپكە، يەنە قانداق ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتىدىكىن دەپ پات-پات قاراپ قوياتتى. بوتكا تەرەپتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ياشلار ۋە باللارنىڭ كۈلكە ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇساتتىن سىدىق مەزىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ زادى بىر يامان ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى يۈرىكى تۇيۇپ تۇرغانىدى. بوتكا ئالدىدا ئەنە قىزىل مايكا كېيىۋالغان ئابدۇسەمەت كىمدۇر بىرى بىلەن خۇددى چۆجە - خورازلاردەك باز - بازلىنىپ تۇتۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ، سىدىق مەزىننىڭ بىردەم كۆزىدىن نېرى بولغىنىغا قىزىل مايكىسىنى سىڭلىسىدىن تارتىۋېلىپ يەنە كىيىۋالغاندەك قىلاتتى. بىر قانچە كىشى، كىچىك باللار ئەتراپىدا كۈلۈشۈپ تاماشا كۆرۈپ تۇرىدۇ. سىدىق مەزىن قولىدىكى تايىقىنى مەھكەم چاڭگاللىغىنىچە تۆپىلىكتىن مۈدۈرۈپ يېقىلىپ بوتكىغا قاراپ يۈگۈردى. ئەنە، مەھەللىگە يېقىنلىغانچە ئېنىق كۆرۈندى: باز - بازلىشىۋاتقانلار ئابدۇسەمەت بىلەن ھاشىم كاززاپ ئىدى. ئىككىسىنىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەن. خۇددى باز - بازغا سېلىپ قويغان خورازلاردەك دىكىلداپ سەكرىشىپ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرىنى بىر-بىرىگە ئوقتەك ئېتىشاتتى.

— ھاي، بولدى قىلىڭلار، ئۇرۇشماڭلار!— ئاجرىتىپ قويماقتا يوق تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشقىنىنى قارىمامدىغان بۇلارنىڭ،

قانداق جاھان بولۇپ كەتتى... سىدىق مەزىن
يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئوغلىنىڭ بىلىكىدىن
تۇتۇپ چەتكە سۆرىدى. ھاشىم كاززاپنىڭ
مەيدىسىدىن ئىتتىردى.

— ئۇرۇش - تالاش قىلغۇدەك نېمە ئىش
بولدى؟ ئېيتە، مۇشتۇمدەك نېمىگە نېمە
دەپ دۆۋەيلەيسەن؟ سەن كاززاپتىن قا-
چاندا ياخشى ئىش چىقىدۇ؟...

ئەتراپتا تۇرغانلار تېخىمۇ قاتتىق كۈ-
لۈشۈپ كەتتى. سىدىق مەزىن ھەيران قال-
دى. بۇ جاھان راستىنلا بۇزۇلۇپتۇ. ئادەم-
لەرنىڭ كۆڭلىدىن دىيانەت كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— بىز ئۇرۇشمىدۇق - دېدى ئابدۇسە-
مەت تىرىكىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتىمىز.

سىدىق مەزىن كۆزىنىڭ پاختىسىنى چى-
قىرىپ تۇرۇپ قالدى، شۇمۇ ئۇسسۇل بول-
دىمۇ؟ خۇددى باز - بازغا چۈشكەن چۆجە-
خورازلاردەك، غالجىر كېسىلىگە گىرىپتار
بولۇپ نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭلاردەك.
سىدىق مەزىن راستىنلا ھەيران قالدى.

— بۇلار يېڭى زاماننىڭ ئۇسسۇلىنى ئوي-
ناۋاتىدۇ - دېيىشتى ئەتراپتا تۇرغانلار
كۈلكىدىن ئۆزلىرىنى ئاران بېسىۋېلىپ.

— يېڭى زاماننىڭ ئۇسسۇلى شامالغا
ئوينايدىغان ساراڭلارنىڭ ئۇسسۇلىمۇ؟ ئۇس-
سۇل دېگەننىڭ سازى بىللە بولمامدۇ؟

— ئەنە، سازى ئۈنئالغۇدا چېلىنىۋاتىمدۇ؟

سىدىق مەزىن ئەمدى ئېسىنى يىغدى.
راست ئۈنئالغۇدىن ئالا - تاغىل ئاۋازلار
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنى قانداقمۇ
ساز دېگىلى بولسۇن؟ بەئەينى قورۇغداپ
قالغان تۈگمەننىڭ ئاۋازىدەك، دوروق-
دوروق... مايسىرىغان چاقنىڭ ئاۋازىدەك
غىچ-غىچ، غىت-غىت... توۋا، بۇ زاماننىڭ
ئادەملىرىمۇ غەلىتە، سازىمۇ، ئۇسسۇلىمۇ
غەلىتە ...

كۈلكە ئۇزاققىچە بېسىلمىدى، بەلكى بە-
زىلەر كۈلكىسىنى توختىتالماي تېلىقىپ
كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى.

سىدىق مەزىننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، يۈزى
چىمىرىغاندەك بولدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا
ھار كەلدى. بالىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال
بولدى. ئەمدى ئاغزىنىڭ پېشى يوق شال-
لاقلارنىڭ ئاغزىدا سۆز - چۆچەك بولىدۇ...
سىدىق مەزىننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئابدۇ-
سەمەتنىڭ قۇلىقىدىن تۇتقىنىچە ئۆيگە سۆ-
رەپ ماڭدى. «سەن دەۋزىخى، رەزگى چى-
ۋىندەك نەدە مەينەتچىلىك بار شۇ يەردە،
نەدە ناشايان ئىش بار شۇنىڭ ئىچىدە.
مەكتەپكە باردىم، دەپ نامازنىمۇ يىغدىڭ،
ئۆيدە بىر ئوبدان ئۆگەنگەن قارىلىقنىمۇ تاش-
لىدىڭ، سېنىڭ ياغاچ قۇلىقىڭنى يۇلۇۋەت-
مەيدىغان بولسام...» سىدىق مەزىن ئابدۇ-
سەمەتنى قازناقتا قاۋاپ راسا دۇمبالىدى.
ئابدۇسەمەتنىڭ بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتتى.
شۇ خاپىچىلىقتىن كېيىن، ئابدۇسەمەت شە-
ھەرگە ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېتىۋالغانچە يې-
نىپ كەلمىدى. ئاكىسى ئۇنى ياغاچچىلىققا
ھۈنەرگە بەردى. ئۆي ئىچىدە يۈگۈر - يې-
تىمگە بۇيرۇيدىغان ئادەم يوق، سىدىق مە-
زىن مەزلۇمىنىڭ تاپىسىغا قالدى.

4

ئارزۇگۈل تەتىلگە ئۆيىگە كېلىپ، ئۆي
ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، تالا - تۈزگىمۇ
ئانچە كۆپ چىقمىدى. بىر كۈنى ئۇ سوپۇن
ئېلىش ئۈچۈن مەھەللىنىڭ كالتە بازىرىغا
چىقتى. بازار ئادەتتىكىچە بولۇپ پەقەت
ھاشىمجان قويۇۋاتقان سىنئالغۇدىن چىقى-
ۋاتقان ئاۋازلار مەھەللىنى ئالاھىدە جان-
لاندۇرۇپ تۇراتتى. ھاشىمجان ئارزۇگۈلنى
كۆرۈپ سىنئالغۇ قويۇش ئۆيىدىن ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى.

— ئارزۇگۇل — دېدى ھاشىمجان ئۇنىڭ ئايسىزلانغان ھالدا — كەنتىمىزدە كىتابخۇمارلار خېلى كۆپ، لېكىن كىتاب يوق. مەن سىنئالغۇ قويۇش ئۆيۈمگە قوشۇمچە كىتاب قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن. ئۆزۈمدە ھازىرغىچە يىغقان ئازراق كىتابلىرىم بار، شەھەردىن كىتاب سېتىۋېلىپ كەلگۈچە سىزمۇ بار كىتابلىرىڭىزنى ياردەم قىلىپ تۇرسىڭىز، قانداقلا كىتاب بولسا بولىۋېرىدۇ.

— ماقۇل — دېدى ئارزۇگۇل ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئارزۇگۇل ھاشىمجاننى خېلى ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇ كەنتتە بىلىملىك تىرىشچان يىگىت ئىدى.

ئارزۇگۇل شۇ كۈنىلا ئۆيىدىكى بارلىق كىتابلىرىنى يىغىپ يوغان سومكىغا قاچىلاپ، ھاشىمجانغا ئەكىلىپ بەردى. ئارزۇگۇل ھاشىمجاندىن بىكارلانغان سومكىنى ئېلىپ ئەمدىلا قايتاي دەپ تۇراتتى. باياتىن تامنىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرغان خۇمارىدىن قارىم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ھەي ھاياسىز — دېدى خۇمارىدىن قارىم ئارزۇگۇلگە بىگىز قولىنى تەڭلەپ، — سەن كىمنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ كۈپ - كۈندۈزدە يۈزىڭنى داپتەك قىلىپ كوچىغا چىقىشتىن ئۇيالمامسەن؟ بۇ كاززاپ بىلەن قانات - قۇيرۇق سۆرىشىپ نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن مېنى!

— نېمە كارىڭ! — دېدى ئارزۇگۇل غەزەپ بىلەن.

— نېمىشقا كارىم بولمىغىدەك. گەرچە نىكاھ سۈيى ئىچمىسەكمۇ تەقدىر رىسقىمىز بىر پۈتۈلگەن بولغۇسى خوتۇنۇمسەن — خۇمارىدىن قارىم جالاقلاپ تىترەيتتى. يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— تۇفى! — دېدى ئارزۇگۇل خۇمارىدىن قارىمغا قارىتىپ ۋە يۈزلىرىنى چاڭگاللىغانچە ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

— سەن داپ يۈزنى ئالمايمەن، ئالمايمەن — خۇمارىدىن قارىم ئارزۇگۇلنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى ۋە يېنىدىن پىچىقىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھاشىمجانغا ئېتىلدى. — سەن كاززاپنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام خۇمارىدىن بولماي كېتەي، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن...

خۇمارىدىن قارىم بىلەن ھاشىمجان ئۇپۇر - توپۇر بولۇشقان كىشىلەر ئارىسىدا قالدى، «پاق - پۇق» قىلغان ئاۋاز بىلەن خۇمارىدىن قارىمنىڭ مەخسۇمچە تۇمىقى بىر يانغا، پىچىقى بىر يانغا ئۇچۇپ كەتتى. خۇمارىدىن قارىمنى بىر نەچچە كىشى يۆلەپ چەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ھۆكرەپ يىغلايتتى.

— قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتتى... كاللامنى يېرىۋەتتى... ۋايجان...

## 5

سىدىق مەزىن قۇمباغ مەھەللىسىدىن تويدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە قاپاق تېرەكنىڭ شېخىغا قونۇۋالغان بىر قاغا «غارق - غۇرق» قىلىپ غاقىلدىغىلى تۇردى. «ئاغزىڭغا تاش بېشىڭنى يېگۈر» دېدى سىدىق مەزىن قاغىغا قاراپ ۋە «خىت...ت» دېگىنىچە ئېشىكىنىڭ ساغرىسىغا تاياق سانجىدى. شۇ ئارىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا مەھەللىدە «ئۇزۇن قۇلاق»، «گەپ ئانىسى»، «تېلېفونچى» دېگەن ئۇنۋانلىرى بىلەن مەشھۇر زەينەپخان پەيدا بولدى. ئۇ سىدىق مەزىنگە شىرەم تۇغقان كېلەتتى. زەينەپخان سىدىق مەزىن بىلەن ئەھۋاللاشقاچ ياندىشىپ ماڭدى.

ــ مەزىن،ـ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا خۇدـ
دى بىرەردىن يوشۇرغاندەك،ـ بىزنىڭ
ئارزۇگۇل قىزنىڭ ئىشىنى دەيمەن. پايپاق
تارتىم دەپ نەددىكى قىلىقنى قىلىپ يۇرـ
گىنى ئاز كەلگەندەك ھېلىقى ھاشىم سولـ
تەك بىلەن بۇلۇك ـ پۇچقاقلاردا ئىچـپەش
تارتىشىپ يۇرگىنىنى قارىمامدىغان. بۇسـ
لە ـ بىزنىڭ يۇزىمىزگىمۇ، سالاھىددىن قاـ
رىمنىڭ يۇزىگىمۇ سەتچىلىك دېسلە، مانا
ئەمدى خۇماردىن قارىم بىلەن سالاھىددىن
قارىم ئارزۇگۇلنىڭ بۇقىلىقلىرىنى ئېغىر ئېلىپ
نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئەۋرىتىنى ياپمايدىغان
بىھايانى بوسۇغىمىزغا يولاتمايمىز دەپتۇ.
شاھزادەمنىڭمۇ پەيلى بەك ئوسال ...

ــ نېمە ... نىيىتىدىن يېنىپتۇ ...؟ ـ سىـ
دىق مەزىننىڭ بېشىدىن كىرگەن ئوت تاـ
پىنىدىن چىقىپ كەتتى. سۇكۇتىشىپ كىلىـ
ۋاتقان زەينەپخان بايىقى قاغىندەك شۇمـ
لۇقتىن خەۋەر بېرىپلا قاياققىدۇر غايىـپ
بولدى. سىدىق مەزىننىڭ نەپسى قىسىلىپ
بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. خىزىر ئـەۋلىيا
سۇپەت سالاھىددىن قارىمنىڭ دىلىغا ئـازار
بېرىش سىدىق مەزىن ئۇچۇن پـەيغـەمبەر
ئـەلـەيھىسسالامغا ئازار بەرگەندەك ئىش
ئىـدى.

سىدىق مەزىننىڭ بېشى قېيىپ كـۆڭـلى
ئايىنىپ ئېشەكنىڭ ئۇستىدە ئـاران ئولتۇـ
راتتى. ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇپ نەدەكېتىۋاتـ
قانلىقىنى ئىلغا قىلالمايتتى.

ــ مەزىن! ـ يىلاننىڭ چىقىرىشىدەك بۇ
ئاۋازدىن مەزىن چۆچۈپ ئالدىغا قارىدى.
ئالدىدا ـ سالاھىددىن قارىمنىڭ چوك قىزى
شاھزادەم قوللىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوينىك
قۇيرۇقىدەك لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىگە قوـ
يۇۋالغان ھالدا غادىيىپ تۇراتتى . سىدىق
مەزىننىڭ تېنى شۇركىنىپ كەتتى. دېمىسىـ
مۇ شاھزادەم بىر ئۆزى جاھانغا تېتىيدىـ
غان، بوراندەك زۇۋانى بىلەن يۇرتقا ئوت
قويىدىغان ئايال ئىدى. شۇڭا مـەھەللىدە
«ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىتى يـامان، ئىتىـ
دىنمۇ خوتۇنى » دېگەن گەپلـەر تـارقالغاـ
نىدى.

سىدىق مەزىن ئالمان ـ تالمان ئېشىكـ
نىڭ چۇلۋۇرىنى تـارتتى ۋە ئىگىلىپ ساـ
لام بەردى. شاھزادەم سالامغا پەرۋامۇ قىلـ
ماي، پېتىنى بۇزماستىن سۆز باشلىدى.

ــ مەزىن ـ دېدى ئـۇ ئېغىزلىرىنى پۇـ
رۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ـ ئۆزلىرىنىڭ ئىززىتىنى
قىلىپ دادامنىڭ ئۇلپىتى بىلىپ ھېلىـقى
نايناق خېنىملىرىغا ئېغىز ئاچـقانىـدۇق.
مانا ئەمدى «ئىتىنىڭ كاللىسىنى پـەتنۇسقا
ئالسا يۇمىلىنىپ يەرگەچۇشۇپتۇ» دېگەندەك
ئىززىتىنى بىلمىگەن بۇ داپ يۇزلىرى ئىشـ
تانسىز كوچىغا چىققاننىڭ ئۇستىگە تـالا ـ
تۇزدە ئېگىز ـ پەس دەسسەپ خـۇمـاردىن
قارىمنىڭ بېشىدىن ئاتلىغىلى تۇردى. سىلى
مەزىن. قىمارۋاز بەڭگىلەرمۇ بالـىـلىرىنى
بۇنچىلىك بىھايا چوك قىلغـان ئـەمـەس.
ئەمدى بىز، مەزىن قىزىنى ئـۆزىنىڭ لايىـ
قىدا ئوغرى ـ كاززاپ تاپامدۇ، قـىمارۋاز
بەڭگى تاپامدۇ، ئۇستەك ئورنىدا بىرىۋالار
دەپ ئۆتكەنكى سۆزىمىزدىن يـاندۇق. خۇـ
ماردىن قارىم قىزلىرىنى تۇكۇرگەن تۇكۇـ
رۇكى، سېسىق پايتىمىسى ئـورنىدا تاشلىـ
ۋەتتى. يېپيېقلىق تاۋاق يېپيېقلىق پېتى قالـ
سۇن. خوش ...

سىدىق مەزىننىڭ ئاغزى قـۇرۇپ بەدەنـ
لىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى. ئۇ بىر نېـمـە
دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەن بولـ
سىمۇ، لېكىن تىلى تاشتەك قېتىپ قالغـان
بولۇپ ، بوغۇزىـغـا كەپـلىشـىـپ قالغانـ
دەك ئاۋازى چىقمايتتى. ئۇ خۇددى تۇمان

ئىچىدە قالغاندەك ھېچ نېمىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شالاققىدە چاچراپ چۈشكەن تۇكۇرۇك ۋە جالاق ــ جۇلۇق قىلىپ غەزەپ بىلەن يېپىلغان ئىشىك غۇۋا ئەكس ئەتتى.

سىدىق مەزىن ئۆيىدە بۇنچىلىك خورلىنىپ باقمىغانىدى. زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان ھاقارەت خەنجىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە رەھىمسىزلەرچە قادالدى. ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆكسى چىڭقالدى. «ئاھ پەرۋەردىگار ــ دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ ــ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مېنىڭدىن نېمە كۇپۇرلۇق ئۆتتى؟ ماڭا كۆرسىتىدىغان يەنە قانداق كارامەتلىرىڭ باركىن؟ بالا دەپ ئاتا قىلغىنىڭ بالايى قازامۇ؟ ھەممىلا پېشكەلچىلىك مېنىڭ پۇتۇمغا پۇتلىشامدۇ؟ ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاھ خۇدا ...» سىدىق مەزىننىڭ كىرپىكلىرى نەملەشتى. چارلاشقان ساقال باسقان ئۇچلۇق ئېڭىكى يېنىك تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئىچ ــ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەت قىيانلىرىنىڭ يىغا دولقۇنلىرىنى غۇرۇر ۋە نومۇس توسىملىرى توسۇپ بولالمايتتى. سالپاڭ قۇلاق قارا ئېشەك ئاستا كېتىۋاتاتتى، سىدىق مەزىن ئېشەك ئۈستىدىمۇ، پىيادىمۇ، ئولتۇرامدۇ، ئۆرىمۇ بۇنى سەزمەيتتى.

6

ئېگىز ئاسماندا ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق ...

ئارزۇگۈل باغدىكى ئېرىق بويىدا كۆڭلىكىنى بېلىگە تۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتقاچ كىر يۇيىۋاتاتتى.

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ئېتىڭگىنى ياپ بەدبەخت! ــ سىدىق مەزىن ھاسىسىنى كۆتەرگىنىچە باغقا ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچىيىپ، قارىقى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ پېشانىسى ۋە يۈزلىرىدىكى پىچاق ئىزىدەك يول ــ يول سىزىقلار ئۇنى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى جەرەنگە ئېتىلغان يولۋاسقىلا ئوخشايتتى.

ئارزۇگۈل چۆچۈپ كەتتى ۋە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئېتەكلىرىنى چۈشۈردى. سىدىق مەزىننىڭ ئارقىسىدىن ئۇلىشىپلا ئارزۇگۈلنىڭ ئانىسىمۇ كىردى.

ھاي، دادىسى ئاچچىقلىرىڭغا ھاي بەرسىلە، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولماس.

ــ بۇ ھاياسىزنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتىمەن، بۇ بىئىمانىنىڭ پايپىقىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن ــ سىدىق مەزىننىڭ ئاۋازى زەردىلىك ۋە تىترەڭگۈ ئىدى. ــ ھۇ گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر، ھۇ گەپ ئاڭلىماس ساپال قولاق ...

ئۇ ئۆزۈم بارىڭى ئاستىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز «غى ــ غى ــ غىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سىدىق مەزىن شۇنداق قارىۋېدى،

كۆڭگۈرا ئۈستىدە بىر مېكيان چىللاۋا-
تاتتى. ئۇ ھاسىسىنى تاشلاپ غىلىپىدىن
شارتتىدە پىچىقىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— مېكيانىنى تۇت! بوغۇزلىۋېتىمەن! با-
لايى قازانىڭ ھەممىسىنى يوقىتىمەن ...!

موماي مىكيانغا يېقىنلاپ بېرىۋىدى
«ۋاقاق» قىلىپ پۇررىدە ئۇچۇپ ئۈزۈم
بارىڭى ئۈستىگە چىقىۋالدى. سىدىق مە-
زىن ئۈزۈم بارىڭىغا ياماشتى.

— بوغۇزلىۋېتىمەن، بالايى قازانى
يوقىتىمەن ...

سىدىق مەزىن ئېگىزلىگەنسېرى مىكيانمۇ
چەللە باراڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

— ھاي، دادىسى ئاۋايلىسىلا ...

«شالدىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەكچەل-
لە باراڭنىڭ ئۈستىگە چىققان سىدىق مە-
زىن شاخ شۇمبىغا قوشۇلۇپ گۈلۈپپىدە
يەرگە چۈشتى.

— دادىسى ... دادا ...

ئانىسى بىلەن ئارزۇگۈل تەڭلا سىدىق
مەزىننىڭ ئۈستىگە يوپۇشتى. مەزىن توپا-
تۇمان، شاخ-شۇمبىنىڭ ئارىسىدا ئىگىر-
غىنىچە ياتاتتى.

— ۋاي بېلىم، بېلىم ئۈزۈلۈپ كەتتى،
ئومۇرتقام سۇنۇپ كەتتى ... ۋايجان ......

— سىدىق مەزىن كۆزىنىمۇ ئاچماي ئىگىرد-
ماقتا ئىدى.



داۋۇتجان سەيدىن 1963- يىلى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يې-
زىسىدا تۇغۇلغان، 1978- يىلىدىن1981- يىلىغىچە قىزىلسۇ قىرغىز
ئاپتونوم ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىننىڭ گۈزەل سەنئەت سىنىپى-
دا ئوقۇغان. ھازىر ئويتاغ يېزىسىدا مائارىپ سېپىدە ئىشلەيدۇ.
داۋۇتجان سەيدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن
باشلاپ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ، مەشق ئەسەرلىرىنى
يېزىشقا باشلىغان. «قار» ناملىق تۇنجى شې-
ئىرى 1982- يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە ئاپتونوم را-
يونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنىڭ 120 پارچىدىن ئارتۇق شې-
ئىر ۋە ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. 1990- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر
قىلغان «تاغدىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ «تاغ
گۈلى» ماۋزۇسى ئاستىدا بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر قىزىلسۇ
قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.

— تەھرىردىن

ئەكبەر غولام



# ئاي كۆيۈپتۇ

قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىمنى ئەسلەش ئۈچۈنمۇ ياكى ئەينى يىللاردا يۇتتۇرۇپ قويغان شېرىن چۈشلىرىمنى قايتا تېپىۋېلىش ئۈچۈنمۇ، نېمە سەۋەبتىن ئالدىراپ - تېنەپ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يولنى ئەگىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي، سەل گاڭگىراپ قالغانىدىم.

يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئەخەت قادىر مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى بۇ يەردە قايتا تەربىيە ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بۇ كىشى دادۇي ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. مەلۇم سەۋەبلەردىن ئەينى يىللاردا ئىككىمىزنىڭ ئېپى كېلىشمەي ئارىمىزدا ئانچە - مۇنچە غۇملار ساقلىنىپ قالغان. بىراق بۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، بوگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلاردىن ئازراقمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

ئىككىمىز گويا قەدىناس دوستلاردەك سەمىمىي ھەم قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ئەخەت شۇجى مېنى ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە باشلاپ، گۆش ۋە ھاراق بىلەن مېھمان قىلدى. گالغا ئىككى - ئۈچ رومكا ھاراق قېقىلغاندىن كېيىن، ئىككىمىز تەڭ ئاز-تولا قىزىپ قالدۇق.

— ئۆمەرجان، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىپ كەلگەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، ناھايىتى ياخشى يېزىۋاتىسىز، قەلىمىڭىزدە

زور ئۈمىد بار. بىز ئايتاملىقلار ئۆز ئۈپ-رازلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەينى ئەكس ئەتكەنلىكىنى ئۇخلاپ چۈشىمىزدىمۇ كۆرمىگەنىدۇق. بىراق سىز، مۇھىم بىر كى-شىنى ئەسىرىڭىزگە كىرگۈزمەپسىز — دېدى ئەخەت شۈجى ناھايىتى ئەپسۇسلانغانىدەك قىلىپ.

— كىمنى دەيسىز؟ — مەن قىزىقىپ سورىدىم.

— كىم بولاتتى؟ بۇ كىشىنى ئۆزىڭىز مەندىن ئوبدانراق بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ ئۆز ۋاقتىدىكى ئايتامنىڭ ئاي قىزى بولمامدۇ؟

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سەل جى-غىلداپ قولۇمدىكى ھاراق رۇمكىسى قىڭ-غىيىپ، يېرىمى شىرەگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

— راست گەپنى قىلسام، بۇ ئىشتا مې-نىڭ مەسئۇلىيىتىم بار. ئەگەر... ھەي، ئەم-دى نېمە دېگۈلۈك؟

— ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ، بۇ ئىشلارنى تەگەپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇ چاغلار-دا ھەممىمىز ياش ئەمەسمۇ؟...

— شۇنداق، «ياشلىق - بەڭباشلىق» دېيىشكەن، ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز ياش ئى-دۇق. — ئەخەت شۈجى يەنە بىر رۇمكا ھاراق-نى «گۆپپىدە» كانىيىغا ئۇرۇۋېتىپ، قى-زارغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ - بۇ قې-تىم ئايقىزنى بىرەر قېتىم يوقلاپ قويارسىزا-دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

شۇ كېچىسى مەن ئەخەت شۈجىنىڭ ئۆ-يىدە قونۇپ قالدىم. بىراق پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى، ئاستا ئۆيدىن سىرتقا چىقتىم.

كۈمۈش تاۋاقتەك تولۇن ئاي، سۈزۈك ئاسماندا نازاكەتلىك نۇرىنى پۈتۈن جاھان-غا چېچىپ تۇراتتى. يىراقلارغا سوزۇلغان كۆك ئۆستەڭ رېتىملىق شارقىراپ ئېقىپ، كىشىگە بىر خىل ھوزۇر بېغىشلايتتى. شې-رىن ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسلىتەتتى. بۇنې-مىدىگەن تونۇش سەھرا كېچىسى - ھە؟ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ماڭا گويا ئاي نۇ-رىدا قايتا كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

1

شۇ يىللاردا نەدىن كەلگەن كۈچ - قۇد-رەت ئىدىكىن، بىر كۈن جاپالىق ئىشلەپ كېلىپ، ئاخشاملىرى يەنە دادۈي ئىشخانى-سىغا يىغىلىپ، ئىككى سائەت ئويۇن تەييار-لايتتۇق. قىز - ئوغۇللار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىر كۈنلۈك ھاردۇقىمىز چىقىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا، مېنىڭ ئائىلە تەركىبىم سەل يۇقىرى بولغاچقا، بىللە يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلاردىن كېتىدى-غىنى كېتىپ، بۇ يەردە مەن يالغۇز قالغان-دىم. ئەسلىدە دادۈي ئىشخانىسىغا كېلىپ ياتسامبۇ بولاتتى، بىراق بىرسىنى ئويۇن تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈنلا ھەر كۈنى بەش چاقىرىم يولنى ئارتۇق باساتتىم. ياتاققا قايتىپ كېلىپ، سوغۇق يوتقانغا دۈگدۈرەپ كىرەت-تىم - دە، تۆگۈلۈپ يېتىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆزۈمنى ئىسسىتالمايتتىم. ناۋادا باشقا بىر-سى بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ مۇنداق جاپا چەكمىگەن بولاتتى. بىراق مەن بۇنىڭغارا-زى ئىدىم، چۈنكى مەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قو-يىدىغان بۇ كىشى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئايقىز ئىدى.

شۇ يىللاردا ئايقىز ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزىغا قايتىپ، قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ياشلار قاتارىدا ئەم-گەك قىلاتتى. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتىكەن. بى-راق يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «سې-سىق زىيالىي» دەپ قارىلىپ تون يورۇماس-تا ئىشقا چىقىپ، يۇلتۇز چىققاندا ئۆيگە

قايتىپ كېلەتتى. بۇ ئىشقا كۆڭلۈمدە نارا-
زى بولساممۇ، بىراق ئامال يوق ئىدى .
ئايقىزمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، چاپا-مۇ-
شەققەتتىن قورقماي، چاپالىق ئىشلەپ، ئۆ-
زىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېزا
كادىرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكچى
بولاتتى.

كېيىنچە ئايقىز بىزنىڭ تەشۋىقات دۆ-
يىگە قاتناشتى. بۇ تەشۋىقات دۈيىمىز ئە-
مەلىيەتتە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى
بولۇپ، ئېتىز ئىشلىرى ئالدىراش چاغلاردا
ئۇششاق نومۇرلارنى، سەل ئاربسالدى چاغ-
لاردا چوڭ - چوڭ نومۇرلارنىمۇ تەييارلايت-
تۇق، ھەتتا شۇ زاماندىكى ئىنقىلابىي ئۆل-
گىلىك جىڭجۈي تىياتىرلىرىنىڭ پارچىلى-
رىنىمۇ تەييارلاپ، ھېيت - بايراملاردا
يېزىمۇ - يېزا يۈرۈپ، دېھقانلارغا ئويۇن قو-
يۇپ بېرەتتۇق.

مەن ئۇ چاغدا تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئى-
جادىيەتچىسى بولۇپ، ۋەزىيەتكە باغلاپ ھەر
خىل مەزمۇنلاردا قوشاق توقۇپ، تېكىست
يېزىپ بەرسەم، باشقىلار ئۇنى سەھنىدە
ئوينايتتى. گاھىدا ئاپتونوم رايوندىن، ۋى-
لايەتتىن، ناھىيىدىن بىرەر باشلىق كېلىپ
قالسا، ئۇلارنى قارشى ئېلىش مەزمۇنىدا
بىر نېمىلەرنى يازاتتىم. مەن مانا مۇشۇن-
داق ئالاھىدىلىكىم بىلەن ئېتىز ئىشلىرىغا
كۆپ چىقماي، ئاز - تولا ئاسان تۇرمۇش
كەچۈرەتتىم. بەزىدە ئايقىزمۇ ماڭا ياردەم-
لىشىپ، بىر نەرسىلەرنى يېزىشىپ بېرەتتى.
ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن يازغان تېكىست-
لەرنى كونا ئاھاڭلارغا سېلىپ سەھنىدە
ئېيتاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككىمىز
باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بىرگە بولات-
تۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بەزى ياشلار بىز-
گە قىزغىنىشلىق نەزەرلىرىنى تاشلاپ، بىز-
گە ئالاھىدە قارىشاتتى.

مەن ئۇ چاغلاردا يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە
تۆتلەرگە كېلىپ قالغانىدىم. مەھەللىدىكى
يېشى مەن بىلەن تەڭ ياشلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، بالى-
لىرى تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ، مەھەللە
ئارىلاپ ئويناپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا يېزى-
دىن ئۆيلىنىپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ قال-
سام شەھەرگە قايتىپ كېتەلمەيمەن تەسكە چۈ-
شىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنسەممۇ، بىراق
كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يەنىلا مۇشۇ يەرگە
تارتىشاتتى. بىر كۈنى مەن « داجەي چې-
چەكلىرى » ناملىق بىر پارچە لەپەر يېزى-
ۋاتاتتىم. ئايقىز كەينىمدىن ئاستىغىنە كې-
لىپ، بېشىمنى خۇددى ئاققۇنىڭ بويىنىدەك
ئۇزۇن سوزۇپ، يېزىۋاتقان قەغىزىمگە قا-
رىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈلگەن
ئىككى تال سۇمبۇل چېچىنىڭ ئۇچى دەل
گەجگەمگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ۋۇجۇدۇمدا
ئىختىيارسىز ھالدا بىر خىل يېقىملىق تۇي-
غۇ پەيدا قىلدى. يۈرۈكۈم گۈپۈلدەپ سو-
قۇپ، قولۇمدىكى قەلەمنى تاشلاپلا ئۇنى
چىڭ قۇچاقلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى. بىراق زا-
دىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇ كېچىسى يوت-
قاندا يېتىپ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆ-
رۈلۈپ، زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى، ئاخىرى
تالاغا چىقىپ، كۆك ئۈستەڭنى بويلاپ ماڭا-
ماڭا، تاڭ يورۇي دېگەندە قايتىپ كېلىپ
ئۇخلاپ قالدىم.

راست گەپنى قىلسام، ئايقىز مەھەللى-
دىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىنمۇ ئەمەس، ئۇ-
نىڭدىنمۇ گۈزەل، چىرايلىق قىزلاردىن يەنە
بىر - ئىككىسى بار ئىدى. شۇ قىزلاردىن
بىرى ماڭا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىدە
بولۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ
قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى. مەن

هەر قېتىم ئايقىز بىلەن بىرگە تۇرغان چاغـ
لىرىمدا ئۇ، ھەسەتتە يانغان كۆزلىرى بىـ
لەن بىزگە قاراپ قويـاتتى. بىـراق مەن
ئايقىزنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ، باشقا قىزـ
لاردىن پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە بـولمىـسىمۇ
لېكىن كىيىم ـ كېچـەكلىرىنى يارىشىملىق
پاكىز ھەم رەتلىك كىيەتتى. ئىككـى تال
ئۆرۈلگەن چېچىنى گايىدا چىرايلىق قىلىپ
چېكىسىگە بانتىلىۋالاتتى. ئـاي يۈزىگە ياـ
راشقان قېپ ـ قىزىل مەڭزى ۋە بىر جـۈپ
لىۋى خۇددى پىشىپ يېتىلگەن تاغ جىنەسـ
تىسىدەك كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى.

مەن ھەر كۈنى ئايقىز بىلـەن بىللە بوـ
لۇشنى خالايتتىم. پەقەت ئـۇ يېنىمدا بولـ
سىلا، ھەر قانداق ئېغىر ئەمگەكمۇ ماڭا يېـ
نىك تۇيۇلاتتى. ئۆستەڭگە تاش يېـيىتقان
چاغلاردا يوغان ـ يوغان خادا تاشلارنى بىرلا
كۆتۈرۈپلا ئاپىرىۋېتەتتۇق. گاھىدا ئىككىمىزـ
نىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ قالسا،
خۇددى بەدىنىمگە توك ئۆتۈپ كەتكەنـدەك
پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جىغىلداپ كېتەتـتى. مۇـ
شۇنداق چاغلاردا، ئايقىز ماڭا تـەبەسسۇم
بىلەن قاراپ ئىككى مەڭزى تاۋلىنىپ پىشـ
قان توغاچتەك قىزىرىپ كېتەتتى. مەن ئۇـ
نىڭ بۇ كۈلۈشلىرىدىن ياشلىقنىڭ گۈزەلـ
لىكىنى، ھەم جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىكى
بىر خىل شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارنى سېزىـ
ۋالاتتىم. بىر كۈنى ئىشتىن يانغاندا، كەچـ
كى شەپەق نۇرى پۈتۈن يېزىنـى قىـزغۇچ
رەڭگە چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. ئايقىز مۇرىسىـ
گە كەتمەننى سېلىپ ماڭا قاراپ كېـلىۋاـ
تاتتى. ئۇنىڭ قىزىل ھىلال ياغلىقى شەـ
پەق نۇرىدا گويا بىر پارچە چوغدەك جۇلاـ
لىنىپ تۇراتتى. شۇ چـاغ بەدىنىم بىردىنلا
قىزىـپ، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىرخىل
شېرىن تۇيغۇ، مېڭەمدىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىـ
غىچە ئۆتۈپ، خۇددى چەت ئەل كىنوفىلىملىرىـ
دىكى يىگىتلەردەك يۈگۈرۈپ بېـرىپ، ئۇنى
قانماي ـ قانماي، باغرىمغا بېسىپ، جىنەسـ
تىدەك مەڭزىگە سۆيگۈم كېلىپ كەتتى.

لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۇ مېنـى ياخشى كۆـ
رەمدۇ ـ كۆرمەمـدۇ؟ بۇنـى تېخـى تولۇق
بىلمەيتتىم. چۈنكى مەن بۇرۇن بىـرەر قىز
بىلەن يۈرۈپ باقمىغان، ئۇنـىڭ ئۈستىگە
مېنىڭ نەزىرىمدىكى مۇھەببەت پەقەت كىـ
نو ۋە رومانلاردىكى مۇھەببەتلا بولۇپ، ئايـ
دىڭ كېچىلەردە، رەڭگا ـ رەڭ گـۈللەر ئېـ
چىلغان باغلاردا، يىگىت قىزغا: «مەن سىزـ
نى سۆيىمەن!» دېسە، قىـزمـۇ يـىگىتكە:
«مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن!» دەپ، ئىكـكى
لەۋنىڭ ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىـرىگە يېـ
قىنلاشقىنىدەك مۇھەببەتلەردىن ئىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئـويـۇن
تەييارلاش تۈگەپ، ئايقىزنى ئۆيىگە ئـاپىـ
رىپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. كۆكتىـ
كى تولۇن ئاي گويا مۈكۈشمەك ئويناۋاتـ
قاندەك بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ ـ چىقىپ،
سۈتتەك نۇرىنى گاھ چېچىپ، گاھ يوقىتىپ
تۇراتتى. ئايقىزنىڭ ئۆيى ئۈچىنچى مەھەلـ
لىدە مېنىڭ تۇرغان جايىم ئىككىنچى مەھەللىدە
ئىدى. كەنت بىلەن ئايقىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىـ
قى كەم دېگەندە بەش چاقىرىم كېلەتتى.

— سىزنىڭ ھېلىقى گېزىتتە ئېلان قىلىـ
غان ھېكايىڭىزنى ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز
بىزگە ئوقۇپ بەرگەنىدى ـ دېدى ئايقىز توـ
ساتتىنلا يولدا كېتىۋېتىپ، ـ كېيىن ئۇقسام
بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى سىز ئىكەنسىز.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ خۇشال ھالدا
ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— مۇئەللىمىمىز بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى
قايتا تەربىيىگە چۈشكەن بىر زىيـالى ياش
دەپ بەرگەنىدى. كېيىن سـاۋاقـداشلىـرىم

سىزنىڭ دەل بىزنىڭ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ، مەندى كۆپ سوراشتى. بەزىلەر سىزنى ئىنتايىن سىپايە، چوڭ زىيالى ئىكەن، دەپ بىلگەنىدى...

— ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، بۇ ھالىمغا قاراپ چوقۇم ئۈمىدسىزلىنىپ ھەيران قالاتتىغۇ، دەيمەن؟

— نېمە دەپ ھەيران قالاتتى؟ مېنىڭچە ھەيران قالمايدۇ!

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دېگەندەك، سىزنىڭ غايىڭىز زور، كېلىچەككە بولغان ئىنتىلىشىڭىز كۈچلۈك، بىر ئادەم ھاياتىدا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكنىلا ئويلىسا بولمايدۇ - دە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قەلبىمدە بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولغاندەك بولدى. قەدىمىمنى توختىتىپ، ئايقىزغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ قالدىم. ئۇمۇ قەدىمىنى توختىتىپ، خىجىل بولغاندەك سورىدى:

— نېمە بولدى؟

— ......

ئاي نۇرىدا، ئايقىز شۇنچە گۈزەل، شۇنچە پاك، شۇنچە نازاكەتلىك، كىشىنىڭ قەلب تارىلىرىنى تىترەتكىدەك ھالەتتە كۆرۈنەتتى. ئۆمرۈمدە شۇنچە كۆپ گۈزەللەرنى كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئايقىزغا تەڭ كېلەلمەيتتى. مەن ئۈن - تۈنسىز ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم، پەقەت يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بەدىنىم تىكەنلىشىپ، بىردىنلا تىترەك ئولاشقاندەك بولدى.

— ئا ... ئايقىز!

شۇ چاغ بۇ ئىسىمنى قانداق ئاغزىمدىن چىقارغىنىمنى بىلمەيمەن، بۇ ئىسىم گويا ھاۋا پىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— مەن ... مەن ......

ئاغزىم گەپكە قولاشماي، تېخىمۇ بەك تىترەپ كەتتىم.

— ئۆمەرجان ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟ - سورىدى ئايقىز مەندىن جىددىي ھالەتتە.

— مەن...

— نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋەرمەمسىز! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېيىشەلمەيدىغان نېمە گەپ بار؟ - دېدى.

ئايقىزنىڭ بىر جۈپ كۆزى ياقۇتتەك چاقناپ، ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئاۋازىمۇ نازاكەتلىك ھەم شېرىن ئىدى، تەبەسسۇم كۈلكىسى كىشىنىڭ ئەس - ھۇشىنى يوقاتقىدەك ھالەتتە ئىدى.

— مەن...

— دەڭا...

ئايقىز يەنىلا تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. بىر جۈپ شەھلا كۆزى تېخىمۇ نۇرلانغاندەك قىلاتتى. مەن بۇ كۆزلەردىن ئىلھاملىنىپ، دۇتارنىڭ تارىسىدەك تىترەپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىم بىلەن قەلبىمنى ئىزھار قىلدىم!

— ئايقىز، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن! ئىككىمىز توي قىلايلى!

ئايقىز مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك، ھەتتا مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگەندەك: «ياق!» دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى چىڭ ئېتىۋالدى.

ئايقىزنىڭ مەندىن خاپا بولغانلىقىنىمۇ ياكى خىجىل بولغانلىقىنىمۇ، ياكى ناز قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ زادى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ «ياق!» دېگەن سۆزى گەرچە ناھايىتى پەس ئاۋازدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، بىراق قۇلىقىمغا ناھايىتى روشەن ئاڭلاندى. ئوتتەك

قەلبىم بىراقلا سوۋۇپ، خۇددى بىر گۇناھ-كار ئادەمدەك جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم،خى-جىللىقىمدىن ئۆزۈمنى - ئۆزۈم ئەيىبلەپ، «كىشىنىڭ خىياللىدىمۇ يوق بىر ئىشقا... مەن زادى نېمە بولدۇم؟» دېگىنىمچە كەي-نىمگە بۇرۇلۇپلا يۈگۈردۈم. ئايغىزنىڭ كەي-نىمدىن ۋارقىراپ-جارقىرىغانلىقىمۇ قۇلى-قىمغا كىرمىدى. مەن پەقەت كۆك ئۆستەڭ-دىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

2

ئەخەت شۇجى ئەسلىدە مەن بىلەن بىرگە ئايىتام يېزىسىغا بارماقچى بولغانىدى، بىراق ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يېزىلىق ھۆ-كۈمەت كاتىپى ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن نا-ھىيىدە يىغىن بارلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەخەت شۇجى ئامالسىز ماڭا كۆپ ھۆزۈر خالىق ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ۋېلسىپىتى-نى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— يېزىمىزدا نەچچە يىللاردىن بىرى خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ،-دېدى ئۇخوشلىشىۋېتىپ،-يەنىلا شۇئېتىزلار، شۇ ئۆستەڭلەر، شۇ يوللار. سىز ئېزىپ قال-غىدەك ھالەتتە ئەمەس. كەنتكە تېلېفون بېرىپ قويايمۇ دېسەم، تېلېفون بۇزۇلۇپ قالغىلى نەچچە ئاي بولدى، پوچتا ئىدارى-سىنى ئوبدان رازى قىلالمىغانلىقىمىز ئۈ-چۈن ھېلىغىچە ياساپ بەرمەيۋاتىدۇ. مە-ھەللە كادىرلىرىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، ئۇلار سىزنى ئوبدان كۈتۈۋالسۇن!

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ،شارقىراپ ئېقىۋاتقان كۆك ئۆستەڭنى بويلاپ، ئۇزۇن-غا سوزۇلغان ھارۋا يولى بىلەن مېڭىپ كەتتىم. توپ - توپ قوي - كالىلار تاڭ قۇياشقا چۆمگەن كەڭ يايلاقلاردا،ئۆستەڭ بويلىرىدا، ئېتىز ئارىلىرىدا بىخارامان ئوتلاپ‌يۈرەتتى. ساپ ھاۋا، سۈپ - سۈزۈك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، يېشىل ئېتىزلار مەن-دەك ئۇزۇن مۇددەت ئېگىز - ئېگىز بىنا-لارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ، ئىس - تۈ-تەكلەرنىڭ پۇرىقىدا ئىسلىنىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولغان شەھەردە ياشاپ‌كەل-گەن بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا،بەجايىكى جەننەت ھوزۇرى ئىدى.

لېكىن ئاشۇ زامانلاردا، بۇ گۈزەل ما-كاندا ئەخەت شۇجى بىلەن ئېپىمىز كېلىش-مەي ئۆتۈپ كەتكىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئارىمىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ تۈگۈنى‌يەنىلا ئايغىز ئىدى. ئايغىز ئۇ چاغدا مەھەللىدى-كى بىردىنبىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە قىز بولۇپ، كەنت پار-تىيە ياچېيكىسى ئايغىزدىن زور ئۈمىد كۈ-تۈپ، ئۇنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلايلى، دەپ ئويلاشقان-دا، دەل ئەخەت شۇجى چىرايلىق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ:

— ئايغىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇ-قىرى بولغان بىلەن ئىدىيە جەھەتتە يۇقى-رى بولۇشى ناتايىن، ئادەتتە كىتابنى‌كۆپ ئوقۇغان كىشىنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن زىيالىي ياش-لار شەھەردىن بۇ يەرگە كېلىپ، بىز كەم-بەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قاي-تا تەربىيىسىنى ئالىدۇ؟ بۇ ئۇلۇغ داھى-مىز ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى، بۇنى بىز ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ئايغىز ئالدى بىلەن ئەمگەك ئۆتكەلدىن ئۆتەل-سە، سىناپ كۆرۈپ ئاندىن بىر نېمە دې-يىشمەمدۇق! - دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئايغىزنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئور-نىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى ئەخەت شۇجى ئۆزىنىڭ شۇجىلىقىدىن باش-

قا ھېچقانداق جەھەتتە ئايقىزغا يەتمەيتتى. ئەخەت شۈجى، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، دەپ ماختانغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە داۋاملىق كىشىلەرنىڭ كۈلكە ـ شاخخوسىغا قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ، رادىئودىن «دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم مۇۋۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈنئىي ھەمرانى ئاسمانغا چىقاردى» دېگەن خەۋەرنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىۋېلىپ، دەرھال ياشلارنى يىغىپ خوشخەۋەر يەتكۈزۈپ:

— يولداشلار، ئۇلۇغ پايتەختىمىز بېيجىڭدىن ئەڭ، ئەڭ زور خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراسى پارتلاپتۇ!ـ دېگەندە ياشلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ھەي، ئەخەت شۈجى، سۈنئىي ھەمرا پارتلايدىغان ئاتوم بومبىسى ئەمەس، سۈنئىي ھەمرا دېگەننى ئاسمانغا قويۇپ بېرىدۇ!ـ دېيىشتى، ئۇ خىجىللىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

بىراق مەن ئادەتتە ئۇنى يەنىلا ھۆرمەتلەيتتىم. ئۇ ناھايىتى ئىشچان بولۇپ، ئەمگەكتە ھەر قاچان ياشلارغا ئۈلگە بولالايتتى. ئۇ كۆتەرگەن يوغان خادا تاشلارنى ھېچكىممۇ كۆتۈرەلمەيتتى. بىراق ئايقىزغا ھېلىقىدەك ئىچى تارلىق قىلىپ قويغاچقا، كېيىنچە كۆزۈمگە ئانچە ئېسىل كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

3

ئالدىمدا بىر دۆڭ بار ئىدى. دۆڭنى ئاتلاپ ئۆتسەملا ئايتام يېزىسىغا يېتەتتىم، مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ يېتىلەپ ماڭدىم، كۈن نۇرى خېلى كۈچلۈك ئىدى، پۈتۈن بەدىنىم تەرلەپ چارچىغاندەك قىلدىم. قەدىمىنى توختىتىپ ئازراق ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇردۇم.

يېزا مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ئىدى. بىپايان كەتكەن ئېتىزلاردا ھەر خىل زىرائەتلەر كۆكلەپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز تىراكتورنىڭ «پاق ـ پاق» قىلغان ئاۋازى ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، قۇيرۇقىدىن قويۇق قارا ئىس چىقارغان پېتى مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى، يېقىن كەلگەندە شوپۇرغا سىنچىلاپ قارىغانىدىم، يۈرىكىم بىردىنلا ئۇنى تونۇغاندەك بولدى. ئۇ دەل ئايقىزنىڭ ئاكىسى ئابدۇراخمان ئىدى. ئۇمۇ مېنى تونۇپ، تراكتورنى ئالدىمغا ھەيدەپ كەلدى.

— ۋاي، بۇ ئۆمەرجان ئەمەسمۇ؟ قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟ ـ ئابدۇراخمان تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ، مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى خېلى رەتلىك، جايىدا بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى خاراب ئەلپازى يوق ئىدى. ئۇ سەممىي ھەم قىزغىن ھالدا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يانچۇقىدىن تاماكىنى چىقىرىپ ماڭا بىر تالنى سۇندى.

— ئاڭلىسام يازغۇچى بولۇپ كېتىپسىز، نېمە دېگەن تەلەيلىك ئادەمسىز، ئايتامنىڭ سۈيى يارىشامدۇ، نېمە ھېلىقى ئۇرۇمچىدىكى ئاتاغلىق يازغۇچى، شائىر مەخمۇت ئەپەندىمۇ مۇشۇ ئايتاملىق.

— يازغۇچى، شائىر دېگەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئادەمغۇ؟!ـ مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردىم.

— ياق، ياق قانداقمۇ ئوخشايدۇ؟ بىزدېگەن كەتمەن بىلەن ئېتىشىدىغان دېھقان، سىلەر دېگەن كادىر، ياقكادىردىنمۇ ئېسىل ئادەملەر، ئايغىڭلار توپا دەسسىمەيدۇ،

بېشىڭلارغا ئاپتاپ چۈشمەيدۇ، قانداقمۇ بىزگە
ئوخشايسىلەر!
ــ ياق، هازىر سىلەردىن نوچى ئادەم
يوق، هازىرقى زامانىمىڭ دېهقانلىرى كادىر-
دىن باي، ھەممىدىن خىزمەتچىلەركەمبەغەل،
قارىمامسىز، ھەيدىشىڭىز تراكتور، بىزچۇ؟-
مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئىڭىكىم بىلەن يېنىمدى-
كى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كوناۋېلىسىپىت-
نى ئىشارەت قىلدىم.
ــ بۇ «پاق - پاق» دېگەن نېمىتى؟ ھا-
زىر بىرنەچچە ماشىنىسى بارلار بار-دېدى.
ــ بۇنى ئۆزىڭىز سېتىۋالغانمۇ؟ - مەن
قول تراكتورىنى كۆرسەتتىم.
ــ ھەئە، ئۆتكەن يىل تۆرت مىڭ يۈەن-
گە سېتىۋالغان، كېلەر يىللىرى مەنمۇ بىر
ماشىنا سېتىۋالاي، دەۋاتىمەن. بۈگۈن تە-
مىنات كوپراتىپىغا مالغا مېڭىپ قايتىمەن ،
بولمىسا مەھەللىمىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قو-
ياتتىم، يا بولمىسا كەينىمگە يېنىپ ئاپىرىپ
قويايمۇ؟- دېدى ئابدۇراخمان ماڭا قاراپ.
ــ ياق، ياق! ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت!
بىرەر ئالدىراش ئىشىم بولمىغاندىكىن ئال-
دىرىماي يېتىۋالىمەن، يېقىن قالدىغو ! -
دېدىم.
ــ ھەئە، يېقىن قالدى، يەنە يېرىم سا-
ئەتكە قالماي يېتىپ بارىسىز. مېنىڭ ئۆ-
يۈم يەنە ھېلقى ئىككى تۈپ قېرى جۈجەم
دەرىخىنىڭ كەينىدە. بىراق كونا ئۆيلەرنى
چېقىۋېتىپ، يېڭى ئۆي سېلىۋالدىم، ئۇدۇل
بىزنىڭ ئۆيگىلا بېرىڭ، مەن پېشىمگە قال-
مايلا قايتىپ كېلىمەن. ئۆيدە ساقلاپ قوي-
غان ئالى سورتلۇق ئىلى داچۇ بار، بىرەر
بوتۇلكا ئېچىپ ئوبدان مۇڭدىشىمىز. ئاي-
قىزمۇ ئۆيدە بار ــ دېدى.
ــ ئايقىز بارمۇ؟ - سورىدىم سەل دۇ-
دۇقلىغان ھالدا.

ــ بار، بار، بىراق ...بۇ ئىشلارنى نېمە
دېگۈلۈك؟ بارسىڭىز، ئۇقىسىز، يەنە بۇرۇن-
قى جايدا، ھېلقى تەمىنات كوپراتىپىدا ئىش-
لەيدىغان ھوشۇر توختىنىڭ ئۆيىنى بىلسىزغۇ؟
مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
قانداقتۇر ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايغىنى
بىرسى ئۈزۈپ قويغاندەك
يەنە ئاغزىنى مىدىرلاتقاندەك قىلدى - يۇ،
«پاق - پاق» نى ئوت ئالدۇرۇپ كېتىپ
قالدى، مەن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كې-
تىۋاتقان «پاق - پاق» قا قاراپ، كۆڭلۈمدە
بىر خىل ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. ئايقىز
زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب ئۇنىڭ ئاك-
سىمۇ «بۇ ئىشلارنى نېمە دېگۈلۈك؟» دەي-
دىغۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئايقىز پەقەت ئاكىسى ئۆ-
چۈنلا...
شۇ يىلى ئايتامدا سوغۇق ناھايىتى
قاتتىق بولۇپ، قار بەكلا قېلىن ياغقانىدى.
قىش كىرە - كىرمەيلا ئەتراپ ئاپئاق كېگىز
يېيىپ قويغاندەك قار بىلەن تول-
غانىدى. ئېتىزدا قىلىدىغان ئىش يوق،
ياتاق سوغۇق، قالاي دېسە كۆمۈر يوق. بىر
كۈنى مەن ماخۇدىن يوغان بىر سېۋەت سا-
مان ئەكېلىپ كاڭغا ئوت قالاپ، ئوتنىڭ
كۈلىدە ياڭيۇ پۇشۇرۇپ يەپ ئولتۇرغىنىمدا،
ئابدۇراخماننىڭ گايت سالى دەيدىغان يې-
قىن بىر ئاغىنىسى ئۈستى - بېشى قار يا-
تىقىمغا كىرىپ كەلدى.
ئۇ چاغدا ئابدۇراخمان مەندىن بىر -
ئىككى ياش چوڭدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دا-
دىسى ئاغرىقچان بولۇپ، يېتىپ قالغىنىغا
بىر نەچچە يىللار بولغانىدى. ئۆي - ئېتىز-
نىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئابدۇراخمانغا قاراش-
لىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايقىزنى تو-
لۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇتىمەن دەپ، ئۆيلى-
نەلمەي يۈرگەنىدى. ئاغىنىسى گايت سالى

ئاللىبقاچان ئۆيلىنىپ ئىككى بالىلىق بو-
لۇپ كەتكەن.

گايىت سالى ئۇستى - بېشىدىكى قارلار-
نى قېقىۋېتىپ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ
يېنىمدا ئولتۇردى، ئىككىمىز بىرەر تالدىن
موخۇركا چېكىشتۇق، گايىت سالى سۆزىنى
باشلىدى.

— ئۆمەرجان، بۇگۈن بىر ئىش بىلەن
كېلىۋېدىم، بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك مۇھىم ئىش، ياردەم قىلىسىڭىز! -
دېدى.

— قولۇمدىن كەلسىلا ئەلۋەتتە ياردەم
قىلىمەن! - دىدىم.

گايىت سالى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ئەلۋەتتە قولىڭىزدىن كېلىدۇ، بىرىنچىد-
دىن سىز كۆچ سەرپ قىلمايسىز، ئىككىنچىدىن
يېنىڭىزدىن بىر سىنت چىقمايدۇ، سىزدىن
كېتىدىغىنى پەقەتلا بىر ئېغىز گەپ-دېدى.

— ھېلىغۇ بىر ئېغىز ئىكەن، ئون ئېغىز
بولسىمۇ مەيلىغۇ، گەپ قىلغانىغا ئېغىز ئۇپ-
راپ قالاتتىمۇ؟ - دېدىم.

— سىزمۇ بىلىسىز، ئايىقىزنىڭ ئاكىسى
ئابدۇراخمان توي قىلالماي بويتاق يۈرگىلى
ئۇزۇن بولدى، دادىسىنىڭ كېسىلى كۈندىن-
كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، پۈتۈن ئا-
ئىلىنىڭ ئىشى پەقەت ئابدۇراخمانغىلا قا-
راشلىق، ئايىقىز بولسا قىز بالا، ئۇنىڭدىن
باشقىلىرى تېخى كىچىك. دادىسى ئابدۇ-
راخماننى ئۆيلەپ قەرزىمنى ئادا قىلسام،
دەپ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋا-
تىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز تەرەپنىڭ توي-
لۇقى بەكلا ئېغىر ئىكەن، تويلۇق ئۈچۈن كەم
دېگەندە ئىككى-ئۈچ مىڭ يۈەن كېتىدىكەن.
ئۇلارنىڭ بۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن
توي قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، دېگىنىڭىز راست، پۈتۈن

بىر ئائىلىنىڭ بىر يىللىق دارامىتى مىڭ
يۈەنگە يەتمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر
ئائىلە ئادەم يېمەمدۇ، ئىچمەمدۇ، بۇنچىۋالا
تويلۇقنى قانداق تۆلەيدۇ؟ - دەپ
ھېسداشلىق قىلدىم.

— شۇنى دېمەمسىز، تام تېشىپ ئوغۇر-
لۇق قىلغىلى بولمىسا، ئابدۇراخماننىڭ
يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ
كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ
ئىش توغرىسىدا بېشى قېتىپ، ئاخىرى ئا-
مال قىلالماي، ئايىقىزنى ياتلىق قىلىپ،
ئۇنىڭ تويلۇق بەدىلىگە ئاكىسىنى ئۆيلەپ
قويايلى، دەۋاتىدۇ - دېدى گايىت سالى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى بەدىنىمگە توك
ئۇرغاندەك سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەت-
تىم. گايىت سالى ماڭا يۈز كېلەلمىگەنھالدا
يەرگە قاراپ خېلى ئۇزاققىچە جىم ئولتۇ-
رۇپ قالدى. ئوچاقنىڭ ئۆچۈپ قالغان ئوتى-
دىن سۇس ئىس چىقىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ-
پۇشقاقلىرىدا لەيلەپ تۇراتتى.

گايىت سالى يەنە بىر تال موخۇركا ئو-
رىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئايىقىزغىمۇ لايىقىنى تاللاپ قويۇپتۇ. ھې-
لىقى يېزا تەمىنات كوپىراتىپىدىكى ھو-
شۇر توختىنى بىلىسىزغۇ، گەرچە ئۇنىڭ
يېشى سەل چوڭراق بولغىنى بىلەن، قان-
داقلا بولمىسۇن، ھەر ئايدا بەش تەڭگە
مائاش ئالىدىكەن، ئۇ كىشى ئايىقىزغا ئەلچى
ئەۋەتىپ تويلۇق ئۈچۈن تۆت - بەش مىڭ
يۈەن بولسىمۇ بېرىشكە قۇدرىتى يېتىدى-
غانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئايىقىز بۇ ئىشقا
قەتئىي قوشۇلماي، نەچچە كۈندىن بىرى
يىمەي - ئىچمەي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەل-
ۋەتتە، بۇ ئىش ئايىقىز ئۈچۈن ئېغىر كېلى-
دۇ. بىراق بۇنداق قىلماي ئامال قانچە؟ -
دېدى گايىت سالى بېشىنى ساڭگىلىتىپ،

قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ.

تالادا قار يەنە لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان شىۋىرغاننىڭ ئاۋازى گويا بىرسى يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. قەلبىمنى بىرسى خۇددى پىچاق بىلەن تىلىۋاتقاندەك پەرىشانھالدا جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئۆمەرجان، گەپىڭ ئوچۇقىنى قىلماي دولمايدۇ. ئايقىز بىلەن سىزنىڭ مۇناسىۋىتىڭىزنى بىزمۇ ئوبدان بىلگەن يەردە، ئايقىز چۇشىدىمۇ ئۆمەرجان دەپ جۆيلۈيدۇ. ئەگەر بۇ ئىش راستىنلا ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ھەممىمىز رازى بولغان بولاتتۇق. بىراق ئابدۇراخماننىڭ تويلۇقىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەردە بۇ ئىشنى سىز... سىلەرنى ئەتىلا نىكاھ قىلىپ قويساقمۇ مەيلى ئىدى...

مەن ئۆزۈمنىڭ جېنىمنى ئۆزۈم ئاران بېقىۋاتسام، ئاتا - ئانامنىمۇ پومپىشچىكنىڭ ئەۋلادى، دەپ باشقا بىر يېزىغا چۇشۇرۇۋەتكەن تۇرسا، بۇ ئۈچ مىڭ كوي پۇلنى مەن قانداق تۆلەيمەن؟ مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بېشىمنى ئاستا چايقاپ قويدۇم.

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، سىز ئايقىزغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىككى تويىنى كېلىشتۇرۇپ قويسىڭىز! - دېدى گايىت سالى ئاخىرى.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئىنتايىن سالماق ھەم ئاستا ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى خۇددى خەنجەردەك يۈرىكىمگە سانجىلدى. مەن تەلۋىلەرچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، «ياق، ياق!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

گايىت سالى يەنە خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىش ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى. شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم يىغلىۋەتتىم.

بىراق شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئابدۇراخماننىڭ باغرىمۇ تاش ئەمەس، ئەگەردە ئۇنىڭ قولىدا توي قىلغۇدەك ئىقتىسادى بولغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ ئۆز سىڭلىسىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن سىڭلىسىنى قۇربان قىلمىغان بولاتتى.

ئۆچكەن ئوتنىڭ ئىسسىمۇ قالمىغانىدى. پەنجىرىگە مۇز باغلاپ، شىۋىرغان بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردىن تېشىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى باشقىدىن سوغۇق قىلىۋەتكەنىدى.

ھەي، قىش! پۈتۈن ئالەمنى مۇزلىتىپ، يۈرەكنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن زىمىستان قىش! سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز!؟

مانا شۇنداق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئايقىزنى ئىزدىمەكچى بولدۇم، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

ھېلىقى ئىككى تۈپ قېرى جۇجەم دەرىخى، گويا ھەممىگە گۇۋاھ بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن جىن چىراغنىڭ غۇۋا شولىسى كۆرۈنۈپ، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن جىن چىراغنىڭ پىل - پىل قىلىپ يېنىپ تۇرغان شولىسىغا قاراپ ئۇزاقلارغىچە تۇردۇم.

ئايقىزنى كۆرسەم نېمە دەيمەن؟ زادى نېمە دېيىشىم كېرەك، قۇرۇق گەپكە ئاكىسىنىڭ تويلۇقى كېلەمدۇ؟...

شۇ كۈنى سىرتتا يېرىم كېچىگىچە چۆگىلەپ يۈردۈم. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار سوغۇق نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى، شىۋىرغان ھەدەپ گۈكىرەيتتى. ئاپئاق قارلار ئاياغ ئاستىمدا غاچىلداپ خۇددى بوۋاقلاردەك ئىڭرايتتى. تۇيۇقسىز ئايقىزنىڭ بىر قېتىم

ماگا: «بىز سەھرا قىزلىرى نېمە دېگەن بىـ
تەلەي ـ ھە!» دېگەن سۆزى قايتا ئاڭلانـ
غاندەك بولدى.

......

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئەخەت شۇجى
مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇنىڭ ئاتكاچـ
لىق، دەبدەبىلىك، جىددىيلىك چىقىپ تۇرـ
غان ئەلپازىدىن نارازى بولغان بولسامۇ،
بىراق ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن
ئەنسىرىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ زىيالى ياشلار
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىـ
قى دېگەن تاجىسى تېخى بار ئىدى (ئەمەـ
لىيەتتە يالغۇز مېنىلا باشقۇراتتى).

ــ ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، ئابـ
دۇراخمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلار
ئازراق جىددىيلىشىپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

ــ ئۇنداق ئەمەس!ـ دەپ ئىقرار قىلمىدىم.

ــ شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ.
ئايقىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى
ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتـ
كۈزگەن. سىز يېزىغا چۈشكەن زىيالى ياش،
ئىستىل مەسىلىسىدە خاتالىشىپ، كېيىنكى
ئىستىقبالىڭىزغا تەسىر يەتمىسۇن، يەنە!ـ
دېدى ئۇ ماگا قاراپ.

مەن بۇ ياش رەھبىرىمگە قاراپ، يا كۈـ
لۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي، ئۆزۈمـ
نى ئاقلاشقا باشلىدىم.

ــ ئايقىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرـ
سىدا ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، نورـ
مال مۇناسىۋەتتە بېرىش ـ كېلىش قىلغان،
قانداق خاتالىشىمەن؟ـ دېدىم.

ــ نورمال مۇناسىۋەت بولسىلا بولدىغۇ!
ئاممىدىن ئىنكاس كەلگەندىكىن، رەھبەرـ
لىكنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كۆز قارىشى بولىدۇ.
مېنىڭ بۇ ئىشتا سىزنى سەگەكلەندۈرۈپ
قويۇش مەسئۇلىيىتىم بار. يۇقىرىدىن ئۇقـ
تۇرۇش كەلدى، يېقىندا زىيالىي ياشلاردىن
خىزمەتكە ئالىدىكەن، بۇ قېتىم كېتەلەمسىز.
كېتەلمەمسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىپادىسىگە باغـ
لىق! ـ دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مەن ئۈچۈن
خېلى سالماق گەپ ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا
ھەممىنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلدىم.
قارىغاندا ئابدۇراخمان بىلەن گايىت سالى
ئەخەت شۇجىگە مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلـ
غانغا ئوخشايدۇ. ئابدۇراخمان بۇ قېتىم قەتـ
ئىي نىيەتكە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ بەختىنى
قۇربان قىلىپ، ئۆزى خوتۇن ئېلىۋېلىش
ئۈچۈن...

سوغۇق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم
ناھايىتى يېرىم بولدى. ئىككى تېمىم ياش
يۈزۈمنى يالاپ ئېڭىكىمگىچە ئېقىپ چۈشتى.
مەن ئايقىزنى قۇتۇلدۇرالمايدىكەنمەن،
ئۇنداق تۇرۇقلۇق مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى
ئازاب چەككۈزىمەن؟ ئامالسىز ئىش ئۈچۈن
خىزمەتكە چىقىشىمغا تەسىر يەتكۈزسەم، ئۆـ
مۈر بويى ئارماندا قالمامدىم؟ پۈتۈن ئۆمـ
رۈمنى ئايتامدا ئۆتكۈزەمدىم؟ ...

ئىقتىدارسىزلىق، ئاجىزلىق ۋە ۋاپاسىزـ
لىق ئاخىرى نازۇك قەلبىمنى ئۆزىگە بويـ
سۇندۇردى. گايىت سالى مېنى يەنە بىر قېـ
تىم ئىزدەپ كەلگەندە، ھەر خىل باھانە ـ سەـ
ۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، چىرايلىق سۆزلەر بىـ
لەن ئايقىزغا بىر پارچە خەت يېزىپ گايىت
سالىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. گايىت سالى خۇـ
شال بولۇپ خەتنى ئالدىيۇ، ئالدى ـ كەيـ
نىگە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بەش
قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

سىزگە چوقۇم تويىنىڭ باغىقىنى ئەۋەتىـ
مىز، قاتنىشىپ بېرەرسىز!ـ دەپ كېتىپ قالـ
دى. نەچچە كۈندىن كېيىن، گايىت سالى
ئايقىزنىڭ ماڭا يازغان ئىككىلىكچە بىر پارچە

خېتىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئالمقانچە بىر
پارچە ئاق قەغەزنىڭ ئىچىدە پەقەتلا: «لە-
نەت ساڭا!» دېگەن سۆز بار ئىدى، خالاس.
مەن يەنە يىغلىۋەتتىم. بىراق مېنى تىل-
لاپ يازغان بۇ خەتنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىر
ئاز بوشاپ قالغاندەك بولدى، چۈنكى ئاي-
قىزنىڭ مېنى تىللىشى ھەقلىق ھەم توغرا
ئىدى.

ھايت - ھۇيت دېگىچە مانا ئۇن نەچچە
يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۇن نەچچە يىل جەر-
يانىدا ئايقىزنىڭ «لەنەت ساڭا!» دېگەن سۆ-
زىنى بىر مىنۇتمۇ يادىمدىن چىقارغىنىم
يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يادىمدىن چىقارماس-
لىقىم مۇمكىن. بۇ قېتىم ئالدىراپ - تېنەپ
بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈش-
مەكچى بولۇشۇممۇ بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

4

ئايتاميېزىسىغا ئاز قالغاندا، دەرەخلەر-
نىڭ ئارىسىدىن كۆككە تاقىشىپ قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان مەسچىتنىڭ ئەرزان تۈۋلاش
پەشتىقىنى كۆردۈم. بۇرۇنقى مەسچىتنىڭ
پەشتىقى مۇنداق ھەيۋەت ھەم ئېگىز ئەمەس
ئىدى. قارىغاندا بۇنى يېقىندىن سالغانغا
ئوخشايدۇ. خۇشاللىقىمدىن ۋېلىسىپىتنى كۆ-
چەپ تېپىشكە باشلىدىم:

مەن ئۇدۇل مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلدىم،
مەسچىت ئالدىدىكى يوغان، يۇمىلاق سېدە
دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر نەچچە ياشانغان
قېرىلار پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن،
مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن سا-
لاملاشتىم، ئۇلار سالىمىمغا ئاددىيلا سالام قاي-
تۇرۇپ، ئانچە سەپ سالمىدى بولغاي، كې-
يىن مېنى تونۇپ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇشۇپ، بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ قىز-
غىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— ۋاي ۋوي، بۇ بىزنىڭ ئايتامدا تۇر-
غان زىيالى ياش- ئۆمەرجان ئۇكا ئەمەس-
مۇ؟ قاچانلاردىن بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ
قالدىڭىز؟ ئادەم قېرىسا كۆزدىن كېتىپ قا-
لىدىغىنى راست گەپكەن، تونۇمىغىلى تاس
قاپتۇق!- دېدى ئەينى يىللىرى ماخودا ئۇ-
لاغ باقىدىغان ئىسمايىل ئاكا قولۇمنى ئۇ-
زاققىچە چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— بىز تېخى سىزنى بۇ يەردىن ئۆتكۈچى
يولۇۋچىمىكىن، دەپ قاپتۇق، قانداق ئەھ-
ۋالىڭىز، سىزنى نەدىن سورايمىز؟

— كۆرۈشمىگىلى ئۇن نەچچە يىل بولۇپ
قاپتۇ، ئاڭلىساق سىزنى يازغۇچى بولۇپ
كېتىپتۇ، ئۈيدە ئولتۇرۇپ كىتاب يازىدىكەن
دەيدۇ، راستمۇ؟

— ئۆتكەندە كانايدا (رادىئو دېمەكچى)
سىز يازغان كىتابنى ئاڭلىتىپتۇ، ئاڭلىسام
شۇ كىتابتا ساپ بىزنىڭ بۇ يەردە بولغان
ۋەقەلەرنى يېزىپتۇ، دەيدۇ، راستمۇ ئۇكام؟

— ھەئە، ئۇ كىتابنى مەن ئاڭلىدىم،
ھەممىسى بۇ يەردە بولغان ئىشلار ئىكەن،
كىتابتىكى ھېلىقى ئىمىن قاشاڭ دېگەن كى-
شى سەن ئەمەسمۇ؟ قاشاڭلىقىڭدىن گۇلسۇم-
خان قولىغا سۇپۇرگىنى ئېلىپ، سۇرتوقاي قىس-
لىپ، سېنى مىلىڭ تەستە ئوتتۇنغا ماڭغۇزغان يەر-
لىرىمۇ بار ئىكەن.

— راستمۇ؟ بەللى ... بەللى ...

— ۋاي سايىم قارى، بەللى دېمە،
ئۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار ئىكەنسەن، ھې-
لىقى يېزا دوختۇرخانىسىدىن بىر بوتۇل-
كا ئىسپىرتنى ئوغرىلاپ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ
ئىچىپ، تازا مەس بولغاندا، سارىخانىنى
دۇمبالىغان يەرلىرىڭمۇ بار ئىكەن.

— پاھ، پاھ، بۇنداق گەپلەرمۇ بار -
دەڭلا ...

— ھاي، ھاي، بولدى قىلىل ناسىر
ئاخۇن، ھېلىقى سەلىمخاننىڭ قوينىدىن

چىقىپلا تەرەتسىز نامازغا كىرگەنلىكىڭنى يازماپتىمۇ ؟

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ، بۇ كۈلۈشلەر شۇنچە بەھوزۇر ، شۇنچە تەبىئىي ، شۇنچە سەممىي ئىدىكى ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق كەمسىتىش ، مەنسىتمەسلىك پۇرىقى يوق ئىدى . مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بەھوزۇر كۈلۈپ:

— ئەمدى كىتاب يازسام ، بۇ ئىشنىمۇ چوقۇم يېزىپ قويسام بولىغىدەك ، - دەپ چاقچاق قىلدىم.

— چوقۇم يېزىپ قويۇڭ ، ناسىر ئاخۇننىڭ بۇنىڭدىنمۇ قىزىق ئىشلىرى بار ، بىر ئاخشام سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ ، - بايام شاگىرتخۇدا قالغان « ئىمىن قاشاڭ » دېگەن كىشى قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ناسىر ئاخۇننىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

ئايتام كىچىك يەر بولغاچقا ، مېنىڭ كەلگىنىم بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلىپ ، چوڭ - كىچىك ، ئەر - ئاياللار مەسچىتنىڭ ئالدىغا يىغىلدى ، مەندىن ئۇنى ، بۇنى سورىغىلى تۇردى . جاۋاب بېرەلىگىدەكلا بولسام ھەممىگە جاۋاب بەردىم .

بىر ئەسنادىن كېيىن، ھېلىقى ئىسپىرتقا سۇ قوشۇپ ئىچكەن ، دەپ شاگىرتخوغا قالغان خالىق ئاكا جىددىيھالەتتە كىشىلەرگە قولىنى شىلتىپ :

— ۋەي خالايىق ! پارىڭىڭلارنى كېيىن قىلىشۇېلىڭلار ، بۈگۈن ھېلىقى يۈز بېرىددىغان ئىشنى ئۆمەرجاندىن سوراۋالايلى ،- دەپ ئالدىمغا كەلدى .

— كىتاب يازغان كىشى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ ، بۈگۈن ئاخشام ئاي كۆيىدۇ دەيدۇ ، بۇ زادى قانداق گەپ ؟ راست گەپمۇ ياكى ئادەمنى ئاخماق قىلىدىغان گەپمۇ ؟ ئېيتىڭا ، ئۆمەرجان ئاكا ! - دەپ سورىدى .

— بايام سىز كەلمەستە ، بىز مۇشۇ گەپنى پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئاڭلىساق گېزىت، رادىئولاردىمۇ... مەن جاۋاب بەرگىچە ئىسمائىل ئاكا كەينىدىنلا بۇ گەپلەرنى قىلدى،- شىڭنىڭ زامانىسىدا دادام بىر قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۈننىڭ كۆيگىنىنى كۆرۈپتىكەن، شۇ كۈنى كۈن ئاستا - ئاستا قارىداپ تۇتۇلۇپ،كېيىن لاپ قىلىپلا ئوت ئېلىپ، تاغنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئەتىسى قارا بوران چىقىپ، تاغدىن كەلكۈن كېلىپ ئاپەت بولۇپتىكەن...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدىم.

— ئاي كۆيىدى، دېگەنلىك - ئاي تۇتۇلدى دېگەنلىك. بۇ بىر خىل تەبىئەتھادىسىسى. بىز ياشايدىغان بۇ يەرشارى چۆگىلەپ ئاي بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاندا، كۈن نۇرىنى دەل يەر شارى توسۇۋېلىپ، كۈن نۇرى ئايغا چۈشمەيدۇ، شۇنداق چاغدا ئاي تۇتۇلۇپ قاراڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ خىل ھادىسىنى ئاي تۇتۇلدى، دەيدۇ. خەلق ئارىسىدا ئاي كۆيدى، دەپمۇ ئاتايدۇ.

شۇ ئەسنادا «تۇرسۇن دۈيجاڭ كەلدى!» «تۇرسۇن دۈيجاڭ كەلدى!» دەپ،تۇيۇقسىز بالىلارنىڭ چۇقان سېلىشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

يىراقتىن بىر بۇرۇتلۇق كىشى قولىنى كەينىگە قىلىپ ئىلدام - ئىلدام مېڭىپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋاي خالايىق، مېنى قاچانغىچە دۈيجاڭ، دۈيجاڭ دەۋېرىسىلە؟ پۈتۈمگورگەساڭگىلىغىچە دۈيجاڭلىق قىلىۋېرەمدىم؟ مېنى

سۇنجاك (كەنت باشلىقى دېمەكچى) دەپ
باقساڭلار بولمامدۇ؟ ـ ئۇ ئۆزى يېتىپ
كەلمەيلا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

تۇرسۇن دۇيجاك ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ،
يوغان ھەم يىرىك قوللىرىنى ماڭا سۇنۇپ،
مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

ــ ئۆمەرجان ئۇكام، نېمىشقا كېلىشتىن
بۇرۇن بىزگە خەۋەر قىلىپ قويمايسىز؟ئال-
دىڭىزغا ئېشەك ھارۋىسى بولسىمۇ ئەۋەت-
مەمدۇق! دېدى.

ــ مەن بىر خىزمەت بىلەن ناھىيىگە
كەلگەن، شۇ باھانىدا بۇ يەرگە كېلىپ ھەر
قايسىلىرىنى يوقلاپ كېتەي، دەپ كەپقال-
دىم، پۇتۇنلەي شەخسىي ئىش، ھەر قايسى-
لىرىنى ئاۋارە قىلىش ھاجەتسىز، ـ دەپ
چۈشەندۈرۈپ قويدۇم.

ــ مەيلى شەخسىي ئىش بولسۇن، ياكى
ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى بولسۇن، پەقەت يۇقى-
رى ئورۇنلاردىن كەلگەنلا بولسا، بىزگە
رەھبەرلىك (ئۇ كىشى رەھبەر دېگەن
گەپنى داۋاملىق رەھبەرلىك دەپ سۆزلەيت-
تى) ھېسابلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا
قالدىم. نېمىدېگەن ساددا، ئاقكۆڭۈل كى-
شىلەر ـ ھە!

تۇرسۇن دۇيجاك ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ-
رۇن بىر مەزگىل دادۇيجاك بولغان. ھازىر
قارىغاندا، كەنت باشلىقى بولغانغا ئوخ-
شايدۇ. شۇ چاغلاردا بۇ كىشى ناھايىتى
ياش، چاققان ھەم ئايىغى ئېتىك بولىدى-
غان. ھازىر ئېخىمۇ پېشىپ يېتىلگەندەك
تۇرىدۇ. بىراق خېلىلا قېرىپ قاپتۇ. ئەڭ
زور ئۆزگىرىش، بۇرنىنىڭ ئاستىغا كېلىش-
تۈرۈپ شاپ بۇرۇت قويۇۋاپتۇ. گەپ قى-
لىپ تۇرۇپلا بۇرۇتىنى سىلاپ-سىلاپ قويى-
دىكەن. قارىغاندا نەۋرە كۆرگەنگە ئوخشاي-
دۇ. بۇ يەردىكى چوڭراق كىشىلەر ئوغلىنى
ئۆيلىگەندىن كېيىنلا بۇرۇت قويۇۋالىدىغان
ئادىتى بار ئىدى.

ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئەمدى مېنى تە-
رەپ ـ تەرەپتىن «بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى»
دېيىشىپ، پېشىمدىن تارتىشقا باشلىدى.شۇ
چاغ راستىنى ئېيتسام، كىمنىڭ ئىلتىپاتىغا
بويسۇنۇشۇمنى بىلەلمەي تەڭلىكتە قالدىم.
ئاخىرى تۇرسۇن دۇيجاك ھەممە كىشىنى
قايرىپ قويۇپ:

ــ مەن كەنت باشلىقى، ئالدى بىلەن
بىزنىڭ ئۆيگە بارسۇن، يۇقىرىدىن كەلگەن
رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش مەسئۇلىيىتىم بار،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۆيدىكى باللار،
كېلىنلەر ئۆمەرجاننىڭ كانايدا ئوقۇغان كى-
تابىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى
بار ئىدى. ئەگەر سىلەر ئۆمەرجاننى چا-
قىرماقچى بولساڭلار، بورداپ قويغان قو-
يۇڭلار بارمۇ، كالاڭلار بارمۇ،تۆگەڭلار بار-
مۇ، سويۇپ تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار، كەچتە
بىر ـ بىردىن كىرىپ مېھمان بولىمىز! ـ
دەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. مەن ئىخ-
تىيارسىز تۇرسۇن دۇيجاڭنىڭ كەينىدىن
ماڭدىم.

تۇرسۇن دۇيجاك يولبويى خۇددى رەھ-
بەرلىككە خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىۋاتقان-
دەك، ئايتام يېزىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى
سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش
قابىلىيىتى شۇنداق ياخشى ئىدىكى، ھەتتا
مەھەللىدىكى ھەر بىر كىشى بۇ يىل قان-
چىلىك پۇل كىرىم قىلدى، بۇغدايدىن قان-
چىلىك مەھسۇلات ئالدى، جىك، تاغىرىغى-
چە ئېنىق بىلىدىكەن.مەن بۇنىڭغا ھەيران
قالدىم.

بۇ يەرنىڭ ئورنى، سۇيى، يوللىرىگەر-
چە ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ يەنىلا روشەن

ھالدا ئۆزگىرىشلەر زور ئىكەن. كونا كۆك
ئۆستەڭنى ئىككى تەرىپىگە چىرايلىق تاش
ۋە سېمونت يېيىتىپ، بەكمۇ كۆركەم ھەيـ
ۋەت ياسىۋېتىپتۇ. كونا دادۇي ئىشخانىسى
ئورنىغا زامانىۋى پاسۇن بىلەن مىللىي پاـ
سۇن بىرلەشكەن ئىككى قەۋەتلىك كاتتا
ئىمارەت سايتۇ. ئوتتۇرىدىكى گۈللۈكتەھەر
خىل رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىـ
لىپ كېتىپتۇ... ھەممىدىن زور ئۆزگىرىشـ
كىشىلەرنىڭ قورا ـ جايلىرى ئىكەن. بۇـ
رۇنقى خام كېسەكتىن ياسالغان كونا ئۆيـ
لەر ئاساسەن قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا پىشـ
شىق خىش بىلەن مىللىي پوسۇندا سېلىنغان
چىرايلىق يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ.

— ئاۋۇ گايىتنىڭ ئۆيى، ئاۋۇ قاھار
ھاجىنىڭ ئۆيى،ـ تۇرسۇن دۇيجاڭ قولى بىـ
لەن ئىشارەت قىلىپ، يولبويى بىر نېمىـ
لەرنى سۆزلەپ كەلدى. ئالدىمىزدا
چىرايلىق سىرلانغان يوغان ھەم كاتتا دەرـ
ۋازا كەڭ ئوچۇق تۇراتتى، دەرۋازىنىڭ
ئىچىدىكى پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىنـ
غان بىر رەت ئۆينىڭ ئالدىدا
گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. يېڭـ
دىن ئۈزۈم بارىڭى قىلغانىكەن، تەكلەر
ئۆگزىگە يامىشىشقا باشلاپتۇ. يېڭى تىكىلـ
گەن ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل كۆچەتلىرى بېـ
لەكتەك بولۇپ، مېۋە بېرىش ئالدىدا تۇـ
رۇپتۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە بىر دانە تېلېـ
ۋىزور ئانتېناسى كۆكتە تاقىشىپ تۇراتتى.

— ئابدۇراخماننى ئوبدان تونۇيسىزغۇ؟
بۇ ئۆينى سېتىۋالغىلى ئىككى يىلدەك بولـ
دى، ئۇ ھازىر بەكلا باي بولۇپ كەتتى،
ھەممە ئوقەتنى قىلىدۇ. بىرەر يېڭى ماشىنا
سېتىۋالغۇدەك پۇلى بار. ئۇنىڭ سىڭلىسى
ئايقىزمۇ چوڭ باي بولۇپ كەتتى. توغرا،
توغرا، شۇ چاغدا سىلەربىر تەشۋىقات دۇـ
يىدە ئىشلەپ، سەھنىدە بىللە ئويۇن قويۇپ،
ئانچە ـ مۇنچە ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرـ
گەنغۇ؟ ئۇنتۇپ قالغىنىمەنى تېخى. ئايقىز
ھازىر قالتىس سودىگەر بولۇپ كەتتى، بىـ
راق ئۇ... ھەي... ئاۋۇ دۇكاننى كۆردىڭىزـ
مۇ؟ ـ دېدى تۇرسۇن دۇيجاڭ ئەپسۇسلانـ
غاندەك قىلىپ.

مەن تۇرسۇن ئاكا كۆرسەتكەن تەرەپكە
قارىدىم. كۆك خىش بىلەن سېلىنغان چوڭ
ئىمارەت: «ئايتام سودا ماگىزىنى» دەپ يېـ
زىلغان ۋېۋىسكا ئېگىز ئېسىغلىق تۇراتـ
تى. ئۇنىڭ نېرىسىدىراق بۇرۇنقى تەمىـ
نات كوپېراتىپى ماگىزىنى يەنىلا كونا پېـ
تى تۇرۇپتۇ.

— ئايقىز ئەر ـ خوتۇن ئايتامنىڭ ئەڭ
بېيى بولۇپ قالدى. ئېرى ھوشۇر توختى
خىزمىتىنى تاشلاپ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيـ
جىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە يۈرۈپ مال يۆتـ
كەيدۇ، ئۇلارنىڭ دۇكىنىدا ھەرەمنىڭ سۈرـ
مىسىدىن تارتىپ، پاكىستاننىڭ كۆجىسىگە
قەدەر ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ
پۇلىنى خۇددى مېخنى سۇغۇرۇۋالغاندەك
سۇغۇرۇۋالىدىغان بولۇپ كەتتى. ئاڭلىسام،
كېلەر يىلى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھەرەمـ
گە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگىدەك ـ
دېدى تۇرسۇن ئاكا.

بۇلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە «ھەر نېمە
بولسا ئايقىز كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇپ
راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ» دەپ خۇرسەن
بولدۇم ۋە قەلبىمدە بىر خىل ئىسسىق تۇيـ
غۇ پەيدا بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭ تولۇن
ئايدەك پاك ھەم گۈزەل جامالىنى، تاغ جىـ
نەستىسىدەك چىرايلىق لەۋلىرىنى تېزراق كۆـ
رۈپ، ئۇنىڭ «ئۆمەرجان ئاكا!» دېگەنشېـ
رىنغىنە ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاشقا ئىنتىزار
بولدۇم.

ــ ئەمما ئايقىز بۇرۇنقى ئايقىزغا ئوخـ
شىمايدۇ. ئۇ، ئەمدى قارا قىز بـولۇپ قېـ
لىشقا ئازلا قالدى. ھەي، پۇل دېگەن نەرـ
سە ئادەمنى ئاقمۇ قىلالايدىكەن، قارىمۇقىـ
لالايدىكەن... ـ تۇرسۇن دۇيجـاڭ مەن مېـ
نىپ كەلگەن ھېلىقى كونا ۋېلىسىپىتنى تاـ
راقشىتىپ يېتىلەپ، بىر دەرۋازىنـىڭ ئالـ
دىغا كېلىپ توختاتتى.

مەن «بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دېـگەن سوئالـ
نى قويۇشقا ئۈلگۈرمەي تـۇرۇپـلا تۇرسۇن
دۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدۇق.

5

تۇرسۇن دۇيجاڭنىڭ ئايىـلى سـارىخان
ئاچا، بىزگە پاقلاننىڭ گۆشى بـىلەن تازا
ئوخشىتىپ، شۇجاينىڭ «ياپما»دەيدىغان بىر
خىل تاماقنى ئېتىپ بـەردى. بۇ خىل تاـ
ماقنى گۆش، سەۋزە، ياڭيۇنى قـورداق قىـ
لىپ، خېمىرنى نېپىز يېـيىپ، ئۈستىگە چۈـ
جۈتكەن ماي ۋە پىياز سۈرۈپ، قات ـ قات
قىلىپ دۈملەپ پۇشۇراتتى، كېيىن تۇرسۇن
دۇيجاڭ بىر شېشەھاراقنى شىرەگە تىكلەپ
قويدى. ھاي ـ ھۇي دېگىچـە زاكۇسكا ئۈـ
چۈن سارىخان ئاچا ئـىككى تـەخـسە سەي
كەلتۈردى.

تۇرسۇن دۇيـجاڭ قـىزىق پـاراڭ بىلەن
ھاراقنى كەينى ـ كەينىدىن زورلاشقا باشـ
لىدى. قۇلىقىم گەرچە تـۇرسۇن دۇيـجاڭـ
نىڭ پارىڭىدا بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم بىر
خىل پەرىشانلىق ئىچىدە، ئايـقىزدىلا قالـ
دى. قارىسام تۇرسۇن دۇيـجاڭنىڭ پارىڭى
ئالدىراپ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ئاخىرى
ھەر خىل باھانەـسەۋەبـلەرنى كـۆرسىتىپ،
ئازراق ھېلىگەرلىك ئىشلىتىپ، ئۇنى ماخـ
تاپ ئۇچۇرۇپ، ھـاراقـنى كۆپـرەك ئۆزىگە
زورلىدىم.

شېشىنىڭ تۈۋىدە ئىككىلىكچە ھاراقالـ
غاندا، تۇرسۇن دۇيجـاڭ تازا تـەڭشىلىپ،
ئاغزى گەپكە قولاشـماي قالـدى. يەنە بىر
رۇمكا ھاراقنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ تامـ
غا يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قالدى. مەن ئاستاسـ
رتقا قاراپ ماڭدىم.

ــ ئۆمەرجان ئۇكا، نەگەماڭدىڭىز؟ئاچـ
چىق قىلىپ چاي دەملەپ قويدۇم، بىر پىـ
ياله ئوتلاپ ئاندىن،ـ دېدى سارىخـان ئاـ
چا سىرتقا ماڭغانلىقىمنى كۆرۈپ.

ــ تاشقىرىغا چىقىپ ئـاز ـ تـولا ھاۋا
يەپ كىرەي، ـ دەپ جاۋاببەردىم ئۇنىڭغا.

ــ يازغۇچى دېگەن يەنىلايازغۇچى ـدە!
ئۇنداق بولسا مەيلى، مەن سىـلىنى تونۇـ
مىدىم، چۆگىلەپ كېلىپ بۇگۈن كېچە بىزـ
نىڭئۆيدە قونسىلا! ـ سارىخان ئاچا مېنى
كۈلۈپ ئۇزىتىپ قويدى.

ئاتەش كەبى قىزىق كۈن نـۇرى، ھەممە
نەرسىنى سولاشتۇرۇپ قويـغاندەك قىلاتتى.
ئەتراپ جىمجىت، ئادەملەرمۇ ئاندا ـ سانـ
دا كۆرۈنەتتـى. ئىتـلار تىـللىرىنى چىقىـ
رىشىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن تام تۈۋىلىرىـ
دە ھاسىراپ ياتاتتى.

مەن ئۇدۇل مېڭىپ، ھېلىقى «ئايتامسوـ
دا ماگىزىنى» دەپ ۋېۋىسكا ئېسىلغان دۇـ
كاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توخـتىدىم، دۇكانـ
نىڭ ئەينەكلىك قوش ئىشىكى كەڭ ئوچۇق
تۇراتتى.رەڭگاـرەڭ،خىلمۇ خىل ماللار تىـ
زىغلىق مال جازىسـىنىڭ ئالـدىدا بىر ئاـ
يال تۇراتتى. بەلكىم شۇ ئـايال مېنىڭ بۇ
قېتىمقى سەپىرىمدە تۇنجى بـولۇپ كۆرۈشـ
مەكچى بولغان ئادىمىم بولسا كېرەك، دەپ
ئويلىدىم، يۈرىكىم ئىختىيارسىز ھالداجىدـ
دىيلىك بىلەن سوقۇشقا باشلىدى.

دۇكاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا خېرىدارلار
ئانچە كۆپ ئەمەستەك كۆرۈنـەتتى. ئۇنىئالـ
غۇدىن بولسا، مۇڭلـۇق ناخشـا ئـاۋازى

ئاگلىنىپ تۇراتتى. قەدىمىمنى تېزلىتىپ دۇ-
كانغا كىردىم، ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ماڭا بىر خىل كەسىپى كۈلۈمسىرەش بىلەن
قارىدى - يۇ، لېكىن شۇ ھامان
يۈزىدىكى بۇ كۈلۈمسىرەش
خۇددى قېتىپ قالغاندەك، ماڭا قاراپ تۇ-
رۇپلا قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قا-
راپ، دەيدىغان گېپىمنى تاپالماي، ئۆزجا-
يىمدا تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ دەل ئايقىز ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان چۈشلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ،
كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىنى پەرىشان قىلىپ
كەلگەن ئايقىز ئىدى.

ئايقىز بۇرۇنقىدىن سەمرىپ، يۈزلىرى
خۇددى چىنە تەخسىدەك يۇمىلاقلاپ كېتىپ-
تۇ، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى گۈزەللىكى
يەنىلا چىرايىنىڭ بىر يەرلىرىدىن جىلۋە
قىپ تۇراتتى. بۇرۇن ئىككى تال ئۇزۇن
قىلىپ ئۆرۈۋالىدىغان چېچىنى كېسىپ،
ئەمدى بۇدرە قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ كىشىنىڭ
زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئىككى كۆكسى، تې-
نىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان ئەتلەس كۆي-
نىكىدىن سىرتىغا ئىتتىلىپ چىقىپ كەتكى-
دەك ھالەتتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يۈكەي-
گە تايىنىپ تۇرغان ئىككى قولىدا بولسا،
ئىككىدىن تۆت دانە كۆز قويغان ئالتۇن
ئۈزۈك ۋالىلداپ پارقىرايتتى. سول قولىدا
ھەممە يېرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان
چىرايلىق ئايالچە سائەت، ئوڭ قولىدا
بولسا بىر دانە ئېسىل ئالتۇن بىلەيزۈك
تۇراتتى.

- ئايقىز ...

ئايقىز ماڭا تىكىلىپ قاراپ، تېنى سەل
تىترىگەندەك قىلدى - يۇ، چىرايى بىر-
دىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ھەم
ئاچچىق، ھەم شاگخۇ ئارىلاش بىر خىل
تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

- پاھ، قايسى شامال سىزدەك بىر چوڭ
يازغۇچىنى بىزنىڭ بۇ توپىلىق سەھراغا
ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ تۇرسۇن دۇيجاڭنىڭ ئۆ-
يىدە مېھمان بولۇۋاتقان ئەمەسمىدىڭىز؟ -
دېدى ئۇ بىردىنلا ئېغىز ئېچىپ.

قارىغاندا ئايقىز مېنىڭ بۇ يەرگە كەل-
گىنىمنى ئاللىقاچان ئۇقۇپ بولغانىكەن.
ئەلۋەتتە بۇ، ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس،
يېزا دۇكىنىنىڭ ئالدى ئەزەلدىن ھەرخىل
ئۇچۇرلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان جايى.
مەن ھاياجىنىمنى ئاستا بېسىۋېلىپ، كۈ-
لۈپ تۇرۇپ دېدىم:

- ئالاھىدە سىز بىلەن كۆرۈشكىلى
كەلدىم!

- كۆرۈشكىلى؟ - ئايقىز قاقاقلاپ كۈ-
لۈپ كەتتى، - مەن بىلەن نېمىگە كۆرۈشەت-
تىڭىز؟ بىرىنچىدىن قولۇمدا ھوقۇقۇم يوق،
ئىككىنچىدىن يازغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكى-
دەك يۈزۈممۇ يوق، ھازىر مەندە بېرى پە-
قەت مانا شۇ ماللار، يا مەندىن ئازراق
ئىئانە ئېلىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن
كەلدىڭىزمۇ - يە؟

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەل-
مەي تۇرۇپلا قالدىم. كېيىن بىر نەرسە ئې-
سىمگە كەلگەندەك، يانچۇقۇمنى سىلاپ
تۇرۇپ:

- تاماكام تۈگەپ قالغانىدى، بىرەر قاپ
تاماكا ئالاي دەپ كەلگەنىدىم، - دەپ جا-
ۋاب بەردىم.

- سىزگە قانداق تاماكا كېرەك؟

- ئادەتتىكىدەك تاماكا بولسا بو -
لىۋېرىدۇ.

ئايقىز ئېغىزىنى سەل پۈرۈشتۈرۈپ، شاگ-
خۇ قىلغاندەك دېدى:

- چوڭ يازغۇچى دېگەنمۇ ئادەتتىكى

ئاماكا چېكەمدۇ؟ ـ ئۇ پۇكەي ئىچىدىن
بىر قاپ تاماكىنى ئالدى ـ دە، ـ ماۋۇنى
چېكىڭ ـ، دەپ ئالدىمغا تاشلاپ قويدى.
ئۇنىڭ بەرگەن تاماكىسى ئامېرىكىنىڭ
داڭلىق تاماكىسى بولۇپ، بىر
قېپى ئادەتتە سەككىز يۈەن ئىدى، بىز-
نىڭ بۇنداق تاماكىلارغا تېخى مادارىمىز
يەتمەيتتى، لېكىن مەن قىلچە چاندۇرماي:
ـ بۇ تاماكا ماڭا سەل بوش كېلەتتى،
مەيلى چەكسەم چېكىۋرەي، ـ دېدىم.
ـ ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى بوش كەلسە،
سەھرانىڭ كۆك موخۇركىسىنى
چېكىڭ. مېنىڭچە بۇ تاماكا بوش كەلمەس،
بەلكىم يانچۇقىڭىز بوش كېلىپ قالغاندۇ،
يازغۇچى دېگەن بىرەر پارچە بىر نەرسە يې-
زىپ قويسا، تالاي پۇل كېلىدۇ، بىرەر قاپ
تاماكا چېكەلمىگۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قال-
مىغانسىز؟ ـ دېدى ئايقىز مەسخىرە ئارىلاش.
مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ،
يەنىلا چاندۇرماي، يانچۇقۇمدىن ئون كوي-
لۇق تىزىدىن بىرنى چىقىرىپ ئايقىزنىڭ
ئالدىغا تاشلىدىم ـ دە، تاماكىدىن بىر تال-
نى چىقىرىپ، چاقمىقىم بىلەن تۇتاشتۇرۇپ،
قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدىم.
ـ قاتتىقراق شوراڭ، قاتتىقراق شورى-
سىڭىز تاماكىنىڭ تەمىنى تېتىيالايسىز، بەل-
كىم كۆچلۈك كېلىپ ئۆپكىڭىزگە كېتەمدۇ
تېخى!
دەل شۇ چاغ قىرىشقاندەك تاماكىنى
راستىنلا قاتتىق شوراپ سالدىممۇ قانداق،
تاماكىنىڭ ئىسى ئۇدۇل ئۆپكەمگە كىرىپ،
قېقىلىپ ـ يۆتىلىپ كەتتىم. ئايقىز ماڭا قا-
راپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، مەن يەنىلا
چاندۇرماي، ـ ئايقىز قاچانلاردىن بېرى بۇن-
داق گەپتان بولۇپ كەتتىڭىز؟ ـ دېدىم.
ـ گەپتانلىق سىزدىن بىزگە ئاشامدۇ؟
ھازىر بىز دېگەن سودىگەر، ئاغزىمىزدائىك-
كى ئېغىز گېپىمىز بولمىسا سودىنى قانداق
قىلىمىز؟ بۇ تاماكا نەدىن كەلگەن بىلەم-
سىز؟ ئامېرىكىدىن گۇاڭجۇغا كېلىپ، ئان-
دىن بۇ يەرگە كەلگەن، شۇنچە ئۇزۇن يول-
لارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن تاماكا ئا-
ران ئون كويغا يارامدىكەن؟ ـ دېدى ئاي-
قىز قىلچىمۇ خىجىل بولماي.
مەن كۆڭلۈمدە ھەممىنى چۈشىنىپ، قىل-
چە ئىككىلەنمەي يانچۇقۇمدىن يەنە ئون
كويلۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئايقىزنىڭ
ئالدىغا تاشلاپ:
ـ ئەمدىغۇ يېتەر! ـ دېدىم.
ئايقىز بىر ماڭا قاراپ، بىر پۇلغا قا-
راپ، ئىككىلەنگەندەك قىلدى ـ يۇ، ئۇنى
ئېلىپ پۇل ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.
شۇ ئەسنادا بىر موماي ئوتتۇرا سېۋەت
تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ دۇكانغا كىرىپ كەلدى.
ئايقىز مېنى بۇ ياققا قايرىپ قويۇپ، مو-
ماي بىلەن سودىلىشىشقا باشلىدى، موماي
سېۋەتنى پۇكەيگە قويۇپ، سېۋەتتىكى تۇ-
خۇمنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، تارازىغا قو-
يۇشقا باشلىدى.
ـ قىزىم، بۇ تۇخۇمغا ئىككى مېتر رەخت،
بىر ـ ئىككى كىلو تۇز ئۆلچەپ بەرگەن بولسىلا،
تۆۋەن مەھەللىدىكى ئىبراھىم ئاخۇن
قىزىنى ياتلىق قىلماقچى ئىكەن، شۇ يەرگە
بېرىپ كېلەي، دېگەنتىم ـ دېدى موماي.
ـ بولىدۇ ئاچا، خاتىرجەم بولسىلا، چې-
رايلىق رەختتىن ئىككى مېتر كېسىپ بې-
رەي! ـ دېدى ئايقىز مومايغا قاراپ كۈلۈپ.
ـ ئايقىز تۇخۇمنى ئۇچكە بۆلۈپ تارازى-
لاپ چىقتى.
ـ يەتتە يېرىم كىلو چىقتى، ئاچا ـ دې-
دى ئايقىز مومايغا.
ـ ۋۇي، ھازىر سادىق قارىنىڭ تارازىسىدا

ئۆلچەپ كۆرسەم سەككىز كىلو چىققانتى، بىر دەمدە يېرىم كىلو كەملەپ قاپتىغۇ؟ — دېدى موماي ئەجەبلىنىپ.

— ۋاي ئاچا، بۇ يېقىندىن سېتىۋالغان تارازا، سادىق قارىمنىڭ بەلكىم كونا تارازا بولۇشى مۇمكىن، قاراپ تۇرۇپ سىلىدەك بىر تۇل خوتۇننىڭ تۇخۇمىدىن يېرىم كىلو يەۋالسام، سەت تۇرار؟! ئىشەنمىسىلە، ماۋۇ شەھەردىن كەلگەن بىلىملىك كىشىدىن سوراپ باقسىلا،— دەپ تارازىنى ماڭا قارىتىپ قويدى.

راست گەپنى قىلسام، تارازىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، بېشىمنى سەل - پەل لىڭشىتىپ قويدۇم.

بىچارە موماي ئامالسىز ئايىغىز تارتىپ بەرگەن بىر كىلو تۇز بىلەن ئىككى مېتىر رەختنى ئېلىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

مەن چوقۇم تارازىدا بىرەر ئويۇن بارلىقىنى سەزدىم ۋە بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇشۇمنىڭ ئەمدى ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى سېزىپ، مېڭىشقا تەمشەلدىم، ئايىغىزنىڭ بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئويلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرمەپتىكەنمەن. خۇددى چۈشىدە يېۋالغان ئادەمدەك كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. مەن شۇ چاغ:

— خوش ئەمىسە! - دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم، لېكىن ئۇ مېنى تۇتۇۋالدى.

— مۇشۇنداقلا كېتەمسىز؟ سىز راستىنلا بۇ يەرگە تاماكا ئالغىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق - دە، دۇكانغا نەرسە ئالغىلى كەلمەي نېمە قىلغىلى كېلىدۇ ئادەم؟ - دېدىم.

— يەنە باشقا نەرسە كېرەك قىلمامسىز؟ ئايىغىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىم.

بۇرۇن قەلبىمدە ئايىغىزنى مەبۇد ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ كەلگەنىدىم، بىراق قەلبىمدىكى بۇ مەبۇد ھازىر چېقىلىپ كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتتى، كەلمىسەممۇ بوپتىكەن، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم.

— رەھمەت! ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەر يوق ئىكەن!

— ئۆمەرجان، توختاڭ! — ئايىغىز غەزەپ بىلەن توۋلىدى.

سەل چۆچىگەندەك بولۇپ، ئورنۇمدا توختاپ قالدىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئايىغىزغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزىدە لىق ياش، يىغلىۋېتەي دەپلا تۇراتتى.

— ئۆمەرجان، كۆڭلىڭىزدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، توغرا، مەن ئۆزگىرىپ كەتتىم، بۇرۇنقى ئايدەك گۈزەل چىراي، ئايدەك پاك قەلبى بار ئايىغىز ھازىر مەۋجۇت ئەمەس، مەن ھازىر پۇلنى ئېزىز جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم، پايدىنى كۆرسەم ۋىجدانىمدىنمۇ ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن ۋىجدانىنى پۇلغا ساتقىلى بولامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا چاي قويۇپ ئىچكىلى بولامتى؟ مەن ھەتتا سىزگىمۇ پايدا ئېلىپ بىر قاپ تاماكا ساتتىم. لېكىن مەن سىزنىڭ بۇ پۇلىڭىزغا ھاجەتمەن ئەمەس، ئەگەر بىلسىڭىز سىز ماڭا قەرزدار. بوينىڭىزدىكى قەرزنى ئۆمۈر بويى ماڭا قايتۇرۇپ بولالمايسىز. ماڭىمۇ ئايان، كىشىلەر ھازىر كەينىمدىن نېمە دەپ تىللىمايدۇ، مەيلى ئۇلار مېنى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، كىشىلەر كەيمىگەننى كىيىپ، خەقلەر يېمىگەننى يەپ، بەگزادىلەردەك ياشاۋاتىمەن. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، ئەينى زاماندا ئەگەر ئائىلىمىزدە پۇلىمىز بولغان بولسا، ئاكامنى ئۆيلەيمەن دەپ، ئۆز بەختىمنى قۇربان

قىلمىغان بولاتتىم. مېنى دەرد ـ ئەلەمدە قالدۇرغانمۇ شۇ پۇل، ئارماندا قالدۇرغانمۇ مۇشۇ پۇل!

ئۇ شۇنى دەۋېتىپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، پۇل ساندۇقىدىكى ھېلىقى مەن بەرگەن پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە بۇ پۇلنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئۇنى ئوڭ ـ تەتۈر ئۆرۈپ، خېلىغىچە قارىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ھەي پۇل، سەن ئۆز ۋاقتىدا مېنى، كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغانتىڭ! ئەمدى سەنمۇ كۆيۈپ باققىنە! سېنىڭمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي!

ئايقىز «شاپپىدە» بىر تال سەرەڭگىنى چېقىپ، پۇلنى ئوتقا تۇتتى، پۇل گويا كۆيۈشنى خالىمىغاندەك ، ئاستا ـ ئاستا ئوت ئېلىپ، ئاخىرى كۈلگە ئايلاندى. ئايقىز قاھقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، بارمىقىنىڭ ئۇچىدا كۆيمەي قالغان پۇلنىڭ بىر بۇرجەكىنى « پۇھ! » دەپ پۈدىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇردى.

ـ شۇزامانىدا، سىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، قولىڭىزنىڭ ئۇچىغا تېگىپ قالغان چاڭ-توزاننى پۈدىۋەتكەندەك، مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز، كېيىن يازغۇچى بولۇپ كېتىپسىز، ئۆيدە ئولتۇرۇپ جاپا تارتماي ھەم نام چىقىرىدىغان ھەم پۇل كېلىدىغان ئىشنى قىلىدىغان بوپسىز، قەلىمىڭىز ئارقىلىق كىشىلەرنى خالىغانچە ماختىيالايدىكەنسىز، خالىغانچە سۆكەلەيدىكەنسىز، ھەتتا بېھىش ۋە دوزاخلارغىچە ئايرىپ تاشلايدىكەنسىز، لېكىن مەنچۇ؟ ئۆمۈر بويى كەمبەغەللىكتە، دەرد ـ ئەلەمدە، ئارزۇ ـ ئارماندا يۈرسەم بولامتى؟ سىز يەنىلا ھېلىقى نامراتلىق دوزىخى ئىچىدە كۆيۈپ يۈرگەن ئايقىزنى كۆرۈشنى خالامتىڭىز؟...

ئايقىز ئەمەلىيەتتە پۇلنى كۆيدۈرمەي، مېنى كۆيدۈرگەنىدى. شۇڭا ئۆزۈممۇ خۇددى ئاشۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان پۇلدەك، ئۆزۈمنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

شۇ چاغ بىر توپ ياش قىزلار كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچە بىغەم، شۇنچە مەسۇم، شۇنچە نازۇك ئىدىكى، كىشىنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرەتتى. بۇ يەردىن كەتكەن چاغلىرىمدا ئۇلار تېخى تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا ئوخشاش قىران ياشلىقىمىز ھازىر نەلەرگە توزۇپ كەتتى؟

ئايقىز ئۆزىنى ئاز ـ تولا تۈزەشتۈرۈپ، قىزلارنى كۈتۈشكە باشلىدى. مېنىڭ بۇيەردە تۇرۇشۇمنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، مەن ئاستاغىنە بۇ كىچىككىنە ھەر خىل ماللار دۇنياسىدىن چىقىپ، نىشانسىز ھالدا مېڭىپ كەتتىم.

6

كەچكى قۇياش گويا نومۇسچان، نازاكەتلىك قىزدەك، ئاستا ـ ئاستا يىراقتىكى قارلىق تاغنىڭ كەينىگە مۆكۈندى، تاغلار، بۇلۇتلار، دەرەخلەر ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، پۈتۈن ئايتام يېزىسى كۈگۈم قوينىغا چۆمۈشكە باشلىدى.

مەن نىشانسىز مېڭىپ، بىردىنلا ئەينى يىللىرى ئورغۇن قېتىم ياشلىق ئىزلىرىمىزنى قالدۇرغان ھېلىقى چېغىر يولغا كېلىپ قاپتىمەن. ئەينى يىللىرى چېغىر يول بويىدىكى كۆك ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن جىگدە ـ سۆگەت دەرەخلىرى يوغىناپ، بۈك ـ باراخسان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ دەرەخلەرگە مېنىڭمۇ، ئايقىزنىڭمۇ سىڭدۈرگەن قان ـ تەرى ئاز ئەمەس ئىدي.

ئاھ، ياشلىق، ئاھ، قىزان چاغلار، شۇ چاغدىكى شۇنچە گۈزەل،ساپ، نازاكەتلىك ئايدىڭ كېچىلەر ھازىر نەدە قالدى؟!

دەل شۇچاغ كۈمۈش لىگەندەك تولۇن ئاي بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كەينىدىن ئاستاغىنە ماراپ چىقىپ، ئەتراپنى گويا شەپقەتلىك ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن يۇيۇندۇرغاندەك قىلىۋەتتى.مەن ئىختىيارسىز ھالدا تولۇن ئايغا قاراپ، ئەينى چاغلاردا ئايقىز بىلەن قىلىشقان بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزنى ئېسىمگە ئالدىم:

— قاراڭ ئۆمەرجان ئاكا، ئاي چىقتى، نېمىدېگەن چىرايلىق،نېمىدېگەن سۈزۈك-ھە؟

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىسام، راستىن ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدا سۈتتەك پاك نۇرىنى، بىزگە چېچىپ تۇراتتى.

شۇ كېچىسى قانداقتۇر ئاينىڭ شۇ گۈزەل رۇخسارىدىنمۇ ياكى ئايقىزنىڭ شۇ ئايغا ئوخشاش گۈزەل ھۆسنىدىنمۇ، ھاياجىنىمنى باسالماي، پەس ئاۋازدا ناخشا ئوقۇپ كەتكەنىدىم.

«ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.
ئەي گۈزەل ئايتام قىزى.»

— ئۆمەرجان ئاكا،بۈگۈن ناخشىنى زەپمۇ مۇڭلۇق ئېيتىپ كەتتىڭىزغۇ؟ مەن راستىنلا ئايغا ئوخشاش گۈزەلمۇ؟

— ھەئە، ھۆسنىڭىزمۇ ئايدەك گۈزەل، قەلبىڭىزمۇ ئايدەك گۈزەل. ئۇ ئاسماندىكى ئاي بولسا، سىز يەردىكى ئاي.

مەن شۇ چاغ دولقۇنلاپ تۇرغان يۈرەك ھېسسىياتىمنى باسالماي، ئايقىزنى بىردىنلا باغرىمغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدىم.

— ئۆمەرجان ئاكا، ئۆمەرجان ئاكا،ئۇنداق قىلماڭ، قاراڭ، بىر كىشي ماراۋاتىدۇ.

— كىم ماراۋاتىدۇ؟ -مەن سەل چۆچۈپ، ئايقىزنى راستىنلا بىرسى ئەپقېچىپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ سۆيگەن ئىدىم.

— ئاسماندىكى ئاي قىزا! - ئۇمۇ شۇنى دەۋېتىپ، باغرىمغا تېخىمۇ چۆكقۇرلاپ كىرىپ كەتكەنىدى...

......

شىلدىرلاپ شامال چىقتى. خىيالىمنى يىغىپ، ئەتراپقا قارىۋېدىم، جىگدە دەرەخلىرى گويا بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقاندەك، لەرزان شامالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا ئايغا قارىدىم، ئەپسۇسكى باياقى تولۇنئاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قاپ - قارا تۇتۇلۇپ، قالغان قىسمى خۇددى ئىككى كۈنلۈك ھىلال ئايدەك خىرە نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىردىنلا تۈنۈگۈنكى گېزىتتە «ئەتە كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە ئاي پۈتۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ» دەپ يېزىلغان خەۋەر ئېسىمگە چۈشۈپ، ئاي تۇتۇلۇش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدىم.

— ئاي كۆيدى، ئاي كۆيدى! - بالىلارنىڭ چۇقان - سۈرەن ئاۋازى يىراق - يىراقلاردىن قۇلىقىمغا كىرىشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئاسماندىكى ئاي پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ قارا دۈگىلەك گىردىۋىنى ساغۇچ نۇر قاپلىۋالدى.

بۇ ئىشتىن دەرھال ئايقىز ئېسىمگە كەلدى: ئايقىزمۇ ئاسماندىكى ئايغا ئوخشاش كۆيۈپتۇ، بۇرۇن ئۇ، تۇنجى مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن بولسا، ھازىر پۇل ئىشقىدا كۆيۈپتۇ، ئۇ ئەمدى مۇشۇ كۆيگىنىچە تۇتۇلۇپ تۇرىۋېرەرمۇ ياكى ئايغا ئوخشاش قايتا ئەسلىگە كېلەرمۇ، ئويلاپ يېتەلمىدىم.

1991 - يىلي، بېيجىڭ

روزى مۇھەممەت قۇربان

# ناخشا

( ھېكايە )

ئۇنى مەجبۇرىيلا ياتلىق قىلىۋېتىشتى. كاشكى ئۇخلىسا ، ئانىسى ئاشۇ ئاخشىمى « قىزىم بىز سېنى يامان يولغا باشلىمايمىز، كېيىنكىنى ئويلايمىز، ئۇلارنىڭ قولدا بولساڭ خار بولمايسەن» دېدى. ئۇنىڭ راستىنلا ھېلىتىن تالالىق بولغۇسى يوق ئىدى . شۇ گەپ بىلەن ئۇ قاياققا بىر قەدەم ماڭسا تامغا ئۇسسۇۋاتقاندەك گاڭگىراپ قالدى . ئولتۇرسا تىكەن ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك ، ئادەتتە ئۇيقۇسىمۇ قاچتىغۇ ؟

— ئاھ ! ئاجىزلىق. نېمىلا قىلغان بىلەن يەنە ئاتا ـ ئانىنىڭ خاھىشىغا كۆنمەي بولمىدى . ئۇنىڭ تويىمۇ داغدۇغىلىق بولمىدى : ئات ھارۋىسىغا يىراقتىن كەلتۇرۇلگەن خېچىر قېتىلدى . ھارۋا ئاستا ماڭاتتى ، غىچىرلايتتى . ھارۋىدىكى تۆت خوتۇن ئۇنى بەزلەيتتى . ئۇ يىغلىدى ، يىغلاۋېتىپ باراتتى ئەسلىدى . كارامەت ، ئەجەب بىر چاغدا ئېسىگە كەلدىغۇ ئۇ . ئەنە دىل تارىنى چېكىپ، كۆڭلىنى ئۇتقان بارات ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا ، ئەنە ئۇ قەپەزلىرىنى يەرگە قويدى، ئىچىدىكى تورغاي تىپىرلايتتى . باراتتىن گۈپۈلدەپ تەر پۇرىقى كېلەتتى . ئاق دوپپىسى بىلەن بويىنىدىكى تەرلىرىنى تېز ـ تېز سۈرتۈپ قوياتتى .

— قۇشى دېگەنىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن مەريەم — دەيتتى بارات ، باسماقلىرىنى رەتلىگەچ .

— ئەتىگەن باسماق قۇرۇپ يار لېۋىدە خېلى تۇردۇم ، بىر چاغدا بىر تورغاي ئۇچۇپ كەلدى. قەپىزىمدىكى تورغاي «ۋىچۋىچ » قىلىپ سايرىۋېدى، كاساپەت ئاخىر باسماق ئەتراپىغا چۈشتى . تورغىيىم ئۇنىڭغا داد ـ دادلاپ بىرنىۋېدى، ئۇ قاراپمۇ قويماي باسماق ئىچىدىكى دانلارنى يېگىلى تۇردى ، يېپنى بىر تارتىۋېدىم تورغاي گۆپپىدە باسماققا چۈشتى . ھا ... ھا ... ھەي بىچارە ئەسلىدىلا سېنى قويۇۋەتسەم بوپتىكەن . قەپەزگە سولاپ دان ھەم سۇ بەرسەم قاراپمۇ قويماي چۈشكىچە ئۆزىنى ئۇرۇپ قەپەزنى چېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ ...

ئاجايىپ بىر بالا ئىدى ، ھە ئۇ ، ئاشۇنداق قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، مەريەم لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئۇلۇغكىچىك تىنىدى . ھەي ئىسىت ! ئاشۇ چاغ ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلغان، يۈرىكى بىرئاز سىقىلغاندەك بولغان « ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەيدۇ » ـ دە . شېرىن ئەسلىمە ئۇنى گاڭگىرىتىپ مەس قىلدى ، ئېسىنى ئوغرىلىدى . گەرچە كۆزى پىلدىرلاپ تۇرغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ يىگىت ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، ھەتتاكارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنىمۇ ، يىرگىنىشلىك بىر قول-

نىڭ كۆكرىكىگە چاڭگال سېلىۋاتقانلىقىنى
غۇۋا سەزدى . ئۇ دەھشەتلىك جۇش زەر ـ
بىدىن چۆچۈگەن كىشىدەك چاچراپ ئورنى ـ
دىن تۇردى ـ دە ، ئۆزىگە ئېسىلىۋاتقان
« يىرگىنىشلىك مەخلۇق » قا قەھرى بىـ ـ
لەن قول شىلتىدى. « چاك » قىلغان قىسـ ـ
قا ئەمما دەھشەت ئاۋاز ئۆي ـ جىمجىتلىـ ـ
قىنى بۇزدى . ئۇلارنىڭ تۇنجى ئاخشىمى
مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز باشلاندى . ئۇ
قېيىن ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا يۇ ـ
رەكلىرى جىغ قىلاتتى ، غەزىپى تاشاتتى ،
لېكىن ئۈنسىز ئىتائەت قىلاتتى .

ــ چۆگۈنلەر قارىداپ كېتىپتۇ سۈرتۈ ـ
ۋېتىڭ ؟ ـ « مەن كىچىكىمدىن ئۆي ئىش ـ
لىرىنى قىلىپ كەلگەن ، تەكرارلىمىسا بىلـ ـ
مەمتىم » ئويلايتتى ئۇ ئۈن ـ تۈنسىز باشـ ـ
قىلارنىڭ دېگەنلىرى راستكەن ، ئۇ قېيىن
ئانىسىغا تەبئىيلا ئۆچ بولۇپ قالدى .

كېلىنچەك بۇ ئۆيگە يۆتكەپ كېلىنگەنـ ـ
دىن كېيىن ئاخشاملىرى ئۆي ئەتراپىدىن
ناخشا ئاڭلىنىپ قالىدىغان بولدى ، ناخشا
بەكمۇ غەمكىن كەيپىياتتا ئېيتىلىۋاتاتتى .
ناخشىنى كىمنىڭ ئېيتىۋاتقانلىقىنى مەر ـ
يەمدىن باشقىسى بىلمەيتتى . ئاخشاممۇ
ئېرى ھاسىراپ ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەنـ ـ
دە مەريەمنىڭ يۈرەكلىرى « جىغ » قىلدى .
ئۇ تىترىدى . تۇيۇقسىز يەر تېگىدىن پاتـ ـ
پات ئاڭلىنىپ قالىدىغان « كۆيمەمدۇ يۈ ـ
رەكلەرىڭ » دېگەن ناخشا ئاڭلىنىشقا باشـ ـ
لىدى. مەريەم غايىپ كۈچ بىلەن غەيرەتـ ـ
لىك بوپ كەتتى ، خۇددى يىراق ئۇپۇقتىن
قۇياش كۆتۈرۈلۈپ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتـ ـ
قاندەك بولدى ، قوپال يىرگىنىشلىك قول
مەريەمنىڭ بەدىنىگە تەگكەندە پۈتۈن ۋۇ ـ
جۇدى شۈركىنىپ كەتتى . « چاك » قىلغان
ئاۋاز بىلەن ئېرى سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يەـ ـ
قىلدى . ئېرى ياۋۇز بۆرىدەك ھۆركىرەپ
ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مەريەمنى
ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزدى ، شۇ
كېچىدە مەريەمنى ئۆيدىن چىقاردى ،
مەريەم پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە تولىمۇ تەسـ ـ
تە ئۆز ئۆيىگە كېلىۋالدى . قاتتىق تاياقـ ـ
تىن ئاران ئەسلىگە كېلىپ ماڭالىغۇدەك
بولغان مەريەم قوي قوتىنى تەرەپكە ماڭ ـ
دى. لېكىن ئۇنىڭ باغنى كۆرگىسى كەلدى ،
باھار بولغاچقا يۇمران چىققان بىخلاردا
شەبنەملەر ئوينايتتى .

ــ كېلىنىمىزنى ئېلىپ كېتەيلى ھېلىمۇ
بىر ئايدىن ئاشتى .

ــ بولىدۇ ئۇنى سىزنىڭمۇ بىزنىڭمۇ
باشقۇرۇش ھوقۇقىمىز بار . قېيىن ئانىسى
بىلەن ئانىسىنىڭ ئاۋازىدا ھۆكۈمرانلىق
تەلەپپۇزى بار ئىدى . مەريەم باغدىكى
بىر تۈپ ئانار گۈلنى سىقىملاپ يىغلاۋاتـ ـ
قاندا ئاشۇ تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلىـ ـ
نىشقا باشلىدى . « ئېسىت » دېدى ئۇ . بەلـ ـ
كىم ئۇ قويلارنى جاڭگالغا ئېلىپ ماڭغاندۇ .

ــ قىزىم ـ ئارقىدىن ئاڭلانغان ئانىسىنىڭ
ئاۋازى ئىدى . ئۆيگە كىر ، تەييارلىقىڭنى
قىلىپ قېيىن ئاناڭنىڭ ئارقىسىدىن كەت .

بۇ كۆزلەردىمۇ ئەشۇ نۇر ، تەلەپپۇزدا
شۇ قاتتىقلىق . ياق ، ياق .

ــ يەرگە بېسىپ دەسسىيەلمەيۋاتىمەن ، ـ
مەريەمنىڭ كۆزىدىن مۇڭلۇق نۇر چاقنىـ ـ
دى ، ئۇ ئۆچمەنلىك نۇرى ئىدى .

بۈگۈن ئىككىنچى ئاخشام ناخشا تېخىمۇ
يېقىنلاشتى . مەريەم بىر دەسسەپ ئىككى
دەسسەپ ئۆيىدىن يىراقلاشتى ناخشىغا
يېقىنلاشتى : بىر كۈچ ئۇنى تارتىپ كېتىـ ـ
ۋاتاتتى .

(ئاخىرى 21 ـ بەتتە)

مۇھەممەت توختى ئەخمەت

# باھاردىكى تېز سىزمىلار

1

زەڭگەر ئاسمان سەتھىدە شايى،
چۈچىلىرى تال - تال نۇرانە.
قاماشتۇرار كۆزلەرنى گاھى،
كالۋۇتۇنلۇق سانسىز دۇردانە.

ئويغىتىدۇ مەۋھۇم بىر نىدا،
دالىلارنى تىۋىشسىز نۇقۇپ.
يۈرەر ئاپتاپ ۋادىلار ئارا،
باش باھارنىڭ بېتىنى ئوقۇپ.

ئېسىپ سابا ئۇچىدۇ مەيىن،
ئويغاق ھېسنى قۇچۇپ — باغاشلاپ.
قاناتلانغان تەبىئەت ئەركىن،
ئارزۇلارنى يۈرەر ھاپاشلاپ.

2

ئەگىزلەردە تالىشىدۇ يول،
قاشتېشىدەك سالار بىئارمان.
يەڭلىرىدىن چىقارماقتا قول،
ئىللىقلىقنى سېزىپ باياۋان.

بارخانلاردا بېلىنى تولغاپ،
نەلەرگىدۇر قاچىدۇ قويۇن.
جۇلا ئۇرۇپ شوخ ئۇسسۇل ئويناپ،
ھارارەتكە چۆمۈلدى يۇلغۇن.

تۇمۇزغىلار چىرىلدىشىدۇ،
ئاھ، ھاياتلىق يەنە يەتتى، دەپ.
ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىدۇ،
كۆك مۇز پەسلى ئۆتۈپ كەتتى، دەپ.

3

ۋىلىقلايدۇ بۇلاق كۆلكىدە،
ئىغاڭلايدۇ كاككۈك قونغان تال.
تەقەززالىق سۆيگۈ ئىلكىدە،
تىپىرلايدۇ لىرىكىلىق ھال.

چاچلىرىنى تارىدى سۆگەت،
ھۆسۈن بېرىپ ئۆستەڭ بويىغا.
كۆي ئەۋجىدە قۇشلار بەغايەت،
« ئۆلەن » ئېيتتى كۆكلەم تويىغا.

تېرەكلەرمۇ ئاستى جابدۇنۇپ،
چاچلىرىغا يېشىل تەڭگىنى.
كۆتۈۋالدى ئالەم گۈل تۇتۇپ،
باھار ئاتلىق گۈزەل يەڭگىنى.

4

شاخلاردا گۈل، قىيالاردا گۈل،
يېشىللىقتا ياراشتى زەپ ئۈز.
گۈلگۈن دالا ئىرغىتىپ سۇمبۇل،
كۈلۈپ خۇشخۇي قاراشتى زەپ ئۈز.

يالتىرايدۇ شادلىق يېشىدەك،
يۇمران مايسا مەڭزىدە شەبنەم.
نازىنىنىڭ ئەگىم قېشىدەك،
كۆرۈنىدۇ ھىلال ئاي كۆركەم.

كەڭرى كەتكەن يېشىل مەخمەلدە،
ئېغىنايدۇ شامالار لەرزان.
ئېھ! سىغىسچۇ دىلغا شۇدەمدە،
ئالەمچە زور سۆيگۈ، ھاياجان؟

ئابدۇرشىت سەلەي

# باھار سۈرەتلىرى

(چاتما شېئىر)

### باھار قارلىرى

ئاي ئوغاق قېشىنى سۈزۈپ پارلايدۇ،
چاراقلار يۇلتۇزلار مەرۋايىتسىمان.
ئۇخلايدۇ ئانا يۇرت شېرىن ئۇيقىدا،
يېپىنىپ ئۈستىگە قاردىن ئاق يوتقان.
فېۋرالنىڭ سەھىرى مەرمەردەك تازا،

لالىنى ئەسلىتەر كۆن چىقىش تەرەپ.
چوغلاندى تاغلارنىڭ سەدەپ چوققىسى،
ئۇياتچان قىزلاردەك قىزىرىپ ئەجەب.
كۈمۈشرەڭ تون كەيگەن گۈزەل قەشقەرگە،
باقتى كۆن يېقىملىق لەۋلىرى پىستە.
هېيتگاھ، رەستىدە تۇرغان هۆرقىزلار،
مىسلى ئاق خەسىگە تىككەن گۈل كەشتە.
توزۇپ دەرەخلەرنىڭ قارلىق چېچەكى،
تاشلايدۇ تۈمەنگە سۈپ - سۈزۈك تامچە.
گويا ئەسلىگەندەك گۈزەل چۈشىنى،
خىيالغا چۆمۈلۈپ تۇرىدۇ باغچە.
قۇياشلىق ئاسماندا ئۇچار لەگلەكلەر،
ئۇ، مىسلى قەشقەرنىڭ كۈمۈش شارلىرى!
زەپ خۇمارلاشتۇرۇپ ئوتلۇق كۆزلەرنى،
تاۋلىنار باھارنىڭ ئاپئاق قارلىرى!

## باھار ئاپتىپى

مەرمەر تاڭنىڭ ئۇپۇقىدا پارلىدى قۇياش،
تۈننىڭ قارا پەردىسىنى يىرتىپ نۇربىلەن.
ئىزھار قىلىپ تەبىئەتكە ئىللىق تەبەسسۇم،
كۈلەرباھار ئاپتىپىخۇش، پاكغۇرۇر بىلەن.
زەڭگەر ئاسمان گۈمبىزىدە ئوينايدۇ شولا،
تولۇن ئاينىڭ جىلۋىسىدەك بەرق ئۇرۇپ پارلاق
سۈزۈك هاۋا بوشلۇقىدا تۇرار قەد كىرىپ،
كىيىپ تاغلار باشلىرىغا قاردىن ئاق قالپاق.
ئەندى زېمىن جامالىنى قىلغىن تاماشا،
يالتىرايدۇ ئېرىۋاتقان قارلار سەدەپتەك.
سۇنۇپ ئەنە دەريالارنىڭ مۇز ئەينەكلىرى،
پارقىرايدۇ سۇنۇقلىرى مىسلى سىمابتەك.
ناچۇق ئۈستەڭ بويىدىكى ياش سۇۋادانلار،
تېخى ئاخشام تۇرار ئىدى ئاق كۆينىكىدە.
قارىساڭ بۈگۈن ئازاد بولۇپ سوغۇق نىقابتىن،
چاچلىرىنى تارار كۈلۈپ سۇ ئەينىكىدە.
كۈلەر زېمىن، پارلار ئاسمان، يالتىرايدۇ قار،
تاڭ سەھەرنىڭ تەبەسسۇملۇق زەر قۇچاقىدا.
بولۇپ رەسسام خۇش مەنزىرە سىزدى تەبىئەت،
گۈزەل باھار ئاپتىپىنىڭ نۇر بوياقىدا.

## باھار شامالىرى

ئويغىتىپ تەبىئەتنى قىش ئۇيقۇسىدىن،
باھارنىڭ نەپسىنى ئېلىپ كېلىسەن.
خالاس قىپ دىللارنى جۇت تۇيغۇسىــدىن،
خۇشاللىق سازلىرىنى چېلىپ كېلىسەن.
سەن بىلەن دەرەخلەرنىڭ تاۋى يېشىلىپ،
شادلىقىدىن يوللارغا پوتلا تاشلايدۇ.
سەن بىلەن دېھقاننىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ،
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشىنى باشلايدۇ.
سەن بىلەن ئېرىپ توڭ، يۇمشايدۇ زېمىن،
سەن بىلەن تېرەك، تاللار بىخلار سۈرىدۇ.
سەن بىلەن مايسىلار ئېلىپ ئەركىن تىن،
يېشىللىق قۇچاقىدا چۈشلەر كۆرىدۇ.
سەن بىلەن لەگلەكلەر قىلار شوخ پەرۋاز،
چېچەكلىتىپ باھارنىڭ ئاسمانلىرىنى.
سەن بىلەن سۆگەتلەر قىلار جىلۋە - ناز،
ئۇسسۇلغا سىڭدۈرۈپ ئارمانلىرىنى.
سەن بىلەن جۇش ئۇرار شائىر دىللارنىڭ—
هاياجانغا تولغان لىرىك كۈيلىرى.
سەن بىلەن باشلىنار گۈل - گىياھلارنىڭ،
ئېچىلىش ئالدىدا قىلغان گەپلىرى.
سەن مەيىن يىپەكلىك باھار ئەلچىسى،
سۆيىسەن هاياتنى ئىللىق نەپەستە.
سەن مۇڭلۇق ناۋالىق سۆيگۈ كۈيچىسى،
ئاڭلايمەن ناخشاڭنى ئوتلۇق هەۋەستە.

## باھار ئەلچىسى

ئۇچ بولۇڭ چىقىرىپ تىنىق ئاسماندا
ئۇچۇشتى تۇرنىلار يېقىملىق سايراپ.
بۆكىنى ئېتىشتى ئوماق باللار،
باھارنىڭ ئىشقىدا دىللىرى يايراپ.
قولۇمنى سايە قىپ قۇياش نۇرىغا،
باقىمەن ئاسمانغا تىكىلىپ ئۇزاق.
ئەي، باھار ئەلچىسى كۈيچى تۇرنىلار،
كەلدىڭلار قەلبىمدىن ئورغىتىپ قۇشاق.

### باھار چېچەكلىرى

چېچەكلەر، چېچەكلەر، رەڭدار چېچەكلەر!
باھارنىڭ زەر تاجى ـ گۈلدار چېچەكلەر!
تۈن قارا پەردىنى يىغىپ قاچقاندا،
تاڭ نۇرلۇق كۆزىنى كۈلۈپ ئاچقاندا،
يۈتۈپ ئەتىر ھىدلىق خۇش ھاۋايىڭنى،
كۆردۈم چەكسىز گۈزەل گۈل جامالىڭنى!
چۈمۈلۈپ قۇياشنىڭ زەر شولىسىغا،
يارىشىپ يۇرتۇمنىڭ باغ ھويلىسىغا،
ئارتقاندەك شاخلارغا رەڭگا-رەڭ رەختنى،
چىرايلىق نەقىشلەپ ھەر تۈپ دەرەخنى،
ئەسلىتىپ جۇلالىق نەفىس گىلەمنى،
تېخىمۇ زىننەتلەپ يېشىل كۆكلەمنى؛
ئۇزىتىپ شائىرغا گويا گۈلدەستە،
تۇرسەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈستە!
چىرايلىق بەشكىرەم گۈلباغلىرىدا،
تۈمەن ۋە قىزىلنىڭ قىرغاقلىرىدا.
سىلىپ مۇرىسىگە كەتمەنلىرىنى،
نۇرلاندۇرۇپ ھاياتنىڭ چىمەنلىرىنى.
ئېتىزغا يول ئالار تاڭ يۇلتۇزلىرى!
يۇرتۇمنىڭ ئەمگەكچان ئوغۇل قىزلىرى!
زوقلىنىپ مەردانە گۈل سىياقىدىن،
قارايسەن، شادلىنىپ ئۇلار ئارقىدىن!
سېنى پەرۋىشلەپ ئەي قىلغان شۇلار!
مېۋىلەر پىشۇرۇپ مەي قىلغان شۇلار!
ئۇلار بار، سەن گۈزەل، يۇرتىمىز گۈزەل!
مەدھىيىلەپ بۇلبۇللار كۈيلەيدۇ غەزەل!
كۆردۈم سەن ئارقىلىق دەۋرىم ئەكسىنى،
گۈللەپ ياشناۋاتقان ئېلىم ھۆسنىنى.
ئەي، رەڭدار چېچەكلەر، رەڭدار چېچەكلەر
شەپەقتەك چىرايلىق گۈلدار چېچەكلەر!
ئېچىلغىن پورەكلەپ ئوتقاشتەك گۈزەل
كۈيلىسۇن شائىرلار يالقۇنلۇق غەزەل!

**مۇھەممەت روزى**

# شېئىرلار

### ئەسسالام، يۇرتۇمنىڭ غۇرۇرى تۈمەن

1

ئەسسالام يۇرتۇمنىڭ غۇرۇرى تۈمەن،
تەشرىپىم قوبۇل قىل ئەي ئانا دەريا.
سېغىنىپ كەلدىم مەن كۈيۈڭنى بۈگۈن،
كۈيۈڭگە كۈي قاتاي دەپ كەلدىم بۇڭا.
چايقالغان سۇلىرىڭ تۆكەر كۈي تۈمەن،
كۈي بىلەن ياشارغان بويۇڭدا تاللار.
يېشىللىق سۈيىڭدىن ئالار كۈچ ـ قۇۋۋەت،
كۈيۈڭدىن زوق ئالار قىز ـ يىگىت،چاللار.
سۈيىڭدىن قانلىرىم تۆرەلگەن تۈمەن،
بويىڭدا ئۆسكەنمەن تال چىۋىق ئويناپ.
ياش سۆيگۈم ئۇلغايغان قوينىڭدا سېنىڭ،
مېھرىبان يار بىلەن سۇ كېچىپ ئويناپ.
ئال مېنى قوينۇڭغا ئەي ئېزىز تۈمەن،
باغرىڭدا غۇلاچلاپ ئۈزەي مەن ئۈزەي.
سەن بەرگەن شادلىق كۈي ئىلھاملاربىلەن،
شەنىڭگە كۈي ياساپ مىسرالار تۈزەي.

2

ساھىلىڭ باغرىنى كەزدىم يار بىلەن،
قاپلىغان بولسىمۇ چاچلارنى ئاقلىق.
زوق ئالدىم جانانىڭ قاتقان قولىدىن،
بوپ قالغان بولسامۇ بۈگۈن بالىلىق.
مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگەن ۋادىغا،
قارىدىم كۆز تىكىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
تۈنجى رەت ئېيتقاندا سۆيگۈ كۈيىنى،
تۇرىدۇ قىرغاقتا جۇر بولغان قولۋاق.

ئورمانىنى سىلكىتىپ راۋابىنىڭ ئۈنى،
شامالغا مىنگىشىپ كەلدى يىراقتىن.
يار بىلەن جۆر بولۇپ ئېيتتىممەن ناخشا،
(ئېيتىمىغان بولسامىمۇ ناخشا ئۇزاقتىن).
جىمىرلار ئاسماندا كۆلۈپ يۇلتۇزلار،
ناز ئەكسى كۆرۈنگەچ سۈيىگدە تۆمەن.
جانانىنىڭ جۆرلەشكەن مۇڭلۇق ئاۋازى،
قەلبىمگە زوق بەردى، كۆي بەردى لېۋەن.
قول تۇتۇپ چىقىشتۇق كونا قولۋاققا،
باغرىڭدىن تىڭشىدۇق نۇزۇك كۆيىنى.
ئاھ، تەمكىن ئېقىشىڭ ئەي ئانا دەريا،
ئەسلىتەر سۆيگۈمنىڭ تۇنجى ئۈنىنى.
سەن شاھىد كۆيۈمگە تۇنجى سۆيگۈمگە،
ياشلىقىم سەلكىنى سېنىڭدە قالغان.
ئوبرازىڭ قەلبىمدىن چىقماس ھېچقاچان،
سەن كەبى كۆي تۆكۈپ ياشايمەن ھامان.

3

قېپ قالغان سېنىڭدە تۇنجى مۇھەببەت،
جۇش ئۇرغان يۈرىكىم سوقۇشى تۆمەن.
ئاشىقلار قىسسىسىن يادلىتىپ ماڭا،
دېگىنىڭ: «ۋاپالىق سۆيگۈنى ئۆگەن!».
كۆيۈگدە مەست بولدۇم، جۆربولدۇم بۈگۈن،
تاۋلانغان سۆيگۈمدىن ئاتىدىم قوشاق.
بىخ يارغان سۆيگۈلەر ياشنىسۇن سەندە،
ئاشىقلار قەلبىگە زوق بەرگىن ئۇزاق.

**قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا**

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
گۈزەللىكى، زىنىنىتى بار ئۆزگىچە.
ھايات ئىشقى ئۇنىڭ پاتماس قۇياشى،
بولماس پەقەت تۇپرىقىدا تۈن كېچە.
قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
غۇرۇرۇمنىڭ يېمىرىلمەس تېغى بار.
ئادالەتنى سۆيگەن ۋەتەن ئوغلىغا،
نېمەتلەرگە تولغان مېھرىم بېغى بار.
قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
تىلەك ـ ئۈنىڭ ئاسمانىنىڭ بۈركۈتى.
قونۇپ ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ ئەۋجىگە،
كامال تاپقان تەگدىشى يوق جۈرئىتى.
سولسا يۇمران غۇنچىسى گەر ئارزۇنىڭ،
قاپلار قەلبىم كۆكىنى مۇڭ تۇمانى.
چېچىپ ئۈمىد ئۇرۇقىنى قايتىدىن،
سۈرەر غالىپ ئىرادىنىڭ بورانى.
قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
بار پەزىلەت رەقىبىگە جۇدۇنى.
تۇتۇپ نەپرەت قىلىچىنى جەڭگاھقا،
ئاتلىنىدۇ ۋىجدانىمنىڭ قوشۇنى.
ھەقىقەتنىڭ شامى ئۆچۈپ، قۇترىسا ـــ
نادانلىق ھەم تەلۋىلىكنىڭ زۇلمىتى؛
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىدۇ گۈلدۈرلەپ،
چاقماق چېقىپ، سۈرلۈك قەھرىم بۇلۇتى.

× ×

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
گۈزەللىكى زىنىنىتى بار ئۆزگىچە.
ھايات ئىشقى ئۇنىڭ پاتماس قۇياشى،
بولماس پەقەت تۇپرىقىدا تۈن كېچە.

**تىنىقىمدا يۇرتۇم ھىدى**

زۇمرەت رەڭ دېڭىزدەك يەلپۈنگەن دالا،
بىر يارقىن قۇياشنى تۇغىدۇ سەھەر.
ھەر ياققا يوللايدۇ سۈبھى شامىلى،
كۈندۈزدىن ئەۋرىشىم چۈشۈمگە قەدەر.
ئېگىز تاغ قاپتىلى گىياھسىز ئەمەس،
ئۇ يەرنىڭ زىنىنىتى ئاق چېچەك يانتاق.
ئوتۇنچى ناخشىسى ئاقىدۇ پات ـ پات،
دېرەك يوق نەي چالغان چوپاندىن بىراق.
سۈس دولقۇن يارىتىپ يىراقتا دەريا،
بىر قەدىم قىسسەنى سۆزلەر بىتېنىم.
قوشماق ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن چىملىقتا،
بۇ كۆيگە ئامراق قۇش يازىدۇ ئىسىم.
ھەر تىنىق چاچىدۇ تۇپراق ھىدىنى،
يۈرەككە بىھۇشلۇق سۈيى ئېقىتىپ.

بوۋاقنىڭ كۆكسىدە ئارچا ياپرىقى،
شاد كۈلكە بېرىدۇ ناخشىسىن ئېيتىپ.
مەن ئەشۇ زېمىندا تۇغۇلغانىدىم،
ھەر ئۇچۇم تۇپراقتا كىندىك قېنىم بار.
مەن بۇگۈن يىراقتا تۇرساممۇ لېكىن،
يۇرتۇمغا مىڭ دېڭىز مۇھەببىتىم بار.

**كەپىدىكى ناخشا**

ئېسىمدە يۇلتۇزلۇق كەچكۈز ئاخشىمى،
ھىلال ئاي ئۈستۈمدە ئۇزەتتى ئاستا.
قەلبىمنى تىترىتىپ كەپە ئىچىدىن،
ئاقاتتى سېھىرلىك بىر كۈي، بىر ناخشا.
ئۇنى كىم ئېيتقاندۇ، بىلمەيمەن ئېنىق،
دەردلىك بىر ئىنساندۇر ياكى بىر غەمناك.
كۈيلىنەر ناخشىدا، ئورمان، دالىلار،
بۇ كۈي بەك سۆيۈملۈك غۇبارسىز ھەم پاك.
مەن ئەشۇ كەپىدە تۈنىدىم ھەر كەچ،
يەنە شۇ بىر ناخشا ئېيتىلار تەكرار.
يۈكسەك بىر ئالەمدە كۆكچۈللەر گىرە،
دۇتارنىڭ تارلىرى، غەملەرگە ئەسرار.

**ئابدۇللا ئوسمان**

# غەزەللەر

I

كاۋاپ بولۇپ ئىشقىدا ، كۆيگىنىمدىن ئايرىلدىم،
قوش مېغىزدەك ياندىشىپ ، يۈرگىنىمدىن ئايرىلدىم.
خوشلىشىپ يېنىپ كەلدىم ، ۋەدىسىنى ئېلىپ كەلدىم،
ئۆز جېنىمدىن ئارتۇقراق كۆرگىنىمدىن ئايرىلدىم.
سارغايدى ئانار رەڭگىم ، پۈكلەندى ئېلىپ قەددىم،
ئەل ئالدىدا ماختىنىپ كۈلگىنىمدىن ئايرىلدىم.
ياغقاندىمۇ باشقا تاش ، بەرگەن ئىدۇق بىز چىداش،
يىلتىزىمدىن چىرمىشىپ ئۈنگىنىمدىن ئايرىلدىم.
كۆرسەت سۆبات قاراقاش ، ھەمراھ ساڭا ئاي، قۇياش،
ھېچكىمگە دېمىگىن : سۆيگىنىمدىن ئايرىلدىم.

**I**

چاقىرسام كەلمىدىڭ دىلبەر ، سۆزۈمگە كۆنمىدىڭ دىلبەر،
ساراڭمەن ئىشتىياقىڭدا ، ئوتۇمدا كۆيمىدىڭ دىلبەر.
مۇھەببەت دەردىنى تارتسام، چىدالماي ئاھ ئۇرۇپ ياتسام،
قەلەندەردەك قوشاق قاتسام، مۇناسىپ كۆرمىدىڭ دىلبەر.
ئالاي دەپتىم سېنى زەرگە ، كى مۇمكىن بولمىدى دەرگە،
باھاردا ئەڭ ئېكىن يەرگە، تېرىدىم ئۈنمىدىڭ دىلبەر.
كۆكۈل كۆكسۈمدىكى ئايسەن، ۋاپا ئىنسابقا زەپ بايسەن،
گۆھەرلىك چاڭقىغان سايسەن، خۇمارلىق كۈلمىدىڭ دىلبەر.
مۇرادىسىز سىگمىدى ئاشىم، سۇغارسۇن سېنى كۆز ياشىم،
پىدا بولسۇن ئېزىز باشىم، بولايمەن سۆيگىنىڭ دىلبەر.

III

بەرسىڭىز ئەگەر كۆڭۈل مەيلىڭىزنى،
چۈشەنسەم ئەردى يۈرەك قەلبىڭىزنى.
دوست، دۈشمەن باشقا بالا كەلتۈرسىمۇ،
تارتسامۇ «شۈكرى» دەيتتىم دەردىڭىزنى.
قىلچىلىك قىيىن مۈشكۈل ئىش ئەمەستى،
باغ بىنا قىل دېسىڭىز كەڭ دېڭىزنى.
باغرىڭىز يۇمشاق تۇرۇپ قەشقەر قىزى،
بۇزماڭا ئۇنچىۋالا پەيلىڭىزنى.
ئابدۇللا رازى سىزدىن مىڭ مەرتىۋە،
باغاشلاپ ئۆلۈپ قالسا مەيدىڭىزنى.

IV

نىگاھىڭ ماڭا ئوت ياقسۇن،
جىمى ئەل زوقلىنىپ باقسۇن.
كۆلۈپ شاد بۇلبۇلۇم سايراپ،
چىمەندە شوخ قانات قاقسۇن.
قىلايلى توي ئېزىز خەلقىم،
خۇشاللىق قەنتىنى چاقسۇن.
مۇراد ھەل بولدى ئوغلۇم دەپ،
ۋەتەن كۆكسۈمگە گۈل تاقسۇن.
مۇھەببەت كۆكسىدە پارلاپ،
ساداقەت چاقمىقى چاقسۇن.
قىيا ئۆزگە نەزەر سالسام،
كۆزۈمنىڭ گەۋھىرى ئاقسۇن.
ۋاپايىڭغا جاپا قىلسام،
ئىلان بىرلە چايان چاقسۇن.

## مۇۋەششەھلەر

I

قەلەم تۇلپارىغا مىندى، قىلىپ خۇش بارچىنى دوستۇم،
ياساپ ئۆركەش تومۇرىدا ئىجادكارلىق قېنى دوستۇم.
ئاجايىپ ئىقتىدار بىرلە غۇرۇرلۇق نەزمىلەر تۈزدى،
يۈسۈپ، مەھمۇت نىزارىدىن سۆيۈنگەچ جان ـ تېنى دوستۇم.
ۋەتەن ـ ئەل ئىشقىدا گويا يېنىپ گۈلخانىغا ئايلاندى،
ئۆگەندى ھەق ئۈچۈن دائىم بېغىشلاپ زېھنىنى دوستۇم
ئۇلۇغ كاسكا مازارىنى تاۋاپ ئەيلەپ ئىزىزلايدۇ،
بۈيۈك ئۇستاز تەجەللىنىڭ بولۇپ ئۆز مېھمىنى دوستۇم.
لوتۇندەك دەل جاۋاب بولساڭ ئۆمۈربات ئازمىساڭ ئەسلا،
پەخىرلىك ئوغلىمىز دەيدۇ جىمى ئىقلىم سېنى دوستۇم.

I

تىلدا پىكرى، دىلدا مېھرى ساقلىنار ھەر دائىما،
قاپلىغاچ قەغەز يۈزىنى مىس ئەمەس زەر دائىما.
ئۇخلىماي شامۇ ـ سەھەر سۆز كانىدىن گەۋھەر قېزىپ،
بىرنى بىر دەپ ھەقنى كۈيلەپ تىزدى جەۋھەر دائىما.
رەڭگى ئالما، قەددى شەمشات، كۆڭلى ئاق كەمتەر دىبان،
ماختىشار يەر ئۈزرە قىزلار، كۆكتە ئەختەر دائىما

ئارزۇ ـ ئارمانى چىچەكلەپ بەرگۈسى ئالتۇن مېۋە،
ئەلگە ئەيلەپ جان پىدا تۆككەچكە قان ـ تەر دائىما.
پەر قېقىپ سۇمرۇغ كەبى كۆزلەپ نىشان ئۇچقىن ھامان،
خۇش ۋىسالىنىڭ پەيتىنى كۈتمەكتە دىلبەر دائىما.

ئەركىن داۋۇت

# شېئىرلار

## چۆش قوينىدا ياتقان مۇز ئوكيان

1

چاقتى چاقماق چاچرىتىپ ئۇچقۇن،
ئوت قاپلىدى بوشلۇقنى شىددەت.
قارا بۇلۇت چىرمىشىپ غەمگە،
ئۆكسىگەنچە يىغلىدى قەۋەت.
ئەللەيلىنىپ ياتقان مۇز ئوكيان،
چۆش قوينىدا سىلكىندى رەت ـ رەت.

2

سوغ كۆزىنى ئاچالماي ھۇقۇش،
موللاق ئېتىپ يىقىلدى يەرگە.
ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتتى شۇ دەم،
غەرق بولۇپ قاپقارا تەرگە.
نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ چۆللۈك،
قۇم دۆۋىسى ئايلاندى زەرگە.

3

پۈتۈن ئىقلىم ياسىنىپ تۇزدەك،
يېڭىلىنىپ جانلاندى ھايات.
ئۈۋىسىدا تويۇنغان باچكا،
ئۈمىدلىنىپ چىقاردى قانات.
دولقۇنلىنىپ تۇرمۇش دەرياسى،
شادلىقىدىن چايقىدى ناۋات.

## كۆزلىرىڭ

ئوكيانمۇ ئۇ سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
قاراش، بىلەن سىڭىپ كېتىمەن.
دولقۇنلىرىڭ ئۇرسا شىددەتلىك،
غەيرىتىم بار يېڭىپ كېتىمەن.

بېلىقلىرىڭ قىلىدۇ خىرىس،
بىراق ئاڭا يۇرىكىم ھېرىس.
چەكسىزلىككە ئېتىلىپ ھەردەم،
ئۆكۈنمەستىن بېقىپ كېتىمەن.

مۇراد بىر كۈن بولىدۇ ھاسىل،
گۇمران بولۇپ يىقىلسا پاسىل.
دولقۇنۇڭغا قوشۇلۇپ شۇندا،
مەنمۇ دولقۇن ئېتىپ كېتىمەن.

## چۆلدىكى توغراق

مەن گويا كى چۆلدىكى توغراق،
قەد كۆتۈرۈپ كۆكلەيمەن دائىم.
تەلۋە بوران سالسىمۇ تەھدىت،
ھاياتىمدىن يېمەيمەن ۋايىم.

سىرداش بولۇپ سانسىز قۇشلارغا،
شاخلىرىمدىن بىرىمەن ئورۇن.
ۋىچىرلىشىپ ئوينايدۇ ئۇلار،
ھەر كۈنلىكى تۈزۈپ شوخ سورۇن.

سايە تاشلاپ توشقان، كىيىككە،
چاقچاق قىلىپ تۆكىمەن ياپراق.
ئۆتكۈزىمەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى،
قورسىقىمنى كەڭ تۇتۇپ شۇنداق.

نۇردۇن مۇسا

## ئىككى شېئىر

### نۇر

نۇر ئىچرە تۇغۇلدۇم، نۇرغا بۆلەندىم،
پاك زېمىن نۇر بىلەن يەتكەن مۇرادقا.
تەبىئەت قۇچىقى نۇردا تاۋلانغان،
جان بەرگەن ئاشۇ نۇر باتۇر ئەۋلادقا.
ئاشۇ نۇر جاندارلار ھۆسنىگە بېزەك،
ئېپ كېلەر تەنتەنە كەڭ كائىناتقا.

شۇ نۇرنىڭ جەزبىلىك چاقناشلىرىدىن،
كۆرىمەن جانانىنىڭ بېقىشلىرىنى.
سېھىرلىك جىسمىدىن، ئاھۇ كۆزىدىن،
سۆيگۈنىڭ دەرياسى، ئېقىشلىرىنى.
جىلۋىگەر شۇ نۇردىن ياسىلىپ بىر كۈچ،
گۈزەللىك چاقمىقى چېقىشلىرىنى.

شۇ نۇردىن تۆرەلگەن ئاشۇ ئۇز جانان،
ھىجرانى جىسمىمنى سالدى لەرزىگە.
يىغلايدۇ يۈرەكنىڭ تارىسى مۇڭلۇق،
يۇلتۇزلار قىزغىنىپ چۈشتى ئەرزىگە.
جانانىنىڭ نۇردىنمۇ سۈزۈكلۈكىدىن،
ئاھ شۇ تاپ بوغۇلدۇم سۆيگۈ قەرزىگە!

شۇ نۇردىن يورىغان قەلبىم ئاسمىنى،
قاماشتى كۆزلىرىم، كەتتى يالتىراپ.
ئازۇك ھېس - تۇيغۇلار قىلدى ئەسىرلەر،
ھۇشۇممۇ مالىمان، دىلدا ئىزتىراپ.
گۈزەللىك قىينايدۇ شۇ تاپتا مېنى،
كۆزۈمدە مۆجىزە، كەتتىم پىقىراپ.

### جانان بولاي دەپ

«خەتلەر يېزىپسەن جانان بولاي دەپ،
مەڭگۈگە بىر تەن، بىر جان بولاي دەپ.»
رازى ئىدىمەن دەپسەن خېتىڭدە،
بوينۇڭدىكى كۆز مارجان بولاي دەپ.
سۆيگۈ گۈلىنى ياشنىتىپ بىرگە،
ساڭا بىر ئۆمۈر دەرمان بولاي دەپ.
بولسا ئەگەردە مۇرادىم ھاسىل،
سەن ئۈچۈن مەڭگۈ قۇربان بولاي دەپ.
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىسام ئەگەر،
يەر يۇتسۇن مېنى سەرسان بولاي دەپ.
ئىشەندىم جانان، قول بەردىم ساڭا،
ئىشقىڭ ۋەسلىدە گۈلخان بولاي دەپ.
ۋىسال دەشتىنى سۇغا قاندۇرغان،
سۆيگۈ دېڭىزى، ئاسمان بولاي دەپ،

ھۆسەن روزى (تىرىك)

## ھېسلىرىمدىن تامغان قەترىلەر

### مەجنۇن ساداسى

دېمە يار كەمسىتىپ: «قەلبىڭدە ئوت يوق،
چېھرىڭدە نە ئاپتاپ، قەھرىلىك جۇت يوق...»
كۆيدۈرۈپ ئىشقىڭدا ئەيلىدىڭ مەجنۇن،
چاپلاشتىم قاچساڭمۇ «ساراڭغا سوت يوق!»

### ئىبرەت

قاشادىن سەكرىدىم بىر باغقا چۈشتۈم،
«ۋاي پۇتۇم!...» دەپ قولتۇق تاياققا چۈشتۈم.
تەن بەرمەي كېچىسى دېرىزە ماراپ،
ئاقىۋەت رەھىمسىز قىلتاققا چۈشتۈم.

**نەسىھەت**

قوشىقىن يالغاننى ۋەدىگە، سۆزگە،
سىھىرلىك توپاڭنى چاچمىغىن كۆزگە.
دەۋاپسەن ئۆزۈڭنى: «تەڭداشسىز ئاقىل...»
«سانىساڭ سەن تاشنى، قۇمسانار ئۆزگە».

**ساختىلىق**

شارابنىڭ قۇدرىتى يۈزۈڭدىن ئايان،
ساختىلىق شولىسى كۆزۈڭدىن ئايان.
بەشىرەڭ سىغماستىن ئەپچىل نىقابقا،
بولدىغۇ ئۆتكەلدە سۆزۈڭدىن ئايان.

**ئىناقلىقتىن ئۆرنەك**

كەمستىمگىن ئاقتامىدا كۆرسەڭ داڭگال،
ئۇ، بىسىمدىن توپىلارنىڭ ئۇيۇشقىنى.
ئازارلىق نابۇت قىلغان روھلارنىڭ بىزگە،
ئىناقلىقتىن ساۋاب بېرىپ قوۋۇشقىنى.

**ئەنۋەر تۇرسۇن**

**مىننەت**

چالۋاقىدى ئاجىزلارغا دوق قىلىپ،
«مەرد» لىكنى ئاتتى يۈزگە ئوق قىلىپ.
ئارىسىزلىقنى كۆڭۈللەردىن ئۆچۈردى،
تەشەككۈرلار نۆۋىتىنى يوق قىلىپ.

**تەلۋىگە**

يەتمىگەندە كۈچۈڭ دەناغا،
ھەيۋەڭ مۇشتىن كالتەككە چىقتى.
ئەلنىڭ رايى ئالغان سىناقتا،
پاھ، دەسمايەڭ غالتەككە چىقتى.

**ساقى**

كالتە قوشۇق سىپىغا ئىرىشكەن باقى،
بوپ قاپتۇ بۆكۈنكى سورۇنغا ساقى.
تەڭلەيدۇ رۇمكىنى ئەمەلگە قاراپ،
دەپ:«قوش قىل ئامەتنى پەلەكنىڭ چارقى!»

1990-، 1991-يىللار، قاراشەھەر.

# شېئىرلار

**ۋەتەن**

دەۋزەخلەرگە تاشلىدى خۇدا،
كۆيدۈم، يەنە يانىدىم سەندىن.
روھىم نىمە، بولمىدىڭ جۇدا،
ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولغان تەندىن.

توزىتىدۇ بورانلار ئۇنى،
ئۇچۇرىدۇ ئالەمدە ھەر يان.
ھەر زەررىدە ئىشقىڭ ئۇچقىنى،
ھەر زەررىدە ۋەتەن بەرگەن جان.

**مۇز ھەيكەل**

نە كۈندۈزگە گۇۋاھدۇر قۇياش،
قار... شىۋىرغان ئۇينايتتى ئۇسسۇل.
ھەيكەل ياسار بىر ھەيكەلتاراش،
مۇزدىن يەنە مۇزنى قىلىپ ھۆل.

تۇرار سىرلىقلىقىنا كۆز تاشلاپ،
قار يېپىنغان نەپىس مۇز ھەيكەل.
ئۇ ياسالغان شۇ كۈندىن باشلاپ،
تاماشا قىپ توختىمىدى ئەل.

مۇز ھەيكەلنىڭ ئالدىدا يىگىت،
سۆيگۈ ئىزھار ئەيلىدى قىزغا.
قىز قىزاردى يۈرەك تىنىمسىز،
ئېنتىلەتتى جاۋاب ئېغىزغا.

باھار... ئېرىپ كەتتى مۇز ھەيكەل،
پۈركەندى ھەم ئۇ جاي گۈللەرگە.
گۈل تاماشا قىلار ئەمدى ئەل،
قىزمۇ كەلدى مۇشۇ كۈنلەردە.

كۆرۈنمەدى ئۇندا مۇز ھەيكەل،
كۆل قاپلىغان ئۇ يەرنى تامام.
قىز خىيالچان تۇرۇپ بىر مەھەل،
قىلدى ئاستا يولىنى داۋام.

**تۇغۇلمىدىم ياشىغان بىلەن**

تۇغۇلمىدىم ياشىغان بىلەن،
مەندىن يىراق تۇغۇلۇش - ئۆلۈش.
تۇغۇلارمەن تەگرى روھىمغا-
ئىنسانلىقنى بەرسە بىر ئۆلۈش.

**مەن يىغلىدىم**

مەن يىغلىدىم، يىغلىگىنىمنى،
پەقەت دەردلىك يۈرىكىم سىزەر.
مەن يىغلىدىم غەمكىن دىلىمنى،
مەغرۇرلۇقنىڭ ھىسلىرى ئىزەر.

**پارچىلار**

كۆل ماختىنارمىش،
قوينۇمدا ئۈزەر ئاي - دەپ.

ئاي ئاھ ئۇرارمىش،
كۆلنىڭ ھالىغا ۋاي، - دەپ.

×

مۇشۇك دىدى چاشقانغا،
— سىنى يەيمۇ؟ يىمەيمۇ؟
چاشقان دىدى: مەن سىنى،
مۇشۇك دەيمۇ؟ دىمەيمۇ؟

×

ئاق بۇلۇتلار قاچمايدىكەن ئەجەبا،
قارا ئىسلار يېتىپ كەلسە قېشىغا.
ئاق بۇلۇتنى قاراييتالماس قارا ئىس،
قوشۇلىدۇ بىراق ئۇنىڭ يېشىغا.

×

ئۆلمەي تۇرۇپ قەۋرە قوپۇردۇم،
جاپا چېكىپ ئۆزۈم - ئۆزۈمگە.
كىرىپ كەتتى چۈنكى ئەزرائىل،
ياشقا تولغان نۇرسىز كۆزۈمگە.

×

باسار مېنى غەملەر تاغ كەبى،
خىيال قىلسام جانان ۋەسلىنى.
خىيالىلىرىم ئۇچقۇر ھەم سەبى،
كۈتەلمەيدۇ باھار پەسلىنى.

**ئابلىمىت نىياز**

# پارچىلار

قەلبىدە خالايىق سۈرەتلەر سېنى،
قەغەزسىز، قەلەمسىز ھېچبىر پەرمانسىز.
ئىنسانى قىممەت ئەينىكىڭ ھەم شۇ،
قېلىپتا قۇيغاندەك قىلچە نۇقسانسىز.

×　　×

كىشىگە ئەيلىمە ھەرگىز سۇيىقەست،
قالقاندىن ئايرىلما، دائىم بول پەخەس.

دوستلارغا مۇرۇۋۋەت ئەيلە مىننەتسىز،
بولغايسەن شۇندىلا غالىب، زەبەردەست.

×　　×

ئۇردىنى كىرىپ تۇرۇپ كولايدۇ ئۆزى،
تەكتىنى بويى بىلەن ئۆلچەيدۇ ئۆزى.
ئاخىرى شۇ ئورىغا كۆمۈلۈشىنى،
بەدنىيەت تۇيەلىدىن بىلمەيدۇ ئۆزى.

ئىبراھىمجان ئايۇپ

## شېئىرلار

### زەڭگەر كېچە

چەشمە زۇلال يېنىدا تەنھا،
خىيالىمدا بەخت ئىزلەيمەن.
خالىمايمەن يېنىمغا ھەمراھ،
شىر - شىر بۇلاق، ساڭا سۆزلەيمەن.

شىر - شىر بۇلاق، ساڭا سۆزلەيمەن،
يۈرىكىمدە ئۆلگەن ھاياجان.
ۋۇجۇدۇمنى يىغلاپ بەزلەيمەن،
ھېچ باقمىدى مەن سۆيگەن جانان.

شىلدىرلايدۇ بۇلاقنىڭ سۈيى،
مەن ئىچىمدە ناخشا ئېيتىمەن.
سەن ھاياتتا پاكسەن سۈزۈك سۇ،
سېنىڭ بىلەن يىراق كېتىمەن.

زەڭگەر كېچە، كۈمۈش تولۇنئاي،
سەن ئاڭلىغىن مەن ئۆكسۈپ يىغلاي.

### قىيا تاشقا يۆلىنىپ...

دەريا ھازا ناخشىسىنى ئېيتىدۇ،
شاۋقۇنىدىن تېكىستىنى ئاڭلايمەن.
پاك قەلبىمدىن ئىزگۈ ھېسلار قوزغىلىپ،
ئۆكسۈپ مەنمۇ دەريالاردەك يىغلايمەن.

مەن يىغلايمەن يېتىم قالغان بوۋاقتەك،
ھەسرىتىمدىن تەۋرىنىدۇ تاغ - دالا.
يۈرەكلىرىم سوقۇپ تۇرار قولۋاقتەك...
چىمەنلىكتە قۇرۇپ قالغان گۈل - گىياھ.

مەن تۇرىمەن قىيا تاشقا يۆلىنىپ،
قارا قۇيۇن كۈچەيتىدۇ بورانىنى.
ئۈيقۇسىدا مىڭ قەسىرنى ياراتقان
ئۇخلاتمىدىم ئۇماق سەبى بالامنى.

### سۈكۈت

گۈرۈستانلىق سۈكۈتكە چۆمگەن،
جىمجىتلىقنى ناخشا تىلغايدۇ.
دەلدۈش شائىر تىمسىقلاپ يۈرگەن —
مەجرۇھلاردەك ئۈنسىز يىغلايدۇ.
ئۇ - ھاياتتا ئېزىققان گاداي،
كۆزى قىزىل، ناخشىسى لاي...لاي...

### تەڭ كۆلەيلى

ھايات تېخى ئېچىلمىغان سىر،
ھاياتىمنى گۈلدەك ئاسرايمەن.
يېتىملەرگە ياسايمەن قەسىر،
مەن ئۆزۈمنى ئادەم سانايمەن.
جىلۋە قىلار ئۇپۇقتا قۇياش،
تەڭ كۆلەيلى پۈتكۈل قېرىنداش!

1991 - يىل، ئاتۇش.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئەبەيدۇللا

پەرھات ياسىن

# ئىككى ھېكايە

## توي باغىقى

ۋاھىت زاۋۇتنىڭ سېخ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا نۇرغۇن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشۋەتكەندىن كېيىن، ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ، سىرتىملىق سومكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. كېلەڭسىز گەۋدىسىنى يان تەرەپتىكى كرېسلوغا تاشلىدى. كۆزىنى يۇمۇپ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىدى - دە، ھۆججەت ئاختۇرۇۋاتقان مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقىغا قاراپ:

— ئورۇنلۇق بولمامدىغان، ئەسلى بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، ھېلىمۇ ھەم دەل جايىدا بولدى. بولۇپمۇ توي - تۆكۈننى كىچىك دائىرىدە ئۆتكۈزۈشنى ئالاھىدە تىلغا ئالغانلىقىڭىز تولىمۇ بەلەن بولدى. دېمىسىمۇ بىر قانچە مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى بار زاۋۇتىمىزدا ھەر يەكشەنبە توي - نەزىر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل ئىزدەپ چاقىرغان مېھمانلارنى كۈتۈش - ئۇزىتىش ساھىبخان ئۈچۈن تولىمۇ ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. باردى - كەلدىلەرنىڭ تولىلىقىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىغىمۇ تەسىر يېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ بىر مۇنچە چىقىم...

— ھە، بۇ ھەقتە خېلى توختالدىمغۇ دەيمەن؟ - دېدى ۋاھىد ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، - بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلايلى، توي - نەزىرلەر كىچىك دائىرىدە ئۆتكۈزۈلسۇن!

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، چۈشكە يېقىن بۆلۈمگە ئىشخانا كاتىپى كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل مۇتەللىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن بىر قىزىل باغاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، مۇتەللىپكە سۇندى. ئاندىن ۋاھىتقا بىر پارچە ھۆججەتنى بېرىپ، بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاھىت قولىدىكى ھۆججەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇ سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ھۆججەت ئىدى. شۇ ئەسنادا مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى مۇتەللىپ قولىدىكى باغاققا قاراپ:

— ھە، ئۆتكەنكى سۆزنىڭ روھىي بويىچە كىچىك دائىرىدە ئۆتكۈزمەكچى بولغانىكەن - دە، - دېدى خۇرسىنىپ، ئۇ باغاقنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ سېخلارنى ئارىلايدىغانلىقىنى ۋاھىتقا ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ۋاھىت بىر پەس ئويغا چۆكتى: «ۋۇي، قانداق گەپ، بۇلار كىچىك دائىرىدىن مېنى چىقىرىۋەتتىمۇ نېمە؟» ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇتەللىپنىڭ ئۈستىلىدىكى باغاقنى قولىغا ئالدى. بۇ توي باغىقى مۇتەللىپكە قارىتىپ يېزىلغانىدى. ۋاھىتنىڭ ئاچچىقى كەلدى. «مەن بىرىنچى قول تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىممۇ، ئابرويىممۇ

ئۇنىڭدىن... ھەي توختا، مېنىڭ باغقىمنى ئۇنتۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە؟» ۋاھىت ئىشخانا كاتىپىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ باغقىنى سۈرۈشتۈردى. كاتىپ ئۇنىڭ باغقىنى كۆرمىگەنلىكىنى، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى. ۋاھىت يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى. «مەن كىچىك دائىرىدە قىلىشنى ئېنىق ئېيتتىمغۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ باشچىلىقىمدىكى ئاقساقاللاردىن تەشكىل تاپقان كىچىك دائىرە بولۇش كېرەكتە. خۇددى ھېلىقى مۆيدىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتەك...» ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ئىشخانا كاتىپى كىرىپ كەلدى.

ئۇ ۋاھىتقا:

— باشلىق، مەن توي ئىگىسىدىن سۈرۈشتە قىلدىم، ئۇ سىزنىڭ تەكلىپىڭىزگە ئاۋاز قوشۇپ، پەقەت ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا باغاق تارقىتىپتۇ، مۇتەللىپ ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا باغاق يازغانىكەن،- دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

ۋاھىت كرېسلوغا چۆككىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇ توي - تۆكۈننى «كىچىك دائىرە» دە قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ دائىرىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىنى ھېس قىلدى- دە، چىرايى ۋىللىدە قىزاردى.

## ئايرىلىش

— توختىخان ھەدە ئاڭلىدىڭىزمۇ، سەمەت ئاكىنىڭ قىزى گۈزەلئاي مۇللىكامنىڭ ئوغلى ساتتار بىلەن ئەمەس، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ.

— ئاڭلىشىمچە، مۇللىكامنىڭ ئوغلى ساتتار گېئولوگ ئەترىتىدە باشلىق بولغانمىش، پارتىيىگە كىرگەنمىش، شۇڭا گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىشقا يالتىيىپ قالغان چېغى...

— ۋاي كۆڭلى قارا پەسەي! شۇنداق ئاقكۆڭۈل قىزغىمۇ يۈزسىزلىك قىلامدۇ-ھە؟

— بىچارە قىز ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر مۇئەللىم بالا بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇدەك.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. بۇ گەپلەر ساتتارنىڭ گۈزەلئايغا يازغان بىر پارچە خېتىدىن كېيىن پەيدا بولغانىدى.

بىر كۈنى گۈزەلئاي سىنىپتىن چىقىپ، ئىشخانىسىدا جوزا ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆردى. ئۇ خۇشاللىقىدا (چۈنكى بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭغا ساتتاردىن خەت كەلمىگەنىدى) خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولماستىنلا چىرايى تاتىرىشقا، خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياش قولىدىكى خەتنى ھۆل قىلىۋەتتى.

خەتتە: «خىزمىتىم ئالدىراش بولۇپ قالدى، چۈنكى مەن ھازىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ خەت يازىدىغانغىمۇ ۋاقتىم چىقمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر قىز بىلەن...» دېگەن سۆزلەر، ئاخىرىدا يەنە «شۇڭا مېنى كەچۈرگىن، ئۇنتۇپ قالغىن، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن...» دەپ يېزىلغانىدى.

گۈزەلئاينىڭ بۇ خەتكە ئىشەنگىسى كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلار بالىلىق دەۋرىدىلا بىللە ئويناپ ئۆسكەن، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىمۇ بىرگە ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ قىلىشمىغان مۇھەببەت سۆزى ياكى بىلىشمەيدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى، ساتتار كېتىش ۋاقتىدا ئۇلار

(ئاخىرى 80 ـ بەتتە)

نەسىرلەر

ئەسئەت ئابدۇقادىر

# مۇھەببەت گارمونىيىسى

## ئەسلەش

مەن قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ چەكسىز دېڭىزغا نەزەر تاشلىدىم. دېڭىزنىڭ رەڭگى كۆك، دولقۇنىنىڭ قىياتاشقا ئۇرۇلۇشىدىن ئۈستى - بېشىم چىلىققىدە ھۆل؛ لەۋلىرىمدىكى سۇ تامچىلىرى قىرتاق، تۇزلۇق. گويا ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىقى كۈنگە ئوخشاشلا ئۈستى - بېشىم چىلىققىدە ھۆل...

ئۇ چاغ باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى. ھېلىھەم ئېسىمدە، يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. قولۇمدا نە كۈنلۈك، ئۈستۈمدە نە يامغۇرلۇق يوق ئىدى. كىيىمىم يامغۇردا چۆپ بولۇپ تېنىمگە چاپلىشىپلا قالغانىدى. قولۇمدىكى يېڭىلا ئۈزۈۋېلىنغان بىر دەستە ئەترىگۈلنى يامغۇردىن ساقلاش ئۈچۈن بىر لەمپە ئاستىغا كېلىپ، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتتۈم. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي مەن تۇرغان لەمپە ئاستىغا يامغۇرغا چىلىشىپ كەتكەن بىر قىز كېلىپ پاناھلاندى. ئۇ، يۈزلىرىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— يامغۇر ئەجەب تۇيۇقسىز يېغىپ كەتتى، - دېدى.

— ھەئە، شۇنداق تۇيۇقسىز ياغدى، - دېدىم مەن.

مەن قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيران قالدىم، ئۇ تولىمۇ لاتاپەتلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ جەزبىلىك تۇرقىدىن ئايالىمنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— بۇ گۈل تولىمۇ چىرايلىقكەنە، - قىز قولۇمدىكى گۈلگە مەسلىكى كەلگەندەك تىكىلىپلا قالدى.

— بايىلا ئۈزۈپ كەلگەن.

......

يامغۇر توختىدى، يوللاردا يامغۇر سۇلىرى ئاقماقتا. بىز لەمپە ئاستىدىن چىقتۇق. ئايرىلىدىغان چاغدا مەن قولۇمدىكى گۈلدەستىنى قىزغا سۇندۇم:

— قىزچاق، بۇ مېنىڭ سىزگە سوۋغام بولۇپ قالسۇن. قىز بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ:

— رەھمەت ئاغا! - دېگىنىچە ئويناقلاپ يۈرۈپ كەتتى. مەن قۇرۇق قول قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدىم. قىز تولىمۇ ئوماق، بەئەينى ئايالىمنىڭ ئۆتمۈشى ئىدى...

## سېغىنىش

خىلمۇ - خىل گۈل - چېچەككە ئورالغان بۇ ئارال، قۇشلارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايراشلىرى بىلەن جانلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ سەھىرى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ.

سۆيگىنىم بىلەن ئىككىمىز ئېگىز قىيادا تۇرۇپ قۇياشنىڭ دېڭىزدىن بالقىپ كۆتۈرۈلۈشىنى تاماشا قىلىمىز.

— كۆۋەجەپ چايقىلىۋاتقان دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نەقەدەر گۈزەل - ھە!؟- دېدى سۆيگىنىم ھاياجان بىلەن.

— بىزنىڭ يۇرتتا قۇياش زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ قۇياش تولىمۇ گۈزەل ئىدى، - دېدىم. سۆيگىنىم ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى...

چىڭقى چۈشتە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلدۇق. سۇ قىرتاق ھەم تۇزلۇق ئىدى. بىز ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقاندا، سۆيگىنىمنىڭ بەدىنىدىكى سۇ تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى.

— دېڭىزغا چۆمۈلۈپ ئارقىدىن قۇياشقا قاقلىنىپ يېتىش نېمىدېگەن راھەت،- دېدى سۆيگىنىم ئاپئاق تەنلىرىگە قۇم سەپكەچ.

— تاتلىق سۇلۇق كۆللەرگە چۆمۈلۈپ، توپىغا كۆمۈلۈش بۇنىڭدىنمۇ راھەت،- دېدىم. سۆيگىنىم تەئەججۈپتە ماڭا قارىدى.

بىر كۈنى كۆك ئاسماندا چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلار دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن تۇرنىلارنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

— ئۇلار ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىۋاتىدۇ،- دېدى سۆيگىنىم. بىردىنلا كۆڭلۈم غەش بولدى. ئارقىدىن قەلبىمنى پەرىشانلىق چىرمىۋالدى. ئۆزۈمنى ماكانسىز، يىگانە قالغاندەك ھېس قىلدىم.

## سۆيگۈ گۈلى

سۆيگىنىمنىڭ قەبرىسىدە بىر جۈپ گۈل قىشنى - ياز پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مەن ھەر قېتىم قەبرىستانلىققا بارغاندا، ئۇ گۈللەرنى پۇرايمەن، يەڭگىلگىنە سىلايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى سۆيگىنىم بىلەن ئەينى چاغلاردا بىللە بولغاندەك ھېس قىلىمەن.

ئەسلى سۆيگىنىم باغرىدىن ئۈنۈپ چىققان گۈل مېنىڭ غېرىبانە كەپەمدىمۇ ھەتتا مەن قەدەم باسقان جايلاردىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا مەن يىراق - يىراق جايلارغا بېرىپ، مۇنبەت تۇپراقلارنى ئېلىپ كېلىپ شۇ گۈلدىن كۆچۈردۈم. ئەمما، كۆچۈرگەن گۈللىرىم قىشتا قۇرۇپ كەتتى. مەن يەنە نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ تېخىمۇ مۇنبەت تۇپراقلارنى ئېلىپ كېلىپ، قايتا - قايتا گۈل كۆچۈرگەن بولساممۇ، ئۇ گۈللەر يەنىلا قىش كېلىشى بىلەنلا قۇرۇپ كەتتى.

مەن سۆيگىنىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا روھىي چۈشكەن ھالدا تۇرسام، قەبرىدىن سادا كەلدى:

— مېنىڭ باغرىمدىن تۇپراق ئالغىن.

مەن قەبرىدىن توپا ئېلىپ گۈل كۆچۈرگەنىدىم، گۈللەر بىر مەزگىلدىن كېيىن پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ گۈل قىشتىمۇ شۇنداق ئېچىلىپ تۇراتتى.

مەن گۈلگە قاراپ ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم:

— بۇ بىر ھەقىقەتقۇ!

## تېگىرقاش

مەن زېمىنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا ھەۋەسىم كۆچەيدى ۋە ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇئان مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان زېمىن تۇرۇپلا بىر خارابىلىققا ئايلىنىپ قالدى. خارابىلىق ئەسلى ئۇنتۇلغان تارىخنى ئەسلىتىدىغان شاھىد. ئەمما مەن ئۆتكەن تارىخنىڭ يارقىن سىماھىنى بۇ جايدىن ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇختۇم بولىشۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، كۆزۈمگە ئانچە يىراق بولمىغان تام تۈۋىدە ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر تۈپ قىزىلگۈل چېلىقتى، بۇ گۈل تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئاۋۋالقى كۆركەم مەنزىرىنىڭ بىردىنبىر ئىزناسى ئىدى.

گۈل دېگەن ئادەتتە بەرنا يېتىلگەن قىزلارنىڭ سىمۋولى بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن گۈل بىردىنلا لېۋەن بىر قىزغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرى، تىترەپ تۇرغان كۆكسى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. مەن قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، شۇ دەقىقە قىز تۇرۇپلا بىر پارقىراق قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالدى.

قوڭغۇز ئۆزى پارقىراق بولغىنى بىلەن تولىمۇ يىپقىنىمىز مەخلۇق. يىپقىنىمىز نەرسىلەر ئادەتتە كۆزگە بەكمۇسەت، خۇنۇك كۆرۈنىدۇ. مەن قوڭغۇزدىن سەسكىنىپ يىراقراق كەتتىم ۋە تۇرۇپ ئويغا پاتتىم: مەن ياخشى كۆرگەن ھەم ياخشى كۆرمەكچى بولغان نەرسىلەر ئەسلى شۇنداق يىرگىنىشلىك ئوخشايدۇ.

## بىزارلىق ئىچىدىكى ئامراقلىق

مەن سۆيگىنىمنىڭ بېشەملىكىدىن جاق تويدۇم. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ، يىگانە قېلىپ بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولتۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن بىر خىل مېھرىبانلىقنى كۆرگەندەك بولۇپ سېغىنىمەن. ئۇنى باغرىمغا باسقۇم كېلىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا كۆرگىنىمدە ھېسسىياتىم ئۆلۈپ، ناخوشلۇق ئىچىدە ئۇلار ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىمەن. مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ماڭا يىرگىنىش بىلەن قاراپ تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن.

مەن كىشىلەر توپىدىن يىراقلاشقاندا، شۇنداق بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇرۇشكەن لەۋلىرى ھەم قىيسىق، كۆزلىرىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ تولىمۇ ئاخمىقانىلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. قىلمىشىمغا ئۆكۈنۈپ يەنە ئارقامغا يانىمەن. مەن كىشىلەر توپى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يەنە ماڭا يىرگىنىش بىلەن قاراۋاتقانى

لىقىنى كۆرىمەن مەنمۇ ئۇلارغا، بولۇپمۇ سۆيگىنىمگە نەپرەت بىلەن قاراپ چىقىمەن. شۇنىڭدىلا، ئۇلارنىڭ ماڭا ئەمەس، پاكار تام ئۈستىدىكى مىجىقى چىقىپ كەتكەن بىر چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنى تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. مەنمۇ كىشىلەرگە قوشۇلۇپ ئۆلۈك چاشقان تاماشاسى بىلەن بولىمەن. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە بىزارلىق، كۆزلىرىمدە ئامراقلىق ئەكس ئېتىپ تۇردۇ.

## جازا

ئۇنى ئۇلۇغ پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسىگە بىھۆرمەتلىك قىلدى، دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭدا نە زارلىنىش، نە داد-پەريادلار بولسۇن؟! خۇددى قايسىدۇ بىر ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭغاندەك چىرايىدا خۇشال تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، يولنىڭ ئىككى تاسىنىقىدا ئۆزىنى تاماشا قىلىۋاتقان كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا لەنەت بىلەن قاراپ نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاران ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدا نە پۇشايمان ئالامەتلىرى بولسۇن؟! ئۆلۈمگە ئەنە شۇنداق بىخىرامان كېتىۋاتاتتى. دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىنگەندىمۇ يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان كىشىلەرگە مەسخىرىلىك نەزەردە قاراپ چىقتى. ئارقىدىن ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ قاھقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. جازا مەيدانىدىكى جىمى ئادەم ھەتتا جاللاتلارمۇ بۇ ھالدىن ھەيران قېلىشتى. شۇ ئارىدا دار ئۈستىگە بىر جۈپ تۇمۇچۇق قونۇپ سايرىغىلى تۇردى. ئۇ، تۇمۇچۇقلارنىڭ بىر - بىرىنى چوقۇشۇپ ئويناشقىنىنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلدى. تۇمۇچۇقلار ئۇچۇپ كەتكەندىمۇ خېلىغىچە كۆزىنى داردىن ئۈزمىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇمۇچۇق قونغان جايغا بىر نەزەر سېلىۋېتىپ، ھەسرەتلىك بىر « ئۇھ » تارتىپ يەنە ئاۋامغا قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش لىغىلداپ قالغانىدى.

ئاۋام تېڭىرقىغان ھالەتتە، ئۇ بولسا ئاۋۋالقى ھالىتىگە قايتقان بولۇپ، چىرايىدا تەبەسسۇم، لېۋىدە كۈلكە.

چىڭقى چۇش، جازا ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقى بىلەن تەڭ بىر تۇمۇچۇق ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، بايىقى تۇمۇچۇقلار قونغان جايغا قوندى ۋە:

— ئەي خالايىق، بىلىپ قويۇڭلار، مەن مۇھەببەت ئىدىم. سىلەر مېنى چۇشەنمىدىڭلار! ئېسىت، نادانلار،- دېگىنىچە ئاۋام ئۈستىدە بىرنەچچە رەت ئايلىنىپ، نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

ناسىرجان مۇھەممەت

# ئىككى نەسىر

1

كۆز ــ خىسلەتلىك سەزگۈ ئەزالارنىڭ بىرى.

مېيىپلار ئىچىدە ئەماغا يېتىدىغان بىچارە يوق، دەپ كىممۇ ئېيتقان بولغىيتتى؟ يورۇق دۇنيادىكى كارامەتلەرنى كۆرەلمەيۋاتقان ئەمالارنىڭ قەلبى قانچىلىك ئازابلىنىدىغاندۇ ـ ھە؟! ئۇلارنىڭ كۆزى « ۋال » لىدە يورۇپ كەتسە... پانى دۇنيادا ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئارزۇ ـ ئۇممىدى، بەخت ـ سائادىتى بولماس ئىدى، بەلكىم.

كۆز ـ ئەقىلنىڭ دۇربۇنى. مارس، قۇياش، ئاي، سۇنئىيھەمرا، ئاتوم، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش تېخنىكىسى، تاغ ـ دەريا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا... ۋاھ، بۇلارنىڭقايسىسى كۆزنىڭ ياردىمىسىز پەرق ئېتىلىدى. ياساپ چىقىلدى، تىزگىنلەندى، ئۆزگەرتىلدى، خىزمەت قىلدۇرۇلدى دەيسەن؟

ئېھ كۆز، تەرىپىڭگە يەتمەيدۇ ھەر قانچە سۆز!

كۆز نازۇك ھېسسىياتقا ئىگە. خۇشاللىق، قايغۇ ـ ھەسرەت، ۋىسال ـ ھىجران... دېمەك، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۈلۈۋاتقان، شادلىنىۋاتقان، قايغۇرۇۋاتقان، ئۈمىدسىزلىنىۋاتقان، تارام ـ تارام ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلەر نېمىدېگەن تەسىرلىك كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ ـ ھە!؟

كۆز چەكسىز مۇھەببەت ـ نەپرەتكە تولۇپ تاشقاندۇر. ئۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەممە نەرسىگە چەكسىز مۇھەببەتتە قارايدۇ. ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان نەرسىلەرگە خەنجەر بولۇپ، رەھىمسىزلەرچە قادىلىدۇ.

مۇھەببەتلىك بىر جۈپ ياشنىڭ كۆزىگە قارا: سۆيگۈنىڭ كىشى بىلىپ بولمايدىغان شۇنداقلا چىداپ بولمايدىغان يالقۇنلۇق ئوتىنى چاقنىتىۋاتىدۇ. كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ تاپ بىر ـ بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، بىر ـ بىرسىگە چاپلىشىپ سىغىشىپ كەتكۈسى كېلىۋاتامدۇ،نېمە؟

قارا، ۋەتەن، خەلققە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىراق كەلگۈسىگە نەزەرتاشلاۋاتقان، گۈزەل ھاياتقا تىكىلگەن ئوتلۇق كۆزلەرنى ، ھېچقايسىسىدا ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ، ھەممىسى ئوچۇق.

دۇنيا كۆز دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتىمۇ نېمە!؟

2

مەن ئامرىقىم بىلەن كەچلىك سەيلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۆرۈپ يانىمۇ ـ يان كېتىپبارىمەن. قىزىق، قايتىش يولىمىزدا قەبرىستانلىققا كېلىپ قالدۇق. مەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم: دائىرىسى كەڭرى قەبرىستانلىق، بۇ يەر شۇنچە سۈرلۈك ھەم جىمجىت! بۇ يەردە ئانىلار ـ ئاتىلارمۇ، بوۋاقلارمۇ، ھەمدە شاھلار، پۇقرالارمۇ؛

ئالىم، ئەدىبلەرمۇ؛ ئەركىنلىك، بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرمۇ؛ ۋەتەن، خەلق بېشىغا بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەن زالىملارمۇ؛ ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقاتقان ۋىجدانسىز، مۇناپىقلارمۇ بار. قىسقىسى، پانى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن نىشانە سۈپىتىدە بىرەر ئىز قالدۇرغان ياكى يانماي ئۆچكەن سەرەڭگە تېلىمدەك يوقالغانلارمۇ ئوخشاشلا بۇ ماكاندىن ئورۇن ئالغان. پاك ۋىجدانى، هالال تەرى بىلەن پانى دۇنيادا مەنىلىك ياشاپ ئۆتكەنلەر خاتىرجەم، پۇت ـ قوللىرىنى ئازادە قويۇپ يېتىۋاتقاندۇ، ئەلۋەتتە! نەپسانىيەتچىلەر، ۋىجدانىنى خورلىغانلار، تەخسىكەشلەر، هەسەتخورلار ... بۇ يەردە ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنالماي قانداقمۇ يېتىۋاتقاندۇ؟ هەي بىچارىلەر... ئۆلگەنلەردىن بىز هاياتلارغا قالغىنى هەر خىل ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانە ـ رىۋايەت، هېكايە ـ چۆچەك ۋە قىسسەلەر. ياخشى خىسلەتلىك ئىجاد ئىگىلىرىنىڭ ئۆچمەس كەشپىيات، ئىجادىيەت تۆهپىلىرى ئەبەدى ئۇنتۇلمايدۇ.

مەن ئېغىر خىيالدىن بېشىمنى كۆتەردىم. يىراقتىن ئوغاقتەك ئاي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا قويۇلۇۋاتقان جۇملىسىز سوئال بەلگىسىدەك تۇيۇلدى. مەن يەنە چوڭقۇر ئويغا پاتتىم: مەنمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردە ياتىمەن. مەن ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمغا نېمىلەرنى قىلىپ بەردىم؟ قانداق نەرسىلەرنى مىراس قالدۇرۇشۇم كېرەك؟ ۋىجدانى قەرزىمگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك؟ زادى مەن قانداق ياشىشىم لازىم؟

مەن قەبرىستانلىقتىن يىراقلاپ كېتىپ بارىمەن. سوئال بەلگىسى ئارقامدىن ئىزبېسىپ كەلمەكتە. مەن جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئويلىنىۋاتىمەن، تىرىشىۋاتىمەن، ئىزدىنىۋاتىمەن...

ئابدۇرۇسۇل مۇهەممەت

# خىلۋەتتىكى يارقىن چۈشلەر

### پۈتمەس رەسىم

1

ئاۋارە بولما، ئەركەم!

لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى سىزالىغىنىڭ بىلەن، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىمنى سىزالمايسەن.

ئاۋارە بولما، ئەركەم!

لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىمنى سىزالىغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىكى پاك سۆيگۈمنى سىزالمايسەن.

ئاۋارە بولما، ئەركەم!

يۈرىكىمدىكى پاك سۆيگۈمنى سىزالىغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىكى ئەقىدەمنى
سىزالمايسەن.
ئاۋارە بولما، ئەركەم!
ئەقىدەمنى سىزالىغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىكى دەرد ـ ھەسرىتىمنى سىزالمايسەن.
ئاۋارە بولما، ئەركەم! ...

2

سەن رەسسام، رەسىم سىزىشقا بەكمۇ ماھىر. ئەمما، سەن مېنى سىزالمايسەن. چۈنكى، سەن مېنىڭ كۆزۈمدە. كۆزۈمدە تۇرۇپ مېنى سىزماقچى بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭنى سىزغان بولىسەن.
سەن رەسسام، رەسىم سىزىشقا بەكمۇ ماھىر، ئەمما، سەن مېنى سىزالمايسەن. چۈنكى، سەن مېنىڭ يۈرىكىمدە.
يۈرىكىمدە تۇرۇپ مېنى سىزماقچى بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭنى سىزغان بولىسەن.
سەن رەسسام، رەسىم سىزىشقا بەكمۇ ماھىر. ئەمما، سەن مېنى سىزالمايسەن. شۇنداق، مەڭگۈ سىزالمايسەن.

3

ئۇ بىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدا تۇراتتى.
— ئۇنى سىزىۋالمىغانسەن؟
ئۇ بېشىنى چايقىدى.
ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر بوۋاق تۇراتتى.
— ئۇنى سىزىۋالمىغانسەن؟
ئۇ بېشىنى چايقىدى.
— مېنى سىزىۋالدىڭمۇ ـ يە؟
ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىردى ...

4

يۈرىكىمنى قىپقىزىل سىزىپسەنغۇ؟ ياق، يۈرىكىم قىزىل ئەمەس. ئۇنى ھىجراننىڭ رەڭگىدە بويا.
قارچۇقلىرىمنى قاپقارا سىزىپسەنغۇ؟ ياق، قارچۇقلىرىم قارا ئەمەس. ئۇنى ئىنتىزارلىقنىڭ رەڭگىدە بويا.
لەۋلىرىمنى ساپسېرىق سىزىپسەنغۇ؟ ياق، لەۋلىرىم سېرىق ئەمەس. ئۇنى تەشنالىقنىڭ رەڭگىدە بويا.
چاچلىرىمنى ئاپئاق سىزىپسەنغۇ؟ ياق، چاچلىرىم ئاق ئەمەس. ئۇنى ئىجادنىڭ رەڭگىدە بويا. شۇنداق قىل، ئامرىقىم!

**ئاشىقنىڭ كۆزى**

ئىھ، ئاشۇ دېڭىز، بىر جۈپ دېڭىز.
ئىھ، ئاشۇ ئارال، بىر جۈپ ئارال.
......

بىر جۈپ دېڭىز ئەنسىز چايقالماقتا. ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدىن يامراپ چىققان تاش-قىن، ساھىل بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىماقتا. دېڭىز بويىدىكى سانسىز ئورمانلار ھېلىدىن - ھېلىغا جۇپلەشمەكتە.

ئىھ، ئەشۇ دېڭىز، بىر جۈپ دېڭىز.

ئىھ، ئاشۇ ئارال، بىر جۈپ ئارال.

.................

بىر جۈپ ئارال بىر جۈپ دېڭىز ئىچىدە تىنىمسىز ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئېزىتقۇنىڭ سۈرىتى مۇجەسسەم. ئۇ بىردەم پەيدا بولسا بىردەم يوقىلىپ، بىر جۈپ ئا-رالنى سەرسان قىلماقتا.

ئىھ، ئاشۇ دېڭىز، بىر جۈپ دېڭىز.

ئىھ، ئاشۇ ئارال، بىر جۈپ ئارال.

ئىھ، ئاشۇ سۈرەت، بىر تال سۈرەت ...

## ئوتتۇمدىكى چۈش

مەن ۋېناس ① بىلەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم، ئۇ ئىللىق كۈلۈمسى-رىگىنىچە بېشىمنى سىلاشقا باشلىدى ...

ئويغانسام، ئۇ قاپىقىنى تۈرگىنىچە بېشىمغا دەسسەۋېتىپتۇ ...

## مەڭگۈلۈك پۇشايمان

مەن يېڭىلا ئېچىلغان گۈل بەرگىدە ئولتۇرۇپ، ئەمدىلا تۇغۇلغان مەھبۇبەمنى كۆي-لەشكە باشلىدىم. گۈل توزىغاندا قارىسام، مەھبۇبەم ئاللىقاچان كۆز يۇمۇپتۇ.

مەھبۇبەم كۆز يۇمدى. مەن يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا، ئۇنىڭ بويىنىغا مىسرال-رىمنى مارجان قىلىپ ئاستىم.

مەھبۇبەم كۆز يۇمدى. مەن يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا، ئۇنىڭ زىناقلىرىدىكى كۈل-كىنى زىناقلىرىمغا كۆچۈرۈۋالدىم.

مەھبۇبەم كۆز يۇمدى. مەن يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا تەپەككۇرۇمدىن تا-ۋۇت ياسىدىم.

مەھبۇبەم كۆز يۇمدى. مەن يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىن قەبرە ياسىدىم.

مەھبۇبەمكۆز يۇمدى.مەن يۇم - يۇم يىغلاۋېتىپ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم ...

## كىچىككىنە تارىخ

مەن ئۇنى كۆرمەگەنىدىم ...

1

مەن يۈرىكىمنى ئۇنىڭ كۆكۈل ئېتىزىغا تېرىدىم. يۈرىكىم ئىككى بولغانىدى. ئۇ،

① ۋېناس - يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ھەم سۆيگۈ ئىلاھىسى. م

يۇرىكىمنىڭ بىر دىنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىشۇەتتى. يۇرىكىمنى قايتا تېرىماقچى بولغىنىمدا، ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسى مەھكەم ئېتىكلىك تۇراتتى.

دوقمۇشتا تەلمۈرگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم …

2

مەن ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا چېكىۋاتاتتىم، بىرسى ئۇنىڭ قەلب قەسرىگە ئۇسسۇپلا كىرىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىنى چېكىۋەردىم …

3

ئۇنىڭ بۇرۇنقى قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىدى. يۈزلىرىنى قورۇق قاپلىدى، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ ئۆچكەنىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قەلب قەسرىدىن بىرسى چىقىپ كەتتى . مەن يەنىلا ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىنى چېكىۋەردىم …

× ×

ئۇ مېنى كۆرمىگەنىدى.

## مۇقەددەس چۈش

مەن ھەر كۈنى چۈش كۆرىمەن. چۈشۈمدە تېخى ئايىغى چىقمىغان كىچىككىنە بىر قىز ماڭا قاراپ ئۇمتۇلگىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، ئەمما ھېچ يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

مەن ھەر كۈنى چۈش كۆرىمەن. چۈشۈمدە قاپقارا سۇمبۇل چاچلىق گۈزەل بىر قىز بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ. ئەمما ھېچ يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

مەن ھەر كۈنى چۈش كۆرىمەن. چۈشۈمدە ئاپئاق چاچلىق بىر موماي ماڭا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىدۇ، ئەمما ھېچ يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

مەن ھەر كۈنى ئاشۇنداق چۈش كۆرىمەن …

نەسىرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختەر ئىبراھىم

………………………………………………………………………………

(بېشى 71 - بەتتە)

شۇنداق چىلىڭ ۋەدە قىلىشقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قانداقمۇ ئىشەنگىسى كەلسۇن؟

گۈزەلئاينىڭ خۇشخۇي پاراڭلىرى، تاتلىق كۈلكىسى ۋە قىزىقچاقچاقلىرى قىزلار ئارىسىدىن غايىب بولدى. لېكىن بۇ دەردئەلەملەر گۈزەلئاينى ئۇزۇن ئەسىر قىلالمىدى، ئەكسىچە ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇر بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ساتتارغا يەتكەنىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ساتتارنىڭ يازغان خېتى كەلدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«گۈزەلئاي مەن سېنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ساڭا بەخت تىلەيمەن، توي قىلغانلىقىڭنى ئاڭلاپ (ئۇ شۇنداق ئاڭلىغانىدى) خۇشال بولدۇم… مەن مېتال ئىزلەش ئۈچۈن تاغ پارتلىتىۋېتىپ، كۈتۈلمىگەندە بالاغا يولۇقۇپ بىر جۈپ كۆزۈمدىن ۋە بىر قولۇمدىن ئايرىلغانىدىم، ساڭا يۈك بولۇپ قېلىشىنى سېنىڭ بەختىڭنى قارا قىلىشنى خالىمىدىم. شۇڭا…»

گۈزەلئاي خەتنى قانداق ئوقۇپ بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ سۆيگۈ ۋە ھەسرەتكە تولغان ۋۇجۇدى مۇھەببەت ئىشقىدا قاناتلىنىپ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى…

مۇسەئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن نىياز

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# ئارزۇ چەكسىز، هايات بىر جام

## هىجران تۈنلىرىنى قوغلايلى جانان

هىجران ئازابىغا قىلمايمەن پەسەنت،
بېشىمغا چاقماقتەك سالساڭمۇ سەۋدا.
شامنىڭ يالقۇنىدەك سارغايدى يۈزۈم،
سەرەڭگە يورۇقىدەك سەن بولۇپ پەيدا.

چۆچەكلەر سۆزلىمە، مەيلى جىمغىنا،
شەھلا كۆزلىرىڭنى تىكىپ تۇرساڭ بەس.
كۆزلەردىن بالقىيدۇ سۆيگۈلەر دۇنيا،
سەن ئالغان هاۋادىن ئالىمەن نەپەس.

شۇ ماڭا سۇلايمان مۈلكىدىن ئەۋزەل،
جان ياتار هىجراننىڭ ئوتىدا شۇتاپ.
قايىنتار قېنىمنى ۋىسالنىڭ ئىشقى،
بىر بېقىش مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئاپتاپ.

كەل يېقىن بىر باققىن مېنىڭ كۆزۈمگە،
پەرۋانە مىسالى ماڭا ئۆزۈڭ ئات.
هىجران تۈنلىرىنى قوغلايلى جانان،
قۇچاقلار بىزلەرنى مۇھەببەت، هايات.

## سېنى ئىزلەيمەن

يېقىن هەم كۆز يەتمەس يىراقلاردا مەن،
كۆجۈم مەھەللە، سوقماقلاردا مەن.
ساللار باغلانغان گۈل قىرغاقلاردا مەن،
تەۋرەك كۆلكىلىك بۇلاقلاردا مەن.
مەشرەپلەر ئىچىدە چاقچاقلاردا مەن،
ئانا سەن نەدە، سېنى ئىزلەيمەن.

ياخشىلار ئۆيىدە قىزغىن سۆھبەتتە،
توي تۆكۈن نەزىرىدە تۆردە هۆرمەتتە،
قوغۇنلار لېۋىدىن تامغان شەربەتتە،
ئۇن قاداق كەتمەننى چاپقان غەيرەتتە،
ئانىلار كۆكسىدىن ئاققان شەپقەتتە،
سېنى ئىزلەيمەن، سېنى ئىزلەيمەن.

سەھرانىڭ توپىلىق يوللىرى ئارا،
بۇغداي ئورمىسىنىڭ سوللىرى ئارا،
بېدە باغلىرىنىڭ غوللىرى ئارا،
كوچا تاملىرىنىڭ هۆللىرى ئارا،
كۆتەك هارۋىنىڭ بۇللىرى ئارا،
ئانا مەن سەرسان، سېنى ئىزلەيمەن.

باهار پەسلىنىڭ چېچەكلىرىدىن،
ئانىلار قەلبىنىڭ تىلەكلىرىدىن،
ناۋ كەش بۇلبۇللار يۈرەكلىرىدىن،
قىزلارنىڭ ئۆرۈم چاچ، بېزەكلىرىدىن،
ماللارنىڭ يېقىلغان تېزەكلىرىدىن،
ئانا سېنى سورايمەن، سېنى ئىزلەيمەن.

يۇلتۇزلار يانغان تىنىق سامادىن،
باغلاردىن ئۇچقان مەيىن سابادىن،
شاۋقۇنلاپ ئاققان ئەزىم دەريادىن،
ئۇسما تېرىۋاتقان گۈزەل رەنادىن،
تويغا تەييارلانغان شادان بەرنادىن،
سېنى سورايمەن، سېنى سورايمەن.

ئانا دەپ چاقىرىپ بارىمەن ھەريان،
چىرايىم يوللارغا تۆكۈلگەن سامان.
ئانا دەپ چاقىرسام تىترەيدۇ جاهان،
ئانا سەن ئىككەنسەن ۋۇجۇدۇمدا قان!
ئانا سەن ئىكەنسەن كۆكسۈمدە ئارمان،
ئانا سەن قەيەردە، سېنى ئىزلەيمەن.

ئۆتسمۇ هاياتىم ئەۋلاد غىمىدە، رەپىقەمنىڭ ماي قۇيۇپ ياققان نىنىدا.
نەزىرىم ئۇزۇلمەي يوقۇ كىمىدە. بالىلارغا نەسھەت ھەم تەنبىھىدە،
كۆزلىرىم سەن تۇتقان ئاپقۇر چىنىدە، ئانا سىنى ئەسلەيمەن، سىنى ئىزلەيمەن.

## ۋەسلىڭ ماڭا جاھاندۇر

ئىشقىڭ ئوتى يۇرەكتە نىچۇن جانان پىنھاندۇر،
بىلسەڭ ئىشىق ھامانە جۇپ كۆزلەردە ئاياندۇر.

جامالىڭ گۇل، چاچلىرىڭ سالما مىنىڭ بوينۇمدا،
ۋىسالىڭغا تەشنا مەن بىر بىقىشىڭ ئارماندۇر.

لەۋلىرىڭدىن ئىتىلغان سۆز ئوقىدىن دىل پارە،
كىرپىكىڭنىڭ ئوقىغا نىچۇن كۆكسۇم نىشاندۇر.

ئىشىق ئەھلى يۆلەكتۇر، گەر يىقىلىپ يەر قۇچسام،
سىنىڭ ئىشقىڭ ۋىسالىڭ ماڭا ھايات جاھاندۇر.

جۇنۇن سۇپەت چۆللەردە، كۆرمىسەممۇ بىر گىياھ،
قەدەم ئىزىڭ مەن ئۇچۇن باغى ئىرەم، بوستاندۇر.

پەرىلەرنى لال ئەيلەر جۇپ زىناقتا تەبەسسۇم،
كۆزلىرىڭنىڭ قارچۇقى يۇلتۇز تولغان ئاسماندۇر.

تەرىپلىسە تاڭ سەھەر، بۇلبۇل سىنىڭ ھۆسنىڭنى،
ئاتەش بولۇر يۇرىكى، جىسمى يانغان گۇلخاندۇر.

## ئاقىۋەت

قىلدى ئول رۇخسارى گۇل ـ گۇل كۆڭلۇمنى ھەيران ئاقىۋەت،
قىلدى مىژگان ئوقىلە كۇيۇمنى ۋەيران ئاقىۋەت.
ھەر نەپەس غەم تىغىدىن قەلبىم مىنىڭ مىڭ پارىدۇر،
كۆز قارامنى ھۆسنىگە بەنت قىلدى جانان ئاقىۋەت.
قىلدۇ مىڭ نالىلەر ئاتەش ئارانىمجان تىنىم،
بولغۇسى ھىجرىڭدە جانىم جايى گۇلدان ئاقىۋەت.
ئوت ـ پىراقىڭ دەردىدىن كۆزۈمدىن ئاقتى خۇن ئەشىك،
جىلۋە ـ يۇ نازىڭ بىلەن يۇتقۇزدۇڭ ئەفغان ئاقىۋەت.
كى ئىشىق سەھنىسىدە ئەيلەبان جەۋلان سەنەم،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە سىرىم بولدى پىنھان ئاقىۋەت.
بۇلبۇلى كۆز ياشىدىن گۇل بەرگىنى قان ئەيلىدى،
قالغۇسى ئەۋلادقا ئۇندىن سۆيگۈ، گۇلخان ئاقىۋەت.

### ئوخشماس

جاھان باغى ئارا ھېچكىم دىلراباغا ئوخشماس،
بولسا يۈزمىڭ دەردمەنلەر مۇپتالاغا ئوخشماس.
جىلۋە بىرلە باقسا لەيلى ھەر سەھەر غۇنچە ئارا،
ئول لاتاپەت بابىدا كۆزى قاراغا ئوخشماس.
سۆزلىسە پەرھادۇ مەجنۇن چەككەن جاپاسىن ئىشقىدىن،
جانىمە ئول مەھۋەشە سالغان جاپاغا ئوخشماس.
ئۈزدى ئوق مىژگانىدىن سىنەمنى پارە ئەيلىبان،
پارىسى ھىجران تىغى سالغان ياراغا ئوخشماس.
كۆزلەرىم ئاتەشدە كۆيگەي ساما قان رەڭگىدە،
ئاھ ئۇرار بولسام بۇ ئاھىم چاقماق ساداغا ئوخشماس.
جان بېرىپ جانانىغا بۇلبۇل تاپار باقىي جاھان،
گەر باھا تاپسا ئىشىق ، ئۇشبۇ باھاغا ئوخشماس.

1992 - يىل ، ئۈرۈمچى.

جېلىلى

## سۆيگۈ نەزمىلىرى

1

سۆيگۈ، ئۇ - بىر قۇش ئەمەس، سايراتقىلى بۇلبۇل قىلىپ،
ئۇ ئەمەس ھايۋان، سەپەردە مېنگىلى دۇلدۇل قىلىپ.
سۆيگۈ، ئۇ - چىن تۇيغۇدۇر دىلنىڭ قېتىدىن ئۇرغىغان،
ئۇ ئەمەس كۆكۆل خوشى، ياڭراتقىلى مەرغۇل قىلىپ.
سۆيگۈ، ئۇ - ئارزۇ - تىلەكنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار چوققىسى،
ئۇ ئەمەس زىننەت قۇلاققا قىسقىلى بىر گۈل قىلىپ.
سۆيگۈ، ئۇ - ئۇستاز ئىرۇر ئىنسانىيەتكە تائەبەت،
ئۇ ئەمەس نادان، ئۇرۇپ ئىشلەتكىلى بىر قۇل قىلىپ.
سۆيگۈ، ئۇ - مەڭگۈ گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسەم ئۈلگىسى،
ساتقىلى بولماس ئۇنى تاۋار، ئويۇنچۇق، پۇل قىلىپ.
سۆيگۈ، ئۇ - ئادەم ئۈچۈن جاندىن ئېزىز، قىممەت نېمە،
ياشنىغاي كىمكى ئۇنى ئۆتسە ھاياتقا ئۇل قىلىپ.
ئەي جېلىلى، سۆيگۈدىن بەختىڭ گۈلى ئاچقاي چېچەك،
شەرتىنى ئەتسەڭ ئادا ۋىجدان بىلەن مەقبۇل قىلىپ.

2

ئەي پەلەك، قىلدىڭ مېنى ئالەمچە غەمگە مۇپتىلا،
غەم ئەمەس، بەلكى كۆزى شەھلا سەنەمگە مۇپتىلا.

بەختىيار ئوغلان ئىدىم ھەسرەت ـ نادامەتتىن يىراق،
ئول سەنەمنىڭ ئىشقىدا بولدۇم سىتەمگە مۇپتىلا.
نە سىتەم، بىر ئوت كىرىپ باغرىمنى كاۋاپ ئەيلىدى،
شول سەۋەب، بولدۇم بۆگۈن مۇز ياكى نەمگە مۇپتىلا.
مۇز ۋە نەم كار قىلمىدى، بولدۇم غېرىب بىچارىدەك،
كى سەنەم يۆرگەن گۈزەل باغى ئېرەمگە مۇپتىلا.

ئىزدىدىم، باغى ئېرەم كۆرسەتمىدى يار ۋەسلىنى،
مۇڭ تۆكۈپ سىرداشقىلى بولدۇم ئەجەمگە مۇپتىلا.
چىن مۇھەببەت تۈيغۇسى ئاشىققا بىر سىگنال ئىكەن،
يار ئۈچۈن جەڭ قىلغىلى بولدۇم ئەلەمگە مۇپتىلا.
بىر جاۋاب تاپتى جېلىلى، ئەي پەلەك، سەندىن ئېنىق،
يارغا مەن خەت يازغىلى بولدۇم قەلەمگە مۇپتىلا.

3

جاھاندا تەڭدىشىڭ يوقتۇر، جامالىڭ گۈل ـ چىمەن، يارىم،
بويۇڭ زىلۋا، لېۋىڭ ياقۇت، چىشىڭ ئۈنچە، لېۋەن يارىم.
ئەدەب، ئەخلاق ـ دىيانەتتە ئېسىل سەن، بىباھادۇر سەن،
دىلىڭ مامۇق كەبى يۇمشاق، مىجەز ـ خۇلقىڭ بەلەن، يارىم.
ئەقىل ـ زېھنىڭ يىتۈك شۇنچە، ئىجاد ـ مېھنەتكە پەرۋانە،
تاپالماس ھېچكىشى سەندىن تېرىقتەكمۇ ئەۋەن، يارىم.
دىلىمدىن ئۇرغىغاي شادلىق تىلىڭدىن ياغسا ھېكمەتلەر،
ۋۇجۇدۇم ئېرىدى، بولغاچ سۆزۈڭ گوياكى قەنت، يارىم.
ۋاپايىڭ چولپىنى كۆڭلۈم كۆكىدە نۇر چاچار ھەر دەم،
ساڭا بولغان مېھىر ـ سۆيگۈم دېڭىزدىنمۇ تېرەن، يارىم.
ئىناقلىق ئىلكىدە يايراپ چىگىلدى رىشتىمىز مەھكەم،
كى بىزگە پاسىبان بولغاچ ئۇلۇغ جۇڭگو ـ ۋەتەن، يارىم.
جېلىلى بەختىيار بىلگەي ئۆزىنى ئۇشبۇ ئالەمدە،
ئۆمۈرۋات سەن بىلەن ئۆتسە بولۇپ بىر جانۇ ـ تەن، يارىم.

4

يار، سېنى سۆيمەي نېچۈك ئارزۇيۇ ـ ئارمانىم تۇرۇپ،
سۆيگۈگە جان بەرگۈچى جۈرئەت ۋە دەرمانىم تۇرۇپ؟!
ئۆزگىگە سالسام نىگاھ ئەما بولۇپ قالسۇن كۆزۈم،
سەن كەبى پاك ۋە ئوماق ئۈز ھۆرى غىلمانىم تۇرۇپ.
سوۋۇسۇن قانداقمۇ سەندىن ئىشقىۋاز كۆڭلۈم مېنىڭ،
سەن ئۈچۈن يانغان لاۋۇلداپ ماگما ـ گۈلخانىم تۇرۇپ؟!
ئالدىنىپ شەيتانغا مەن تاشلاپ كېتەي قانداق سېنى،
كى سېنىڭ ئالدىڭدا قىلغان ئەھدۇ ـ پەيمانىم تۇرۇپ؟!

مەن نېچۈك باشلاي سېنى چۆلگە شېرىن سۆھبەت ئۈچۈن،
سەيلىگاھ ـ جەننەت مەسەللىك باغۇ ـ بوستانىم تۇرۇپ!؟
مەن نېچۈك قىلماي ئىگە شاد، بەختىيار كۆڭگە سېنى،
سۆيگۈ بەخش ئەتكەن گۈزەل، نۇرانە دەۋرانىم تۇرۇپ!؟
يار، جىلىلى سەن ئۈچۈن جانىنى ئاتاپ قويدى بۈگۈن،
سېنى خار قىلسام ئۆلەي قەلبىمدە ۋىجدانىم تۇرۇپ.

1992 ـ يىل يانۋار، قەشقەر.

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## قىزىلگۈل بولۇپ هويلاڭغا ئۈنسەم...

سوغ نىگاھىڭ باياۋىنىدا،
قاتتى مۇزدەك مېنىڭ ئەقىدەم.
كۆزلىرىمدىن تۆكۈپ ئاچچىق ياش،
قارچۇقىڭغا ئېسىلدىم شۇدەم.
هىجرانىڭغا قويغۇنۇمچە باش،
ئۇيۇقىڭدىن ئۆچتۈم پەرىشتەم.
زەررىچە نۇر چاچمىدى قۇياش،
ئۇۋىا سالدى قەلبىمگە ئەلەم.

× ×

بىزگە تونۇش يوللارغا كەلسەم،
ماڭالمىدىم تۈزۈك تەمتىرەپ.
قىلىپ گويا مېنى مەسخىرە،
يۈزۈمگە قان چىقتى تەپچىرەپ.
قىزىلگۈلدەك هويلاڭدا ئۈنسەم،
پۇرارسەنمۇ مەست بولۇپ بىلمەي.
نىدالىرىم ئۇيقۇڭنى بۇزسا،
يۈرىۋەرمە جىمجىت ئۈندىمەي.
ئۆتتى كۈنلەر ئۆتتى پەسىللەر،
چېچەكىستان بولۇشتى باغلار.
شۇ قاتاردا ئەسلىدىم سېنى،
نېچۈن سالدىڭ قەلبىمگە داغلار؟
ياشلىرىنى يېشىل گىياھىڭ،
تاپالمىدىم ئىزدەپ سەھەردە.
قانداق ھالەت يۈز بېرەر شۇ چاغ،
بىز ئۇچرىشىپ قالساق ئەگەردە.
بىر چاغلاردا سەن ئېيتقان ناخشا،
ئارامىنى بۇزدىمۇ مېنىڭ.
ئۇنتالمىدىم پەقەتلا پەقەت،
ئالۋۇنىڭغا يەم بولۇپ سېنىڭ.
ساھىللاردا يۈردۈم ئاھ ئۇرۇپ،
مەن دەرياغا تۆكۈپ سىرىمنى.
شاۋقۇن سالدى بىردىنلا قاتتىق،
كۆرۈپ مەندەك كۆڭلى يېرىمنى.
مەھەللەڭگە بارىمەن ھەر كۈن،
قۇياش ئۇخلاپ چۈشكەندە گوگۇم.
باغلىرىڭغا كىرىپ تىڭشىسىمىز،
گۈللىرىڭنى كېلىدۇ ئۈزگۈم.
چىقماس بولدۇڭ چىلەك كۆتۈرۈپ،
يىغلار سېنى سېغىنىپ بۇلاق.
ئەڭ ئاداققى ئۈمىدنى كۈيلەپ،
تومۇزغىلار چېكىدۇ پىراق.
پىراقىڭنىڭ سۇبھىلىرىدە،
چاچلىرىڭنى ئەسلەتتى سەلكىن.
قاچانغىچە ئازابلار مېنى،
«ئايرىلايلى» دېگىنىڭ كەسكىن.
شاراب ئىچتىم كەيىپمۇ بولدۇم،
لېكىن كۆڭلۈم تاپمىدى تەسكىن.
ئىچ ئاغرىتىپ قالارسەنمۇ تاڭ؟

كۆزلىرىڭگە كۆرۈنسەم مىسكىن.
خىيالىمدا سۈرەتكە ئېلىپ،
يۈردۈم سېنىڭ قىلىقلىرىڭنى.
ئاچكۆزلۈكۈم ئاشتى ۋىسالغا،
چۈشۈم قۇچسا تېنىقلىرىڭنى.

بىلگىنىمدە تەبەسسۇمىڭدىن،
تائەبەدى مەھرۇملىقىمنى.
يوقالغانلىغا ئەيلىدىم قىياس،
بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلىقىمنى.

1989 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.

**كېرىمجان سۇلايمان**

# شېئىرلار

### ئونىنچى پىلانېت

كەل دىلدار ، كەل مۇندا دىللار بىئازار،
دىۋىلەر بۇ يەرگە باسمىغان قەدەم.
ۋىژىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرمايدۇ ئوقلار،
ئاتوملار ئۆمرۈڭگە تەھدىت سېلىپ ھەم.

يوق مۇندا پەيغەمبەر ، يوق مۇندا خۇدا،
دوزاخ ھەم جەننەتنى ئۇنتۇيسەن تامام.
ھەممىنىڭ تىلى بىر، دىلى بىر دۇنيا،
ئىرق ۋە مىللەتنى بىلمىگەن ئاۋام.

تارتىپ چىق قايسىبىر مەنزىلگە كارۋان،
ھېچكىممۇ يولۇڭدىن توسمايدۇ سېنى.
ئېھ، مەيلى ئۇچۇشنى قىلامسەن ئارمان،
بىرىدۇ ئاققۇلار ماموق پېيىنى.

كەل دىلدار ، كەل مۇندا دىللار بىئازار،
ئورمانلار ياپ - يېشىل تۇرىدۇ ھەردەم.
چۈشۈڭنى پارچىلاپ شاقىراتمىلار،
دېڭىزغا ئاپىرىپ تۆكمەيدۇ ئەركەم.

### ئىزدىگىن سەن جېنىم باشقا قۇرۇقلۇق ...

بىلمەن ، باشتىكى سۆيگىنىڭ مېنى،
بىردەملىك قىزىقىش ، ھېسداشلىق پەقەت.
ئاخىرى مېنىڭدىن كەتتىڭ يىراقلاپ،
تىلەيمەن ، سەن قايتىپ كەلمىگىن ئەبەد.

ئالدىشىپ يۈرمەيلى ئۆزىمىزنى بىز،
قەلبىمىز شۇ قەدەر ئايان تۇرۇقلۇق.
تاپارسەن مېنىڭدىن تاپالمىغاننى،
ئىزدىگىن سەن جېنىم باشقا قۇرۇقلۇق.

### قەلبىمگە كۆمۈلگەن سانسىز پەرىزات...

قەلبىمگە كۆمۈلگەن سانسىز پەرىزات،
زۇم-چايغان قەبرىلەر ياتىدۇ قاتار.
كىملەرگە يامغۇردەك تۆكۈلەي ھەيھات،
كىملەرگە تۆكۈلەي بولۇپ ماموق قار؟

ئالدىراپ بۇ يولغا تاشلىما قەدەم،
ئەقلىڭدىن ئازمىغان بولساڭ يولۇۋچى.
مەن مېڭىپ دوزاختىن كەلدىم ھېلىھەم،
ئاھ ، نەگە ئاپىرار ئەندى بىر ئۇچى؟...

**ئابلەتجان ئىبراھىم (يۇلغۇن)**

# ئايىنى پۇچۇق دېمەڭلار

### مۆجىزە

بېقىشتۇق تۇيغۇلار ئۇچرىشىپ مانا،
ۋاھ، ئەجەب ھەيۋەتلىك چاقماق چېقىلدى!
كۆلدۈرى ئاڭلاندى كۆكرەك قېتىدىن،
يۈرەككە سۆيگۈنىڭ ئوتى يېقىلدى.
ھەيرانمەن ئوت ئىچرە كۆيمەستىن ئەجەب،
خۇش پۇراق، مۇھەببەت گۈلى يېتىلدى؟!

### ئىزاھات

ئاينى پۇچۇق دېمەڭلار،
پۇچۇق ئەمەس ئەسلىدە.
چىشلىۋالغان مەن ئۇنى،
بىز سۆيۈشكەن كېچىدە.

### ئۆگەتمىسەڭ بولغانىكەن كۆيۈشنى

بىلگەن بولسام بۇنچە يىغلاپ يۈرۈشنى،
(ھىجرانىڭدا كۆمەچ بولۇپ كۆيۈشنى.)
بارمىسامۇ بولغانىكەن ئەسلىدە،
تىلەپ سەندىن لەۋلىرىڭگە سۆيۈشنى.

ئاھ، يار ھالىم بولدى مېنىڭ باشقىچە،
ھېچ بىلمەيمەن ئەمدى قايان مېڭىشنى.
ئەسلى مېنى بىتاپ قىلغان سەن ئىدىڭ،
بىلمەيسەنغۇ ماڭا داۋا بېرىشنى؟

ئۆگەتمىسەڭ بولغانىكەن كۆيۈشنى،
خۇدا نېسىپ ئەتمىسە ھەم كۆرۈشنى.
ئامال قانچە ئۇنتۇلدۇمغۇ ئاھ دەيمەن،
گۆدەكلىكتە غەمسىز ئويناپ كۈلۈشنى.

ئازاد ئابدۇللا

## ئىككى شېئىر

### سۆيگۈ بىلەن

تىرىكمەنكى كۆزۈمدە سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى سۆزۈمدە سۆيگۈ.
تىرىكمەنكى قېنىمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى جېنىمدا سۆيگۈ.

سۆيگۈ بىلەن تۇغۇلغان بىزلەر،
سۆيگۈ بىلەن ئېچىلغان كۆزلەر.
سۆيگۈ بىلەن قىزارغان يۈزلەر،
سۆيگۈ بىلەن بەختىيار كۈنلەر.

سۆيگۈ ئۈچۈن مېھرىمدۇر ئوكيان،
سۆيگۈ ئۈچۈن قەلبىمدۇر ئاسمان.
سۆيگۈ ئۈچۈن يۈرىكىم گۈلخان،
سۆيگۈ ئۈچۈن پارتلار ۋۇلقان.

سۆيگۈ بىلەن ھاياتىم گۆدەك،
سۆيگۈ بىلەن ياشايمەن گۈلدەك،
سۆيگۈ بىلەن يۈرىكىم چوغدەك،
سۆيگۈ بىلەن تۇغۇلدۇم گېزەك.

### ئەي قىزلار ئېيتىڭلار...

بىر دىلبەر سوۋغا قىلدى چىمەن دوپپا،
يەنە بىر نىگار كەپتۇ كاستيۇم ئىلىپ.
تەبرىكلەش نىقابىدا كۆڭۈل ئوۋلاپ،
كېتىشتى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ.

جانانلار ماڭا سوۋغا ئېلىپ كەپتۇ،
مەنمۇ ھەم سوۋغا راسلاپ باراي ئەمدى.
كۆڭۈلنى نەچچىسىگە بەرسەم بولماس،
چىن سۆيگۈ سوۋغىسىنى تىزاي ئەمدى.

مۇھەببەت كوچىسىدا ئاداشقانلار،
كۆڭۈلنى سوۋغا بىلەن ئوۋلايدىكەن.
ئەي قىزلار ئېيتىڭلارچۇ؟ سوۋغا بىلەن—
كۆڭۈللەر مەڭگۈ مەپتۇن بولامدىكەن؟!

مۇختار قادىر

# سۆيگۈ چۇقانلىرى

### ئاي تۇتۇلۇش سەۋەبى

جەرەن كۆزلۈك مۆلدۈرلەيدۇ ئۇچراشسام،
تەۋرىنىدۇ سۇمبۇل چېچىڭ قايغۇلۇق.
ئەسلى ئايدەك يۈزلۈك تامان كۆز ئاچسام—
بىلىنىدۇ تۇتۇلغاندەك ئاي تولۇق.

ئۇتمۇشۇمدە ساڭا كۆيگەن بۇ ئېنىق،
ئۇنى ئەمدى نېچۇن ئەسكە ئالغۇلۇق؟
دولقۇنلاردا يىراقلاشسا بىر قېيىق،
ئۇنى ئارتقا قانداق قىلىپ تارتقۇلۇق؟

قاناتلىرىڭ سۇندى، ئەپسۇس، ئېچىندىم،
يامان ئىكەن دوستنى تاشلاپ قاچقۇلۇق.
دېيەلمەيمەن: سېنى ھەرنە سېغىندىم،
دۇملىنۇەتكەن گۈرنى قانداق ئاچقۇلۇق؟

جەرەن كۆزلۈك مۆلدۈرلەيدۇ ئۇچراشسام،
تەۋرىنىدۇ سۇمبۇل چېچىڭ قايغۇلۇق.
قېيىقىمنى دولقۇن ئارا ئەپقاچسام،
تۇتۇلۇشى تۈرغانلا گەپ ئاي تولۇق!

### يىگىتلەردىن قاچماڭلار

سۇمبۇلچاچلىق، يۇلتۇز كۆزلۈك قىزچاقلار،
يىگىتلەردىن رەنجىپ، قېچىپ يۈرمەڭلار.
سىلەر سالغان ئوتتا غايىپ كۆيگەنلەر،
پېيىڭلارغا چۈشەر شۇنداق، كۈلمەڭلار.
ساراڭ ئەمەس ياكى لوكچەك، بۇدۇشقاق،
يەتتە ئۆلچەپ كېلىدۇ بىر قارارغا.
پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرۈش جاپا ئىش،
تەييار تېخى پىچاقتا دىل يارارغا.

قۇياش تەنلىك، بۇلۇت يۈزلۈك قىزچاقلار،
يىگىتلەردىن، مۇھەببەتتىن قاچماڭلار.
ھەممە نەرسە جۈپلۈق ـ بۇ بىر گۈزەللىك،
گۈزەللىككە تەتۈر چىراي ئاچماڭلار.

### سۆيگۈ چۇقانى

شاماللارمۇ شۇنچە ئەركىن، شۇنچە شاد،
يېنىككىنە سۆيۈپ ئۆتەر يۈزلەرنى.
يۇلتۇزلارمۇ شۇنچە يارقىن نۇر چېچىپ،
جەلپ قىلار سان ـ ساناقسىز كۆزلەرنى.

لېكىن بىزلەر، پەقەت بىزلەر گۇمانخور،
سۆيگۈمىزنى تۇگۇچ قىلىپ ساقلايمىز.
ئىشەنمەستىن تۇن ئىسسىدىن باشقىغا،
ئۆزىمىزنى بىكار ئوتقا قاقلايمىز.

ئەركىن چاچار ئۆز نۇرىنى قۇياشمۇ،
ئايمۇ باقار يەرگە ھېچبىر ھېيىقماي.
بىزمۇ ئۆتسەك بولماسمۇ يار، ئاشۇنداق،
شەرتمىدى ـ يا، ياشاش نۇرغا چېلىقماي؟

1992-يىل، پوسكام نېفىتلىكى.

كەرىمە ئابدۇللا

# ئىككى شېئىر

### سۆيگۈ ئۇچۇن ...

سۆيگۈ ئۇچۇن تېپىرلار يۈرەك،
سۆيگۈ ئۇچۇن تۆرەلگەن ئادەم.
سۆيگۈ ئۇچۇن بۇيۈكتۇر تىلەك،
سۆيگۈ ئۇچۇن يارالغان ئالەم.

سۆيگۈ ئۇچۇن پارقىرار قۇياش،
سۆيگۈ ئۇچۇن شارقىرار دەريا.
سۆيگۈ ئۇچۇن ياشايدۇ ھەر ياش،
سۆيگۈ ئۇچۇن نازغىمىدۇ زىبا.

سۆيگۈ ئۇچۇن تەۋرەيدۇ دۇنيا،
سۆيگۈ ئۇچۇن كۆتۈرەر ئىنسان.

سۆيگۈ ئۈچۈن ئېتىلار ئوق - يا،
سۆيگۈ ئۈچۈن پارتلار ۋۇلقان.

سۆيگۈ بىلەن چۆللەردۇر ئاۋات،
سۆيگۈ بىلەن ياڭرايدۇ كۈلكەم.
سۆيگۈ بىلەن بىباھا ھايات،
سۆيگۈ بىلەن ئەتىمىز كۆركەم.

× ×

سۆيگۈ قىممەت سۆيگۈ مۇقەددەس،
سۆيگۈ ئۈچۈن ئېيتىمىز ناخشا.
سۆيگۈ بىزچۈن ئوزۇق ۋە نەپەس،
سۆيگۈ بىلەن باسىمىز ئالغا.

### بىراق

يېتىسەن، قەدرىمگە كېچىكىپ، بىراق —
ئۆچكەندە قەلبىمدە ئۈمىدتىن چىراغ.
تۇرارسەن شۇ مەغرۇر قەددىڭنى ئېگىپ،
سۆيگۈمنىڭ قەبرىسىن باسقاندا شىۋاق.

باغاشلاپ قەبرەمگە يېقىپ باغرىڭنى،
سۆيەرسەن يېنىشلاپ قىينىسا پىراق.
ئېھتىمال بۇ ئىشلار كەلمەس يادىڭغا،
سەن تېخى ھازىرچە ئازابتىن يىراق.

1992- يىل 2- ئاي، كۆنەس.

ئەنۋەر مەتسەيدى

## ئىككى شېئىر

### كۆڭلۈم

مۇقام كەبى مۇڭلۇق يىگىتمەن،
پۈتۈن ئەمەس بىچارە كۆڭلۈم.
پەلەك ئۈسكىنىگە چۈشكەن ئۈگۈتمەن،
سۆيگۈ تۈگمىنىدە مىڭ پارە كۆڭلۈم.
ئىشق مۇزىكىسى جۇشقۇن ۋە لەرزان،
كېچە - كۈندۈز يىگانە كۆڭلۈم.
ئارمان ناخشىسى قايناق شادىيان،
ۋىسال شامىغا پەرۋانە كۆڭلۈم.
ئۇ بۆلۈنگەن ئىككىگە تەپ - تەڭ،
بىرى سىزگە دىۋانە كۆڭلۈم.
ئېزىز يۇرت ۋە ئاتا - ئانا، دەڭ،
بىرى ئۇندا ئاۋارە كۆڭلۈم.
سىز دېدىڭىز: « تەگسىزلىكقۇ بۇ،
سىزگە پۈتۈن قۇربانە كۆڭلۈم.
بۆلۈنۈۋەتسە بولالمايدۇ ئۇ،
مەندىكى ساق بىر دانە كۆڭلۈم ».
مەن دېدىم: « ياق تەگسىزلىك ئەمەس،
ھەر ئىككىسى مەردانە كۆڭلۈم.
چۈنكى، ئەمەس ۋاقىتلىق ھەۋەس،
شۇڭا تەھقىق ۋىجدانە كۆڭلۈم ».

### مۇستەھزات

ئۇزاق ۋاقىت ۋەسلىڭگە ئىدىم ئىنتىزار،
مۇشتاقلىقىمدىن.
كېلەرمۇ دەپ مۇشۇ كۈتكەن شېرىن مىنۇتلار،
ئامراقلىقىمدىن.
لايىق كۆرۈپ بىر مەھەل بولدۇم كۆزباقار،
خوپراقلىقىمدىن.
كۆڭۈل بېرىپ، قول تۇتۇپ كەلدىڭ شۇ قاتار،
پاكراقلىقىمدىن.
پەملەپ تۇرۇپ مەگزىڭگە سۆيۈۋالدىم يار،
چاڭقاقلىقىمدىن.
يىغلايمەن دەپ نازلىدىڭ، قورقتۇم نىگار،
ئاخماقلىقىمدىن.
ئەمما كۈلكە جۈر بولۇپ سۆيگۈمىز ياشار،
ئاپپاقلىقىمدىن.

ئابدۇقېيۇم مەجنۇن

# شېئىرلار

### نېمە دېسەم بولاركىن سېنى

هايات دېسەم، هاياتتەك تونۇش،
ئۆلۈم دېسەم ئۆلۈمدەك يېقىن.
كۈلكە دېسەم كۈلكەڭ بىر تۇرمۇش،
يىغا دېسەم يىغاڭ بىر ئېقىن.

ئازاب دېسەم چەكسىز بىر دۇنيا،
بەخت دېسەم بىھېساب شادلىق.
سېخىلىقتا بولساڭ بىر ئىلاھ،
بېخىللىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق.

نېمە دېسەم بولاركىن سېنى،
هايات دەيمۇ ۋە ياكى ئۆلۈم.
مەۋجۇت سەندە هەر ئىككىلىسى،
هاياتمۇ سەن؟ ئۆلۈم يا كۆرۈم.

### بۇ جايلاردىن ئىزدىگىنىم كىم؟

بۇ جايدا كىم بىلەن ئۇچراشقانىدىم،
بۇ جايدا كىمنى زار كۈتكەن تەلمۈرۈپ.
بۇ جايدا كىم بىلەن خوشلاشقانىدىم،
بۇ جايدا مەن كىمنى قويغان يۈتتۈرۈپ.

بۇ جايدا كىم بىلەن يۈرۈشكەن تالاي،
بۇ جايدا كىم ئۈچۈن ئۆرتەنگەن دىلىم.
بۇ جايدا كىم بىلەن سۆيۈشكەن قانىماي،
بۇجايدىن ئاھ بۈگۈن، ئىزدىگىنىم كىم!؟...

### سۆيگۈ

بىرسىنى دەپ باشلىرىم قاتتى،
بىرسىنى دەپ كۆزلىرىمدە نەم.
بىرسىنى دەپ تۇغۇلغانىمدىم،
بىرسىنى دەپ ئۆلەرمەنمۇ هەم؟

1991 - يىل نويابىر، يوپۇرغا.

ياسىنجان ئوسمان

# ئىككى شېئىر

### ئالدىغانسەن نېمىشكە؟

كۆزلىرىم يوق كۆزلىرىڭنى كۆرۈشكە،
لەۋلىرىم يوق لەۋلىرىڭنى سۆيۈشكە.
يۈرىكىم يوق سېنىڭ ناپاك يۈرىكىڭ
كۆيگەن هامان كۈلخان بولۇپ كۆيۈشكە.
ئالدىغانسەن دەسلەپ مېنى نېمىشكە.

سۆزلىرىم يوق ئەمدى ساڭا دېيىشكە،
چۈشلىرىم يوق سېنى قايتا كۆرۈشكە،
پۈرسىتىمۇ چىقماس ئەسلا سەن بىلەن،
قول تۇتىشىپ باغچىلارغا كىرىشكە.
ئالدىغانسەن دەسلەپ مېنى نېمىشكە.

كۆڭلۈممۇ يوق ساڭا زورلاپ بېرىشكە،
مەيلىممۇ يوق سېنى يوقلاپ كېلىشكە.
بىزار قىلغاچ مېنى ۋىجدانسىزلىقىڭ،
ئېنتىلمەسمەن جۇر بولۇپمۇ كۈلۈشكە.
ئالدىغانسەن دەسلەپ مېنى نېمىشكە؟

رازىمەنكى تەنها ياشاپ ئۆلۈشكە،
كۆزلىرىم يوق كۆزلىرىڭنى كۆرۈشكە.
سەن بىۋاپا ياردىن قېچىپ، دەۋزەخكە -
چۈچۈل بولاي، كىرىپ قالساڭ بېھىشكە،
ئالدىغانسەن دەسلەپ مېنى نېمىشكە.

### بەختسىز مۇھەببەت

سۆيگۈم بىلەن سۇنسام قىزىلگۈل،
كۆزۈڭ بىلەن ئەيلىدىڭ خازاڭ،

ئىشقىڭ ئۈچۈن بولسام قەلەندەر،
ئىلىڭ ئالماي ئاتىدىڭ «ساراڭ».
بىكار بولدى ۋەدە ـ قەسەملەر،
بەخت دېگەن تۇراقسىز ئىكەن.
غۇنچە گۈلنى ئاتتىڭ ئازگالغا،
سانجىلدى دەپ قولۇمغا تىكەن.

تاسادىپىي قالساق ئۈچرىشىپ،
دەرد ئۈستىگە قوشۇلارمۇ غەم.
يا ئۆرتىنىپ يۈرەكلەر قايتا،
جۇپ كۆزلەردە چاقنارمۇ شەبنەم؟
مەيلى مېنى سۆيمىسەڭ سۆيمە،
مەن سۆيىمەن سېنى تا ئەبەت.
چىن ئاشىقلار چېكىدۇ جاپا،
شۇنداق ئىكەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت!

**ئادىلجان ئابدۇقادىر**

# تاڭ تاراملاپ تۆكىدۇ كۆز ياش

## ئاھ، مەسۇمەم

ساڭا لاۋا ئاتقان ئىشقى ئوتلۇرۇم،
(تەپتى بىلەن تاشمۇ سۇيۇقلىناتتى)
ياققىنىڭدا لېۋىڭدىن بال ئوتلۇدۇم،
يۈرىكىمدە سۆيگۈڭ ئۇلۇغلىناتتى.

ئەجەب چاغلار، بىز سۆيۈشكەنپىنھاندا،
تاشقىنلىتىپ لەۋدىن لەۋگە شەربەتلەر.
قۇچاقلارنى تېگىشمەيتتۇق جاھانغا،
ئاشۇ قەدەر تاتلىق ئىدى لەززەتلەر.

نۇر تاراتقان كۆزۈڭ ئەمدى نېمبولدى،
قان تامىدۇ ـ مۇھەببەتنىڭ قېنى ئۇ!
قالدىم تۇتەپ «چوغ» لار ياتقا سۇنۇلدى،
ئاغزىڭ ناپاك سۆيەكلەرنىڭ كېنىمۇ؟

ئالغانىدىڭ يۈرىكىمنى قول سېلىپ،
ئاتتىڭ ئەمدى «تورۇككىدە» ئەجىبا.
نېمە قىلاي توڭ چالمىنى مەن ئېلىپ،
مۇزلاتقان سەن نېمە قىلساڭ قىلغىنا.

كۆيدۈردۈڭ سەن مۇزلاتتىڭ ھەم جانانىم،
ئۆلدى سۆيگۈ، ئۆلمەس ئەمما ئارمانىم!

## تاڭ تاراملاپ تۆكىدۇ كۆز ياش

كۆزلىرىمنى يۇمغاندا بىر چاغ،
يېرىپ چىقتىڭ ياستۇق قېتىمنى.
كۆز ياش، تەردىن گۈللەنگەن گۈلباغ،
سۆزلەپ بەرسۇن ساڭا سىرىمنى.

چوغدىنمۇ ياش تامامدۇ دېمە،
چوغدەك پاھ ـ پاھ يۈرەكنى كۆرۈپ.
پىراقىدا بولمىدىم نېمە،
يىغلىغانمەن گۈلخاندەك كۆيۈپ.

چىن سۆيگۈنىڭ ۋىسالىن ئىزلەپ،
چۈش قېتىدىن دەس كۆتۈردۈم باش.
ئاي نىگارىم كەتتىمۇ تىنەپ،
تاڭ تاراملاپ تۆكىدۇ كۆز ياش.

تاڭ تاراملاپ تۆكىدۇ كۆز ياش،
نىگار ئۇخلار ساماھ بېسىدە.
ھال ئېيتىشلار ئۆتۈشكەن ـ ئالماش،
ئۇ ھال ئېيتىپ ماڭا چۈشىدە...

## ئارىلىق سۆيگۈ

كۆزلىرىڭ تىنىق كۆل، كىرپىكىڭ نەشتەر،
مەڭزىڭدە نۇر ئوينار سەن شۇنچە سەبى.
قاشلىرىڭ بىر ھىلال، بىر تۇرۇپ خەنجەر،
جانانىم جاللاتمۇ سەن ياكى پەرى؟

تىزلانسام، كۆز يۇمۇپ كەتتىڭ نەزەرسىز،
ئىشقىمغا جاۋاب سۆز بىلدۈرمىدىڭ ھەم.
پېشىڭگە باش قويسام ئۇھ تارتتىڭئۈنسىز،
مەن كۈتكەن ۋىسال نە؟
چوغ يۇتتۇم شۇ دەم.

ئىزىدۇ يۈرەكنى مۇڭلار قاتمۇ-قات،
خىياللار ئىزىدىن چىپىلدايدۇ قان.
تولغاندىم ئارىلىق سۆيگۈ دەردىدە،
شۇ «ئۇھ» لار تەكتىدە نېمە باركىن تاڭ؟

## شۇ ئاخشام

كوزا سۇنار كۈندە ئەمەس كۈنى بىلەن،
بۇ بىر قانۇن قايىل قىلار تاشنىمۇ.
قېرىلىققا ئەجەل يېقىن بىلىمەن،
ئاياپ قويماس قېرىسۇن دەپ ياشنىمۇ.

ياساتمىغىن گۈمبەز قەبرە مېنى دەپ،
ئۇنتۇپ قالما تۇپراق ئارا مەن ياتسام.
سۆيۈشكەن بىزمەڭگۈلۈك دەپ تۇنجى رەت،
ئۇنتۇلغۇسىز سەن نۇرلانغان شۇ ئاخشام.

سۈرتۈپ يۈرمە خاتىرەمنى كۆزۈڭگە،
ھەم سېغىنما مېنى مۇڭلۇق ناخشاڭدا.
سۆيدۈرۈپ قوي سۈرىتىمنى لېۋىڭگە،
ھەر ئاخشىمى سەن خىيالچان ياتقاندا.

ھاتەمجان سايىم

# رامكىلانغان ياشلىق ھېسلىرى

### ھىجران ئالدىدا ئۆلمەس ئەقىدەم

(مۇۋەششەھۇ مۇساۋىيات)

سەبى   بىر چاغلار   بەردىم   قولۇمنى،
بىر چاغلار   سەنمۇ   قولۇمنى   تۇتتۇڭ.
بەردىم   قولۇمنى،   ياق-ياق   يۈرەكنى،
قولۇمنى   تۇتتۇڭ   يۈرەكنى   ئۇتتۇڭ.

ئۆركەشلەپ   شۇ چاغ   ئاققانىدى   دەريا،
شۇ چاغ   بىر خۇشال   دەريا   بويىلىدۇق.
ئاققانىدى   دەريا   ئەسلىتىپ   تويىنى،
دەريا   بويىلىدۇق   تويىنى   ئويلىدۇق.

يېشىل   ساھىلدىن   كەتتۇق   بىز تەنھا،
ساھىلدىن   كېتىپ   بىز تەنھا   ئۆتتۇق.
كەتتۇق   بىز تەنھا   كۆرمەي   ۋىسالنى،
بىز تەنھا   ئۆتتۇق   ۋىسالنى   كۈتتۇق.

گۈللەر   ساھىلغا   چاچقاندا   ھىدلار،
ساھىلغا   بېرىپ   خۇش   ھىد پۇرىدىم.

چاچقاندا خۇش ھىد گۈلدە دەپ سېنى،
ھىدلار پۇردىم سېنى سورىدىم.

ئۈزمىدىم ئۈمىد باسىمۇ ھىجران،
ئۈمىد يار بولسا ھىجران ئۆلەر دەپ.
باسىمۇ ھىجران ئىزلىدىم ۋىسال،
ھىجران ئۆلەر دەپ، ۋىسال كۈلەر دەپ.

## تۇيۇقلار

### ياشلارغا خىتاپ

ياشلىق چېغىڭ ـ سەيياھ چېغىڭ ئۇچۇپ كۆككە شۇڭغىغىن تېز،
سەيياھ چېغىڭ كېزىپ كۆكنى يۇلتۇزلاردىن جاۋاھىر تېز.
ئۇچۇپ كۆككە يۇلتۇزلاردىن سادا بەرگەن مەھكۇملۇققا،
شۇڭغىغىن تېز، جاۋاھىر تىز، مەھكۇملۇققا يۈكىنگىن تىز.

### دىلرەباغا

سۆيگىن تاللاپ پاك يۈرەكنى ئەي دىلرەباكۆزى قارا،
پاك يۈرەكنى تاپار بولساڭ دىل كۆزۈڭدە ئوبدان قارا.
ئەي دىلرەبا دىل كۆزۈڭدە پاكنى ـ ناپاك دەپ قالمىغىن،
كۆزى قارا، ئوبدان قارا، دەپ قالمىغىن ئاقنى ـ قارا.

## مۇساۋىيات تەرەپەيىنلەر

### سۆيگۈ

سۆيگۈ ـ سېھىرلىك، سۆيگۈ ـ مېھىرلىك،
سېھىرلىك بولغاچ لەززىتىدۇر ھايات.
سۆيگۈ لەززىتىدۇر بىلسە ئىنسانغا،
مېھىرلىك ھايات ـ ئىنسانغا قانات.

### ياشلىق

ياشلىق ئۇ ـ ئېقىن، ياشلىق ئۇ ـ چېقىن،
ئېقىن ـ ئاقىدۇ، چېقىن ـ كۆچىدۇ.
ياشلىق ئۇ ـ چېقىن، نۇرلىنىپ تېزلا،
چېقىن كۆچىدۇ تېزلا ئۆچىدۇ.

ئىلياس ئابلىمىت (دېھقان)

## ئىككى شېئىر

### سۆيگۈسىز

پەرھات تاغ كېسەرمىدى،
غېرىب چۆل كېزەرمىدى،
تاھىر سۇدا ئاقارمىدى ...
سۆيگۈسىز؟
ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك،
لۇتپۇللادەك ... ئەزىمەتلەر
ھاياتلىق شامى ئۈچۈش پەيتىدىمۇ،
تىك تۇرارمىدى سۆيگۈسىز؟
قاقاس چۆللەر، خارابىلار ...
باغ - بوستانغا ئايلىنارمىدى
سۆيگۈسىز؟
سۆيگۈ - ھايات،
سۆيگۈ ئۈمىد،
سۆيگۈ - ئىرادە،
سۆيگۈ - كۈچ - قۇدرەت.
سۆيگۈ - بايلىق،
سۆيگۈ - ...
قەدرىگە يەتسە ئىنسانىيەت!

### ياشلىققا سوئال

ياشلىق،
جىنمۇسەن، ئالۋاستىمۇ؟
شەيتانمۇ سەن ياكى؟
سېھىرلىك سەن ئاجايىپ.
دەقىقە ئالدىدا دوست ئىدىڭغۇ،
كۆزۈم ئاچسام،
تۇتقۇزۇپ قويۇپ بىر ھاسا
(ئۆزمە قېقىپ يېسۇن دىدىڭمۇ؟)
بولۇپسەن غايىب.

1992- يىل، قاغىلىق

مىسكىن

## ئىككى شېئىر

### سېغىنىش

ھىجران يۇتۇپ كېلەتتىم يالغۇز،
كەچمىشلەرنى سېغىنىپ ئەركەم.
چاقنار ئىدى كۆكتە بىر يۇلتۇز،
تۈن قوينىغا چۆككەندە مەلەم.

تىنىقىمدىن چاچرىتىپ يالقۇن،
كېزەر ئىدىم دالىنى ھالسىز.
قەلبىم يىغلاپ ياسايتتى دولقۇن،
تۇۋلار ئىدىم ئىسمىڭنى سانسىز.

مەن تېۋىنگەن مىسكىن چىرايىڭ،
كۆز ئالدىمدا بولاتتى زاھىر.
چۈشلىرىمنى قىيناپ سىماھىڭ،
بولۇپ قالدىم يىغلاڭغۇ شائىر.

كۆزۈڭدە ياش، ۋۇجۇدۇڭدا مۇڭ،
نۇر ئىچىدىن چىقاتتىڭ ئۇزاپ.
گېرە سېلىپ بوينۇمغا قولۇڭ،
ئولتۇراتتىڭ غەمكىن شىۋىرلاپ...

شېرىن چۈشلەر كەتتى بۇزۇلۇپ،
ۋىسال ئىزلەپ كېلىمەن تەنھا.
تۈن يورىدى شەرق بوزۇرۇپ،
«نۇر ئىلكىدە يۇيۇنار سەھرا»...

### پاراللېل سىزىق

مەن سېنى سۆيمىدىم، سۆيمەسمەن مەڭگۈ،
سەنمۇ ھەم سۆيمىگەن، سۆيمەيسەن ئەبەد.
بىز شۇنداق تۇتاشماس پاراللېل سىزىق،
دىللاردا قېپقالغان ئاداققى نەپرەت.

ئىككىمىز تۇتاشماس پاراللېل سىزىق،
سەن ماڭا، مەن ساڭا قىلمىدۇق شەپقەت.
ئىككىمىز چېپىشتۇق يول بەرمەي شۇنداق،
مەن سەندىن، سەن مەندىن كۈتمىدۇق لەززەت

نىھايەت ئاھ، بۈگۈن مۇشۇ دەقىقە،
ئاجايىپ ئەھۋالدا قالدۇق قارىشىپ.
ئادەملىك تەبىئەت ئىكەن غەلىتە،
جۈپ رەقىب بىر-بىرىنىلا قالدۇق يارىشىپ.

سەن ماڭا، مەن ساڭا تاشلىنىپ شۇئان،
جۈپلەشتى چاڭقىغان، نەپرەتلىك لەۋلەر.
پاراللېل سىزىقلار تۇتاشتى ئايھاي،
ئۇنتۇلدى دىللاردىن قىساسكار گەپلەر.

ئىبراھىمجان تاش

## ئىككى شېئىر

### سەن كۈلكەڭنى يوقاتتىڭ قاچان

كۈلكەڭ ساڭا قىلغاندى ئاشىق،
كۆدەك دىلغا تۇغۇپ بىر تۇيغۇ.
شوخ كۈلكەڭنى ئەسلەپ ھەركېچە،
جۈپ كۆزۈمگە كەلمەيتتى ئۇيقۇ.

سەن كۈلكەڭنى يوقاتتىڭ قاچان؟
ئەسىر بولدۇڭ نېچۇن دەرد-مۇڭغا؟
ئاق كەپتەردەك ئىدىڭ بەك ئوماق،
ئىشقىم باردى سايراشلىرىڭغا.

ئىشقىم باردى سايراشلىرىڭغا،
ئەمما ئەھۋال بۈگۈن ئۆزگىچە.
سېنى زادى نېمە شۇنچىلىك؟
ئازابلىدى ئېيتە خەدىچە؟

### ئۇچراشقاندا تۇنجى رەت كۆزلەر

ئۇچراشقاندا تۇنجى رەت كۆزلەر،
بىلىنمەيلا چاقىدۇ چاقماق.
شۇ چاقماقتا ئېيتىلار سۆزلەر،
سىر تۆككەندەك بەئەينى ياپراق.

ئۇچراشقاندا تۇنجى رەت كۆزلەر،
تاراپ كېتەر تەنگە بىر سېزىم.
گىرەلىشىپ شۇ دەم تىنىقلار،
سىزىق ھاسىل قىلار مۇنتىزىم.

ئۇچراشقاندا تۇنجى رەت كۆزلەر،
كۆتۈرۈلەر ئېسىگىدىن دۇنيا.
شەپەق مىسال قىزىرىپ يۈزلەر،
ئوت بولۇشۇپ يانىدۇ گويا.

ئۇچراشقاندا تۇنجى رەت كۆزلەر،
دىلدا سۆيگۈ ياسايدۇ قانات.
ئاستا - ئاستا كۆپىيىپ سۆزلەر...
نەۋ باھارغا تۇغۇلار ھايات.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئەبەيدۇللا

ئابلىمىت مۇھەممەت

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ـ خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئاغزاكى ئىجادىيىتى. ئىپتىدائىي دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمىي خەلق ئەدەبىياتى ئىدى، ياكى ئىپتىدائىي دەۋردىكى بىردىنبىر ئەدەبىيات خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىدى. ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەدەبىياتى بولدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن «سەنئەت بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ بارلىققا كەلگەن»① دىن كېيىن، يەنى يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ـ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىلا ساقلاپ كەلدى.

## 1

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر خىل ئەدەبىي پائالىيەت. ھالبۇكى بارلىق ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ ماھىيىتى ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىمۇ ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئۆزىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ مول مەنىۋى دۇنياسىنى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ياراتقان. دېمەك، تەپەككۇرنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتى ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كۆزىتىش ۋە ئېشىپ كېتىشنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەل بىز داۋاملىق دەپ كېلىۋاتقان سەنئەتنىڭ ئۆزىدۇر. دەرۋەقە، سەنئەت كىشىنى بىر خىل بوشلۇق مۇھىتقا يېتەكلەيدۇ، گۈزەللىكمۇ ئادەتتە مەلۇم مەنپەئەتدارلىق قارىشىنىڭ مەھلىيا قىلىشىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سەنئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىر خىل مەقسەتلىك مەنىۋى ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى يوشۇرالمايدۇ ۋە ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇنداق بولسا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ يەنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قانداق پەيدا بولغان؟

ئەمگەكچىلەرگە قارىتا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ئەلۋەتتە ئالدىنقى ئامىل بولىدۇ. ئادەم ئەمگەك داۋامىدا، بولۇپمۇ ئېغىر ئەمگەك داۋامىدا تەبىئىي ھالدا ئەمگەكنىڭ تەكرارلىقى ۋە ئېغىرلىقىدىن زارلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بۇنى تېخى بىر

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

① ماركس: «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىگە تەنقىدكە كىرىش سۆز» ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى 2 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، يېڭى يېزىق نۇسخىسى 1972 ـ يىل، بېيجىڭ.

خىل ئاڭ دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر خىل رولغا ئىگە بولغان فىزىئولوگىيىلىك رېفلېكستىن ئىبارەت. لېكىن، قورام تاشلارنى يۆتكەش، ياكى چوڭ ياغاچلارنى كۆتۈرۈش ۋاقتىدا چىقىرىلغان ھېلىقىدەك رېتىملىق ئاۋاز بىر خىل ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە كوللېكتىپ گەۋدىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى تونۇپ يېتىلگەن. ھەمدە باش ئايىغى ماسلاشقان بىر خىل «رېتىم» بارلىققا كەلگەن. رېتىم — مەيلى ئاۋاز ياكى ھەرىكەت رېتىمى بولسۇن، ئۇنى ھېس قىلىش ۋە قوللىنىش ئىنسانلارنىڭ سەنئەت تالانتىنىڭ ئۇلۇغ بىخى ۋە شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئۇقتىسىدىن قارىغاندا «ھە - ھۇ، ھە - ھۇ»دىن ئىبارەت ئەمگەك رېتىمىغا جۆر بولۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بەدىئىي سەنئەت ئەمگىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ گەرچە ئىنتايىن ئىپتىدائىي بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىر خىل بىخ ھالەتتىكى ئىجادىيەت بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى مانا مۇشۇ يەردىن ئاچقان.

لېكىن، ئەمگەكچى خەلق بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى داۋاملىق ئىجاد قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت پەقەت ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈچۈنلىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ناۋادا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن دەپ قارالسا، ئىشلەپ ھارغان بىر دېھقان خەلق ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتسا، بۇ ئۇنىڭ ھارغىنلىقىغا قانچىلىك دال بولار؟ ناخشا توۋلاش ئۈچۈنمۇ ماغدۇر، كۆتۈرەڭگۈ روھ، جۇشقۇن ئاۋاز بولۇشى كېرەكقۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى نوقۇل ھەم تار ھالدىكى «ئەمەلىي ئىشلىتىش» تەلىپىگە يىغىنچاقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددىي مۇۋەپپەقىيەتكە قانائەت قىلماي، جاپالىق شارائىتتا قەيسەرلىك بىلەن ئېغىز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشىنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئەمەلىي ئىشلىتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل مەنىۋى ئېھتىياج رېئاللىقتىن ھالقىپ ئۆتۈشتىكى بىر خىل كۈچلۈك تەلەپ، ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىغان بىر خىل مەنىۋى ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

قەدىمكى دەۋر ئەپسانىلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ «قەدىمكى دەۋر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەمگەك ھارغىنلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، يىرتقۇچ ھايۋان ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ تەھدىتىدىن مۇداپىئە قىلىش ۋە تىلنىڭ كۈچى ئارقىلىق «ئەفسۇن ئوقۇش» ۋە «قارغىش» ۋاسىتىسى بىلەن زىيانداش تەبىئىي ھادىسىلەرغا ئىستىخىيىلىك تەسىر كۆرسىتىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن»①. ئەمگەك جەريانى ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان ئەڭ ئاساسلىق ئىسپاتى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەنىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، غۇرۇرىنى قوزغىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئەمگەك بىلەن بولغان بىر خىل تەبىئىي ماسلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، رېئاللىق كىشىلەرنى ھەر قانچە ئازابلىسىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

① گوركى: «خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەمگەك ئاساسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقالىلە، توپلىمى» يازغۇچى نەشرىياتى، 1958 - يىل، ئالموتا.

ھامان ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ خىل ئەمگەك غايىۋى دۆلەت، غايىۋى قا-
نۇن ـ تۈزۈم، غايىۋى ھاكىمىيەت ئاستىدىكى ئەمگەك بولسىمۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇچ-
قۇر تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ، ئادەم ۋە ئادەمدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر كۈچلىرى ئۆ-
زىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىچىدە قاراڭغۇ رېئاللىقنى ئىنكار قىلىدۇ، غايىۋى گۈزەل تۇر-
مۇشنى مەدھىيىلەيدۇ. كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان چۆچەكلەردە، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى
ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئادەمنىڭ مەنىۋى پەزىلىتىنى قايتا ـ قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز-
ئۆزىنى يارىتىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. قارىماققا ئەمگەك ساداسىغا ئوخشاش كۆ-
رۈنگەن ئاشۇ نەرسىلەر ئالەمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان ئىرادە ۋە جاسارەتنى ئۆ-
زىگە مۇجەسسەملەشتۈرمەي، پەقەت رېئال ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ دات ـ پەريادىلا بولى-
دىغان بولسا، ئۇزىنىڭ ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك رىتىمنى شەكىللەندۇرەلىشى مۇمكىنمۇ؟

فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ قاتمۇ قات بېسىمى ئاستىدا مۇھەببەت، نىكاھ
ئىشلىرى، ئائىلە كۈچلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ قۇربانى ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ
قىممىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن ، مۇھەببەت ناخشا ـ قوشاقلىرى خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكە بولۇپ، ئۇ خۇددى دالا يانغىنىدەك ھارارەتكە
ۋە مەڭگۈلۈك قۇدرەتكە ئىگە. بۇنى فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاققا بولغان قارشىلىق ۋە ئا-
سىيلىق دېگەندىن كۆرە، ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ گۈزەللىكىگە
بولغان ساداسى ۋە مەدھىيە، ئىنساننىڭ غورۇرى ۋە ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش يولىدىكى ھارماس ئىزدىنىش دېگەن تۈزۈك.

ئادەممۇ بىر خىل مەۋجۇت ماددا، ئۇ گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تەبىئەتنى
ۋە ئۆزىنى يارىتىدۇ. ئەمگەكچىلەر ھەقىقىي گۈزەل دۇنيانىڭ ياراتقۇچىلىرى. رېئال دۇن-
يانىڭ قانچىلىك رەزىل، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ قانچىلىك چىرىك
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان «ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى» بويىچە ئۆزىنى يارىتىدۇ
ۋە جەمئىيەتنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. كىشىلەر ھەر خىل تۇرمۇش ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئاقىلانە، ئۆتكۈر يۇمۇر،
لەتىپىلىرى ئارقىلىق كىشىلىك پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ؛ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يا-
راتقان ماقال ـ تەمسىللىرى ئارقىلىق كىشىلىك پەلسەپىسى چۈشەنچىلىرىنى گەۋدىلەندۇ-
رىدۇ ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەمگەكچىلەر مانا مۇشۇنداق چەكسىز ئىزدىنىش داۋامىدا،
ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مەقسىتى بىلەن سۇبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئۈزلۈكسىز
ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ماھىيىتى ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ئۆزى بىلەن تەبىئەت، ئۆزى بىلەن جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز تەڭ-
شەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يۈكسەلدۈرگەن بىر خىل تەشەببۇسكارلىق روھىنىڭ سەنئەت
جەھەتتىكى ئىپادىسىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى رېئاللىق، ئەمما ئۇ
رېئاللىقتىن ھالقىغان؛ ئۇ ئەسلى ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەش قىلغان، لېكىن يەنە ئۈزلۈك-
سىز تۈردە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گۈزەل بولغان.

## 2

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادىي كۈچى، ئىنسان پەزىلىتى ۋە
گۈزەللىك ئېڭىنىڭ كونكرېت مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ مەنىۋى ئىش-
لەپچىقىرىشىنىڭ جەۋھىرى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
چوڭقۇر مەزمۇنى ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ گۈزەللىككە بولغان مول ھېس-
سىياتلار بىلەن تولغان بولىدۇ. لېكىن، سۇبيېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن ئوبيېكتىپ گۈزەل-
لىك مۇناسىۋىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى
زور پەرق مەۋجۇت. يەنى يازما ئەدەبىيات سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمىي ئاڭنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىجادىي پا-
ئالىيىتى ئاساسەن ئاڭسىز ياكى تۆۋەن دەرىجىدە ئاڭلىق بولىدۇ. بۇ خەلق ئېغىز ئەدە-
بىياتى ئەسەرلىرىدە ئەقلىي مەزمۇن يوق دېگەنلىك ئەمەس، خەلق
ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتا، ئۇنى بەدىئىي ئىجادىيەت
دەپ مۇئامىلە قىلمايدۇ. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى پائالىيىتى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ياكى
تۇرمۇش بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدىكى سۇبيېكتىپ ھېسسىيات،
بىۋاسىتە تەسىرات روشەن ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى ئاڭ سىستېمىسىنىڭ كاشىلىسىغا ناھايىتى ئاز
ئۇچرايدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىرخىل سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ بايانى بولۇپ،
بۇخىل ئىجادىيەت ھاياجىنى ئارزۇنىڭ ئەكس ئېتىشىدە ئەمەس، بەلكى تەلپىنىڭ
بايانىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇخىل ئالاھىدە ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئاساسىي گەۋدە (سۇبيېك-
تىپ) ئەسلى ئوبيېكتىپنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدا ھېچقان-
داق ئارىلىق قالمايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە چېچىلغان بو-
لۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن نەرسە يوق
دېيەرلىك. بۇلار ئاپتورلارنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇھەم ئە-
دەبىيات، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، خەلقنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئى-
پادىلەش شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق ئاڭسىز پائالىيەت سۇبيېكتىپ ئىچكى ھېسسىياتىنى
گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ھەقىقىي نىشانى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ
ئەڭ ياخشى شارائىتىنى ياراتقان، يەنى سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى تار
مەنپەئەتدارلىق ئامىللىرى چىقىرىپ تاشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
ئەسەرلىرى ساپ - پاك، سەممىي، ئىنتايىن راۋانلىقتىن ئىبارەت مۇستەقىل ئۇسلۇبقا ئىگە
بولغان. مەسىلەن: خەلق چۆچەكلىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مەلۇم دەۋردىكى ئورتاق-
ئەخلاقىي - پەزىلەت يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش گەرچە مەلۇم
بىر قەھرىمان شەخسنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالى-
رىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئومۇم ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە يا-
رىتىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلەشتۈرۈلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئورتاقلىق ئىپادىلىنىدۇ.
شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇاللىقى ئانچە روشەن بولمايدۇ، شۇڭا شەخسنىڭ پىسخىك پائالىيىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈش ئاز كۆرۈلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە

بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خەلق ئېـ
غىز ئـەدەبىياتى ئـەسەرلىرىنىڭ كـۆپ ۋارىيانتلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. چۈنكى ،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، پۈتكۈل خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بـۆلـۈۋاتـ
قان مەسىلىلەر سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا ھەرخىل
ۋارىيانتلارنى يارىتىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئورتاقلىق ئىنتايىن روشەن،
ئەمما ئىندىۋىدۇاللىق تۈتۈق، ياكى يوق دېيەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بىرىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدىغان، ھەمدە
ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا كوللېكتىپنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئار-
زۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار يازما ئەدەبىياتتىكىدەك ئۇنداق
ئىنچىكىلىك بىلەن يارىتىلمايدۇ. پەقەت يىپ ئۇچى ئارقىلىق توقۇلما قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىدىن قارىغاندا، ئۇ
تارىخىي سەۋەب ۋە بىلىش ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە تارىخىي باسـ
قۇچتىكى كوللېكتىپ ئېڭى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە، تۇرلەشتۇرۇش خـەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلى بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسانـ
لار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ-
لارنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن گۆدەك ھالەتتە ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇ-
چۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە دۇنيانى بىلىشكە ئېنتىلىش
ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. قەدىمكى دەۋرلەردە ئـومـۇمىي ئاڭ
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئېڭى تـولىمۇ يې-
تەرسىز ئىدى. «پۈتكۈل ئۇرۇق مەنىۋى جەھەتتىن ئېتىقاد قىلغان ئاساسىي گەۋدە» (گې-
گېل) دە، شەخسلەرنىڭ ئېڭى تېخى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سـۇبيېكتىپ
ئاڭ روھ قارىشى ۋە شەخسلىكنى چەكلەيدىغان كوللېكتىپ ئاڭ تەرىپىدىن ئـورۇۋېلىنغا-
نىدى. كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى كوللېكتىپ ئاڭ ئىچىدە تۇرغاچقا، خەلق ئېغىز ئە-
دەبىياتى ئەسەرلىرىمۇ بۇ دائىرىدىن چىقىپ شەخسلەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئـىرادىسىنى
ئەكس ئەتتۈرەلمەيتتى (ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى تېخى يې-
تەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن). شۇنىڭ ئۈچۈن، خـەلق ئـېغىز
ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار پەقەت قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئـېڭى ئاسا-
سىدا ئومۇمىيلىقا ئىگە بولغان نەرسىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، قەدىمكى
زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتا يېتەكچى ئورۇندا تـۇرغان مەنى-
ۋى ھالەتنى گەۋدىلەندۇرگەن، ئايرىم ئوبرازلاردىمۇ يەنىلا كوللېكتىپنىڭ ئېڭى ئىپادى-
لەنگەن. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىۋاسىتە تاشقى دۇنيا پائـالـىيەتلىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق ئەھۋالدا شەخسلەرنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى ھـەرگـىز
مۇمكىن ئەمەس.

كېيىنكى دەۋرلەردە يارىتىلغان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە يەنە نېمە ئۈچۈن ئـومۇ-
مىي ئاڭنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىغا كەلسەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئـەسەرلە-
رى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرغاندا بارلىققا كېلىپ، ئـۇششاق دېھ-

قانلار ئىگىلىكى شارائىتىدا تەرەققىي قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە شەخسلىك بۇرۇختۇم ھالەتتە تۇرغانلىقى (دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن) ئۈچۈن، شەخسلىك ھەر ھالدا ئانچە - مۇنچە كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، روھ قارىشى يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، ئادەمنىڭ قىممىتى نەزەرگە ئېلىنمىغان. كىشىلىك خاراكتېر يەنىلا يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارمۇ يەنىلا ئومۇمىي ئاڭ- خاراكتېرنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قېلىۋەرگەن. بۇنداق ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ئىچكى ھېسسىيات ھەر قانداق تاشقى كۈچنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا بەرگەن باھاسى پۈتۈنلەي ساپ - سەممىيلىك ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ھەم مۇكەممەل بولغان. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى ئومۇمىي ئاڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئىجادىيەت تەلىپىدىن قارىغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتقا مەڭگۈلۈك ئۈلگە بولۇش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت.

3

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەڭگۈ ئۆلمەس ئەدەبىيات. ئۇنىڭ تارقاتقۇچىسى خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەش ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئارقىلىق مول ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ تىلىدەك چىۋەر، مول، ئاجايىپ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە ۋە كىشىنى مەستقىلىدىغان يەنە باشقا بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. ئىنسانلارنىڭ تىلى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى مول ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇشىنى ھەقىقىي ئاساسقا ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەرتىپسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلگەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەنىۋى پائالىيەتلىرى رېئاللىققا ئايلانغان. ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇنىڭ روشەن مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇش مول بولغانسېرى تىلمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بېيىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى چوڭقۇرلاشقانسېرى تىلنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. تىلنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى بىلەن بىرلىكتە ئۆسىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولغان ئېغىز تىلى يۇقىرىقى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرغان ۋاقىتتا، ئۆزىگە خاس بولغان ئارتۇقچىلىقىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

خەلقنىڭ ئېغىز تىلى جانلىق، روشەن، ئىخچام، سېھرى كۈچكە، ئىنتايىن مول ئوبراز، ستىرولۇق ھېسسىياتقا ئىگە راۋان، گۈزەل تىل. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى

سۆزلەش بىلەن ئاڭلاش ئاساسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئىنـ
تايىن روشەنبولىدۇ: ھېكايە ـ چۆچەكلەر كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىلىدۇ، تېپىشماقلار كىـ
شىلەرنى ئويغا سېلىپ تېپىشنى ئاساس قىلىدۇ، ناخشىلار باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ ھوزۇرلىـ
نىشى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ ـــ ئۆزى ئېيتىپ، ئۆزى ھوزۇرلانغان تەقدىردىمۇ ئېيتقۇچىنىڭ
ئۆزى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى جەريانى ئادەتتە سۆزـ
لەش ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت كونكرېت مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. روشەنكى قوبۇل
قىلغۇچىنىڭ ئالىدىغان ئىستېتىك زوقى ئۇنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق سىڭـ
گەن ئوبرازدىن باشلىنىدۇ. ھېكايە ـ چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەتلەردە گەرچە پېرسوناژـ
لارنىڭ پورترېتى يازما ئەدەبىياتتىكىدەك ئۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن يارىتىلمىسىمۇ،
لېكىن، بىر نەچچە ئېغىز ئىخچام تەسۋىر بىلەنلا كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ساھىپـ
جامالالار، كۆچتۈڭگۈر پەھلىۋانلار، گۈزەل ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە بولغان شەخسلەرنىڭ
يارقىن ئوبرازى نامايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا ئوخشىتىش سىمۋولقىـ
لىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان مۇكەممەل ئوبرازلار كىشىنى ھەقىقىي گۈزەللىك
تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ.

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك.
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

بۇنىڭدا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ئوبراز يەنى «بەرگى قىياقتەك قاش» لار، ئاھۇـ
نىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش «تەلمۈرگەنكۆزلەر» ئادەمنىڭ ـــ بىر گۈزەل قىزنىڭ ئوبرازى
تولىمۇ يارقىنيارىتىلغان. ئادەتتىكى تىل بىلەن مۇشۇنداق مۇكەممەل ئوبرازلارنى يارىـ
تىش مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ«تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆز» لەردىن بىز ئۇ گۈزەلنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنىمۇ كۆرگەندەك بولىمىز، چۈنكى كۆز قەلبنىڭ دېرىزىسى ـ دە.

ئېغىز تىلىنىڭ مۇنداق ئىپادىلەش قۇدرىتى پەقەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرـ
لىرىگىلا خاس بولۇپ، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە مەھكەم جەلپ قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەـ
دەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ
ئىشلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ھالبۇكى، بۇنداق قايتىلىنىش
ئېغىز تىلىنىڭ ئىپادىلەش قۇدرىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتەرگەن. خەلقنىڭ
ئېغىز تىلىدىكى بۇ خىل ئارتۇقچىلىق تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ
دىققىتىنى تارتقان. ھەمدە ئۇلار خەلقنىڭ تىلىدىن ئۆگىنىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ،
دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كاتتا تۆھپىلەرنىياراتقان. بۇلار ئەدەبىي تىلنى ساپلاشتۇرۇش
ۋە ئانا تىلنى بېيىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. پوشكىن ياش يازغۇچىلار بىلەن
سۆھبەتلەشكەندە: تىل بايلىقىنى ئۆزۈل ـ كېسىل چۈشىنىش ئۈچۈن قەدىمكى دەۋر ناخشاـ
قوشاقلىرى، ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىش ـ پۇقرالارنىڭ ئېغىز تىلىنى تەتقىق
قىلىش ھەممىدىن بەك ئەرزىيدىغان ئىش؛ ياش يازغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى

ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئوقۇسا، ئاڭلىسا خەلق تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي
چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ - دېگەنىدى. لۇشۈنمۇ بۇ ھەقتە — نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر
مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان — دېگەنىدى.

جانلىق ئېغىز تىلى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۇ-
رۇشنىڭ ماددىي ئاساسىي، شۇنداقلا ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئىچكى - ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچلىرىنىڭ بىرىدۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە قوللىنىلغان ئاھاڭداش ۋە مەنىداش سۆزلەر-
نى ئىجادىيەتتە دائىم قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ۋاستە، ئۇنىڭ مەقسىتى لىرىك مۇھىت
يارىتىشتىن ئىبارەت-دەپ قارىساق بولمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئەس-
تايىدىل تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بولۇپمۇ كۆپرەك ئاڭلايدىغان بولساق ھېكايە - چۆ-
چەك، لەتىپە، ماقال - تەمسىل قاتارلىقلاردا قوللىنىلغان ئاھاڭداش، مەنىداش ياكى
كۆپ مەنىلىك سۆزلەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بىر ئومۇمىي قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى
بايقايمىز. بۇ خەلق سەنئەتكارلىرى قوللىنىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىجادىيەت ئۇ-
سۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقنىڭ ئېغىز تىلى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەتىجىسى ھامان ئويلىمىغان يەر-
دىن چىقىدۇ. بۇ، خەلقنىڭ بىر شەيئىنى يەنە بىر شەيئىگە باغلاپ تەپەككۇر قىلىش ئىق-
تىدارىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، سۆزلەرنىڭ مەنتىقىسىگە بولغان ئىنكاسىنىڭ
ناھايىتى تېز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە كۈچ-
لۈك بەدىئىيلىك بەخش ئېتىدۇ. مانا بۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس
تالانتىنى نامايان قىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا يەنە بەزى ۋەقە جەريانلىرىدىن ساخ-
تا خۇلاسە چىقىرىپ، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ» ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇ-
رۇشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ بار. بۇنداق ئەھۋال نەسىرىدىن ئەپەندى نامىغا
توقۇلغان لەتىپىلەردىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ.

مەسىلەن: بىر كۈنى پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئەپەندى بىللە ئوۋغا
چىقىپتۇ. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا پادىشاھ تونىنى سېلىپ ئەپەندىگە كۆ-
تەرگۈزۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ۋەزىرمۇ تونىنى يېشىپ ئەپەندىگە كۆتەرگۈزۈپ قويۇپتۇ
ۋە ئەپەندىنى گەپتە چۈشۈرمەكچى بولۇپ: ئەپەندى — ھازىر ئۈستىڭىزدە بىر ئېشەكنىڭ
يۈكى بولۇپ قالدى - ھە، دەپتۇ. ئەپەندى: بىر ئېشەكنىڭ يۈكى بولسىغۇ مەيلى، ئىك-
كى ئېشەكنىڭ يۈكى - دە، دەپتۇ.

خەلقنىڭ ئېغىز تىلى، كۆزى پۈتمەس بۇلاق، قېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كانغا
ئوخشايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنداق مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشتەك
ئالاھىدىلىكى ئۇنى ماددىي شەكىلگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز
يېڭى مەزمۇنلارنى بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ياشناپ تۇرۇشى، ئەزىم دەريادەك
توختىماي ئېقىپ تۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات، شۇنداقلا يېڭى ئەدەبىيات، ئۇ
ئىنسانلارنىڭ ئەقىل نۇرى بىلەن بىللە كىشىلىك تۇرمۇش ساھەسىگە كىرگەن. دۇنيادا
ئادەملەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئېغىز تىلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئېغىز ئىجادىيىتىمۇ

توختاپ قالمايدۇ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ئانا» لىق سۈپىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنى مول ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئۆلمەس ئوبراز ۋە ئاجايىپ يارقىن بەدىئىي شەكىل بىلەن تەمىن ئېتىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى روھىي ئوزۇقتىن بەھرىمەن قىلىدۇ، مول، رەڭگا رەڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىپ، شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

4

خەلقنىڭ ئېغىز تىلى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلەش شەكلى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ كوللېكتىپ تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تاللانغان ۋە تاۋلانغان مۇكەممەل ئېغىز ئىجادىي تىلى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى گۈزەللىكى، تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇشۇ تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

خەلق تىلىنىڭ يىلتىزى ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇش تۇپرىقىدا بولۇپ، ئۇ خۇددى زېمىندەك ساددا، سەمىمىي، ئۇنىڭدىن گۈزەل سەھرا ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەدىبلەرنىڭ تىلىدەك سىپتا بولمىسىمۇ، لېكىن، كىشى قەلبىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر خىل يېڭىچە مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىلى ئېنىق، ساپ - تازا ۋە ئىنتايىن گۈزەل تىل. خەلق ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ مۇنداق تالانتقا ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاددىي تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرۇپمۇ كىشىلەر قەلبىنىڭ ئىچكى پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇلار ئىككى، ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئىستىتىك تۇيغۇسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ يارقىن نەمۇنىلەرنى ياراتقان.

سۇغا سالسا سۇ كۆتەرمەس،
مىسقال تۆمۈرنى.
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

بۇ بېيىتتا، سۇنىڭ زەررىچە تۆمۈرنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئارقىلىق، كىشى كۆڭلىنىڭ نازۇكلۇقى كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، ئەسلىدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىنغان.

خەلق ئاممىسى ئەڭ ماھىر رېئالىزمچى. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھېچقانداق پەدازلىماي ئۆزلىرىنىڭ ساپ، ساددا تىلى بىلەن ئەينەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالىنىڭ باشىغا.
سايدا تۆگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ئادەتتە ماقال ـ تەمسىللەردە پۈتۈن ـ پۈتۈن كىتابلارنىڭ مەزمۇنى بار دېيىلىدۇ. مۇنداق ئىخچام شەكىل ئىچىگە مول مەزمۇن سىغدۇرۇشتەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت خەلق قوشاقلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك، يۇقىرىقى قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىنى ئادەتتىكى تىل بىلەنمۇ شەرھىلەش تامامەن مۇمكىن. لېكىن، ھەر قانداق سۆز ئۇستىدىمۇ مۇنداق ئىخچام شەكىل ئىچىگە ئۇنداق مۇرەككەپ ھەم مول ئىدىيىۋى مەزمۇننى سىغدۇرالمايدۇ. مۇنداق تالانت پەقەت خەلققىلا مەنسۇپ، پەقەت ئەمگەكچى خەلقلا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

بۇنداق ساپ گۈزەللىك خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە خەلق چۆچەكلىرىدەك ئۇنداق تەپسىلىي سۈرەتلەنمىسىمۇ، لېكىن تىلىنىڭ ئېنىق،چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تەكرار ئىپىزوتتىن تەركىب تېپىشى ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولۇشتىن باشقا، كىشىدە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق تەكرارلىق خەلقنىڭ قەتئىي بوشاشماستىن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئۈجمە سايىسى» ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭدا ئاچكۆز باينىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئەپچىلەم قاتارلىق يېزا ياشلىرىنىڭ پەم ـ پاراسىتى ئارقىلىق تەلتۆكۈس ئېچىپ تاشلىنىپ، ئاخىرى باي يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان.

باي بىلەن ئەپچىلەملەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ھەر بىر قېتىملىق دىئالوگ تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي سۆزلەردىن تەركىب تاپقان. لېكىن ھەر بىر ئېغىز سۆز ئىنتايىن جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، چۆچەكتە بۇ سۆزلەر ئالاھىدە تۈس ئېلىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، بولۇپمۇ پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە قالتىس رول ئوينىغان. سۆزلەرنىڭ ئاددىيلىقى، راۋانلىقى، ئوچۇق-يورۇقلۇقى كىشىگە ئىستىتىك زوق بېغىشلىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشۇ سۆزلەر ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشى قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. مانا بۇ چۆچەكلەر تىلىدىكى ئالاھىدە گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ چۆچەكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغان. بۇنداق تىل شەكلى بالىلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماس، تىل ئادىتىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. بۇ جەھەتتە ھايۋاناتلار چۆچەكلىرى ۋە مەسەللىرى تېخىمۇ شۇنداق.

ئادەتتىكى تۇرمۇش چۆچەكلىرى، بولۇپمۇ لەتىپىلەر تىلىنىڭ مۇنداق ساپ گۈزەللىكى ئەڭ ئاخىرىدىكى يېشىمىگە مەركەزلەشكەن. مەسىلەن: «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دىكى «...كۆپ ئەمەس، پەقەت ئىككى غېرىچ تۆرتلىكلا ئىكەن»، «بىر ئېشەكنىڭ يۈكى بولسىغۇ مەيلى، ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى ـ دە » دېگەن سۆزلەر نېمىدېگەن دەل جايىدا بېرىلگەن جاۋاب ـ ھە!

خەلق تىلى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بۇنداق ھاياتىي كۈچ بىر تەرەپتىن خەلق تىلى ئۆزى پەيدا بولغان زېمىن ــ ئەمگەك، ئەمەلىيەت، تەبىئەتتىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىلنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارىدىن كەلگەن،

تىل تەپەككۇرنى ئىپادىلەش شەكلى، ئۇ تەپەككۇر مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەمما ئۇ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجادىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، ئىدىيىسىنى بايان قىلىشتا كۆپ خىل ئىپادىلەش شەكلىنى ئىجاد قىلغان. ھالبۇكى بىر خىل تىل كىشىلەر تەرىپىدىن دائىمىي ۋە كەڭ - كۆلەمدە قوللىنىلغاندىن كېيىن، نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئابستراكىت شەكىلگە ئايلىنىدۇ؛ تىل شەكلى ئابستراكىت قۇرۇلمىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

چۆچەكلەردە خەلق تىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەر خىل تىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ پىششىق ئىگىلەنگەنلىكى ۋە جانلىق ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى نىسپىي تۇراقلىق بولىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تۇرلەرگە بۆلۈنگەن. مەسىلەن: چېۋەر ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىكى پەرق چوڭ، ھەر قايسىسىنىڭ رەقىبلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن ئوخشاش. يەنى سوئال سوراش، قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىش ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قۇرۇلما ئامىلىدىن ئىبارەت. سوئال قويغۇچىلار ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان تەلەپلەرنى، ياكى جاۋاب بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىلەر «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن: خەخ ئۇنىڭدىن ھۆكۈزنىڭ «بالىسى» نى سورىغاندا، دادام «تۇغقىلى» كەتكەن، قايتىپ كېلىپ جاۋاب بەرسۇن- دەيدۇ. خەخ ئۇنىڭدىن سېغىزدا «چەم» كېسىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ «قۇمدىن يىپ ئېشىپ بېرىش» نى تەلەپ قىلىدۇ. خەق ئۇنىڭدىن قېتىقنىڭ «يۈزىنى بۇزماي ئىچىش» نى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ناننى ئاغزىغا ئالماي يېيىشنى تەلەپ قىلىدۇ... شۇنداق قىلىپ، رەقىبلىرى ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال لەتىپىلەردىمۇ كۆپلەپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن: «يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟» دېگەن سوئالغا «ئېشىكىمنىڭ ئوڭ پۇتى دەسسەپ تۇرغان يەردە» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. «ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى قانچىلىك؟» دېگەن سوئالغا «ئېشىكىمنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەر قانچە بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ شۇنچىلىك» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. «ساقىلىمنىڭ تۈكى نەچچە تال؟» دېگەن سوئالغا «ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تۈكى قانچە بولسا، ساقىلىڭنىڭ تۈكىمۇ شۇنچە تال» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ.

«دانىشمەن قىز» چۆچىكىدە، قىز ئۆزىگە كەلگەن ئەلچىلەردىن پادىشاھنىڭ سەكسەن ياشقا كىرگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز قاپلان، قىرىق ئارسلان، ئاتمىش ئاختا، يەتمىش جىڭپاختا ۋە سەكسەن تاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى سالىدۇ. بۇلار ئەسلىدە ئادەمنىڭ شۇ دەۋر يېشىغا، ھايۋانلار بولسا شۇ ياشتىكى ئادەملەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدىكى «سەكسەن تاختا» پادىشاھ مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي،

ئەمدى جىنازا خەۋىرى كۈتسۇن ـ دېگەننى بىلدۈرەتتى. لېكىن ۋەزىرلەر شاھنىڭ تەلىپى بويىچە «تويلۇق» ئۈستىدە كېڭەش قىلىۋاتقاندا بۇ يەردىكى «سىر» مالاي تەرىپىدىن ئېچىپ تاشلىنىپ، پادىشاھ ھەسرەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن خەلق تىلىنىڭ ئاجايىپ تاللانغان ۋە تاۋلانغان تىل ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خەلق ئاممىسى مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، چەكلىك تىل شەكلى ئىچىدىن چەكسىز مول، گۈزەل تىل شەكىللىرىنى ياراتقان. ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان. خەلق تىلىنىڭ ئىخچام ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ماقال ـ تەمسىل ۋە تېپىشماقلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ماقال ـ تەمسىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى، تۇرمۇش بىلىملىرى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، ئەخلاق قاراشلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىلىم ـ پېنى، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ئىخچام دەرسلىكىدىن ئىبارەت. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تىلى ئىنتايىن ئىخچام بولۇپ، بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا بىر قانۇنىيەتنى يەكۈنلەيدۇ:

هوت ـ كەتمەن سېپىنى تۇت.

قىشنىڭ گۈلى ـ ئوت.

قىشنىڭ ئاپتىپى، دۈشمەننىڭ كۈلگىنىچە بار.

شامال تۆۋەندىن كېلىدۇ، ئاپتاپ يۇقىرىدىن (كېلىدۇ).

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار).

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردە ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ئاددىي تىل بىلەن ئىخچام ئومۇملاشتۇرۇلغان.

ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە (تىك).

ئاتاڭ كۆكبېشى بولغىچە، ئۆيۈڭ سۇ بېشى بولسۇن.

دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل، موللا بولساڭ تەكرار قىل.

يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

يەر تويمىغىچە ئەر تويماس.

بۇلار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھاۋارايى، سۇ ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىخچام ئەمما ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭدا ئېتىز ـ ئېرىق باشقۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىمۇ يەكۈنلەنگەن.

يۇقىرىقىلار دېھقانلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىش ئارقىلىق توپلىغان بىلىم ـ تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك ئەمەلىي ۋە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئاغزاكى ئىلىم ـ پەن قوراللىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى «ئىش ئۆمىلۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» نىڭ ئەۋزەللىكى، كونا جەمئىيەتنىڭ جاپا ۋە زۇلۇملىرى، زامانىنىڭ ئوساللىقى، پەندى ـ نەسىھەت، دوست تاللاشنىڭ پرىنسىپى، گەپ ـ سۆزدە ئېھتىيات قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا يارىتىلغان ماقال ـ تەمسىللەر، خەلقنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دەۋردىن ـ دەۋر-

گە تارقىلىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىلىم قامۇسىغا ئايلانغان. بۇلار تىل خەزىنىمىزنىڭ
گۆھەرلىرى، ئۇ پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئابستراكىتلاشتۇرۇلۇشى بولماستىن، بەلكى پەلـ
سەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى. ئۇنىڭ خەلق ئـارىسىدا ئەنە شۇنداق كۈچـ
لۈك تەسىرگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خەلقنىڭ ئېغىز تىلى ئەسلىدىنلا گۈزەل تىل بـولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماقال ـ
تەمسىللەر مۇشۇ ئالاھىدىلىك ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تىلنىڭ گۈزەللىكى
تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلىنغان. شۇڭا خەلق «ئەر كۆرىكى‌ساقال، تىل كۆرىكى ماقال»
دەپ جايىدا ئېيتقان. ئۇنىڭغا قاپىيە، تۇراق، رېتىمنىڭ‌قوشۇلۇشى ئۇنى تېخىمۇ رەڭدار-
لىققا ئىگە قىلىپ، كۆزنى‌قاماشتۇرىدىغان بىر تۇرلۇك ئېغىز ئىجادىيىتى‌بارلىققا كەلگەن.
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقال ـ تەمسىللەر ئەدىبلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن
ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ دېھقانلارنىڭ كاتتا ئەسىرى، ئـەمگەكچىلەرنىڭ پەلسەپىۋى شې-
ئىرلىرىدىن ئىبارەت. گۈزەللىك ئۇنىڭ‌ئايرىلماس بىر قىسمى.
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى خەلق تىلىنىڭ گـۈلتاجىسى بـولۇش سۈپىتى بـىلەن دۇنيادا
مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، خەلق تىلىنىڭ مەڭگۈلۈك گـۈزەللىككە ئـىگە ئىكەنلىكىنى
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نامايان قىلىـدۇ. خەلق تىلىنىڭ‌قۇدرىتى مانا مۇشۇ گۈزەللىك ئىچىدە
ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

بۇ ساندىكى ماقالە، ئوبزورلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **ھاجى ئەخمەت**

---

(بېشى 110 ـ بەتتە)

باشلىدى. ئۇلار ئىنچىكە قۇيرۇقلىرىنى‌يەڭـ
گىل مىدىرلىتاتتى. قوي ھە دەپ قوزىلار-
نى پۇرايتتى،مەن قوزىلارنى ئېمىتىپ بول-
غاندا ناماز شام بولاي دېـگەنىدى. ئىككى
قوزىنى چاپىنىمغا يۆگەپ كـۆتۈرۈپ، قوي-
لارنى ھەيدەپ ماڭدىم. تۇغقان قوي‌مېنىڭ
يېنىمدا بالىلىرىدىن كۆز ئۈزمەي، مەرەپ
ماڭاتتى.

دادام ئالاھىدە يـاخشى كـۆرىدىغان بۇ
قوينىڭ ساق ـ سالامەت ئىككى قوزا تۇغـ
قانلىقى مېنى قەۋەتلا خوش قـىلىۋەتكەنىـ
دى. مەن ئـويلايتتـىم. دادام بىلەن ئانام
مېنى «قوزام، جېنىم قـوزام ياخشى ئوقۇ،
ئەلگە ياراملىق ئادەم بول» دېگەننى ئاغـ
زىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆ-
زۈم كۆتۈرۈۋالغان مۇشۇ قـوزىغا ئوخشاي-
دىكەنمەن. جـېنىم ئانا، دادا، بـۇنىڭدىن
بۇرۇن قىلغان ھەممە سەۋەنلىكىمنى كەچۈ-
رۈڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى قەتئىي
رەنجىتمەيمەن.

سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. مـەھەللىگە يې-
قىنلاشقىنىمدا ئالدىمدا ئـانام بـىلەن دا-
دام پەيدا بـولۇپ قـالدى. بـۇلار مەندىن
ئەنسىرەپ ئالدىمغا كـەلـگەنىكەن. مەن
ئىككى قوزىنى كۆتۈرگەن پـېتىم ئۇلارنىڭ
ئالدىغا يۈگۈرەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

ـ ئانا، دادا قـوي ئىككـى قوزا تۇغـ
دى، ئىككى قوزا!

ئابدۇقاسىم سۇلتان

# ئىككى قوزا

(ھېكايە)

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. خورازلارنىڭ ئارقا - ئارقا چىللاشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىدىم. دادام يوتقاندىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قوپۇشقا تەمشىلىۋېدى، قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كېتىپ يانا تەكيىگە باش قويدى.

— ئۆپكىلىرىگە سوغۇق تەگكەن ئوخشايدۇ. يېتىپ ئارام ئالسىلا، بۈگۈن قويلارنى مەن بېقىپ كېلەي، - دېدى ئانام كىيىملىرىنى كەيگەچ.

— ئۆزۈم باراي، سىلە بالىلارغا قارىماساڭلار بولمايدۇ - دادام قوپۇشقا ھەرىكەت قىلىۋىدى، يەنە يۆتەل تۇتۇپ پېشانىسىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— دادا، بۈگۈن قويلارنى مەن بېقىپ كېلەي، ماڭا تەتىل بولغاندىكىن، - دېدىم مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ.- سەن ئارام ئالغىن، ئانام ساڭا ئاش ئېتىپ بەرسۇن.

مەن ئالمان - تالمان كىيىنىپ پەگاغا چۈشتۈم.

— بالام، شۇنداق دېگىنىڭگە رەھمەت. سەن تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش ۋاقتى دېگەندە جاڭگالدا ئوت ئاز، كەچ بولغىچە قويلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپلا يۈرۈيدىغان گەپ.

— دادا خاتىرجەم بول، چوقۇم بېقىپ كېلەلەيمەن. مەن شۇنداق دېدىم - دە، ئىككى ناننى بېلىمگە تۈگۈپ قوتاندىكى قىرىق بەش قوينى بىر - بىرلەپ ساناپ جاڭگالغا ھەيدەپ ماڭدىم.

مەن خېلىدىن كېيىن ئاندا - ساندا قومۇشلىرى بار جاڭگالغا يېتىپ كەلدىم. جاڭگال ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە توپ - توپ مال پادىلىرى ئوتلاۋاتاتتى. مەن قويلىرىمنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ بېقىشقا باشلىدىم. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا تۇيۇقسىزلا دادام ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، باشقا قويلىرىمىزدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان مەكىت قويىمىز بىردەم يېتىپ، بىردەم قوپۇپ زادىلا ئوتقا كىرىشمىدى. بۇ ئىش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن، قوي يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ قاتتىق ئىنجىقلاشقا — مەرەشكە باشلىدى. مەن ئىنتايىن قورقتۇم. چۈنكى سەككىز ياشقا كىرگىچە بۈگۈن تۇنجى قېتىم قوي باققىلى كىرگىنىمدە بۇ قوي تاسادىپىي ئاغرىپ قالسا قانداق بولغىنى؟ مەن دەرھال بېلىمدىكى بەلباغقا تۈگۈۋالغان بىر ناننىڭ يېرىمىنى ئۇشتۇپ قويغا تەڭلىدىم. ئادەتتىكى كۈنلەردە يەپ تويمايدىغان بۇ قوي نانغا قاراپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ زورۇقۇپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى. ئارقا-ئارقىدىن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، تېپىشلەپ يەرنى قېزىۋەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم. قوينىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنجىق



لىشى مېنى ئىنتايىن قورقۇتاتتى، «ئۆلۈپ
قالمىغىيتتى ـ دەيتتىم ئىچىمدە ـ مۇشۇنداق
قىلىپ تۇغامدۇ ـ يا تېخى؟» دەپ ئويلىدىم.
راست دېگەندەك ئاخىرى جېنى چىقىپ كەت-
كۈدەك كۈچەپ بىر قوزا تۇغدى. ھەي، تۇ-
غۇت شۇنداق تەس بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟
مەن شۇ چاغدىلا چوڭ بىرنى تىنىپ يۈز ـ
كۆزلىرىمدىكى تەرنى سۈرتتۈم ـ دە، بىردىنلا
ئانامنى ئېسىمگە ئېلىپ قالدىم. ئاھ، جېنىم
ئانا! مېنىمۇ شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇغ-
قان بولغىيتتىڭ ـ ھە!؟ ئاھ چاپاكەش ئانا!
مەن تېخى تۇنۇگۈن سىرتقا چىقىپ ئويناپ
كىرىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقسام، سەن مۇلا-
يىملىق بىلەن:
ـ بالام ئۇكاڭغا قاراپ تۇرغىن، مەن
كۆلدىن سۇ ئەكىرىپ ئاش ئېتىپ بېرەي! ـ
دېدىڭ.
ـ ئۆزۈڭ قارا، ئوينايمەن ـ دېدىم مەن
سىرتقا يۈگۈرۈپ.
ـ جېنىم قوزام، ئۇنداق قىلما ـ دې-
دىڭ سەن ماڭا يېلىنىپ، مەن ئۇنىمىدىم
ـ ئەمسە سۇ ئەكىرىۋالغىچە قاراپ تۇر-
غىن، ئاندىن سەن چىقىپ ئويناۋەرگىن، مەن
ئۇكاڭنى باققاچ ئاش ئېتەي، ـ دېدىڭ. مەن
قېچىپ كەتتىم. سەن ئازراق قوغلاپ ـ ماڭا
يېتەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلدىڭ بولغاي، خا-
پا بولغان ھالدا ئۆيگە قايتقانىدىڭ. خې-
لىدىن كېيىن كىرسەم ئاش پىشىپتۇ. جېنىم
ئانا شۇ چاغدا سەن مېنى تۇغۇپ چوڭ قىل-
غانلىقىڭغا ئۆكۈنگەن بولغىيتتىڭ ـ ھە؟ يال-
غۇز بۇلا ئەمەس، سېنى تالاي قېتىم رەنجىت-
تىم. جېنىم ئانا نېمىشقىمۇ بۇيرىغان ئىش-
لىرىڭغا ئۇنىماي سېنى رەنجىتكەن بولغىيتتىم.
مېنىڭ يۈزۈم خېجىللىقتىن ئوت ئالدى...
تۇغۇپ بولغان قوي ئورنىدىن تۇرۇپ، قو-
زىسىنى پاك ـ پاكىز يالاپ قۇرتتى ـ دە،
يەنە ئىنجىقلاشقا باشلىدى. مەن بۇ قېتىم
بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق قورقتۇم. كەچ كىرىپ
قالغانىدى. بۇ چاغدا باشقا قويلار ئۆي تە-
رەپكە مېڭىپ، خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. مەن
يۈگۈرۈپ بېرىپ، قويلارنى يىغىپ كەلدىم.
قارىسام بۇ قوي يەنە بىر قوزا تۇغۇپتۇ. بۇ
قوزا بايىقى قوزىغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.
قوي بېشىنى كۆتۈرۈپ تەسلىكتە ئورنىدىن
تۇرۇپ قوزىسىنى قۇرۇتۇشقا باشلىدى. قوزىلار
قوپۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. مەن ھەر ئىككى
قوزىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدۇم،
قالغان قويلار يەنە ئۆي تەرەپكە ماڭدى.
مەن قوزىلارنى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ
قويۇپ، يەنە قويلارنى توسۇپ كېلىشكە
ماڭدىم. قويلار زادى جىم تۇرمايتتى. بىر-
سىنى توسسام يەنە بىرسى قوپاتتى. دەم
تۇغۇتلۇق قوينىڭ يېنىغا، دەم ئۆيگە كې-
تىش ئۈچۈن تېپىرلىغان قويلارنى توسۇپ
ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي، دېدىم. شۇ چاغدا
دادامنىڭ ھەر كۈنى جاڭگالدىن ھېرىپ
كېلىدىغان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى.
بىچارە دادام ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن مال بېقىپ
قوينىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، قانچىلىك
جاپا تارتىدىغاندۇ...؟
مەن قويلارنى يىغىپ كەلگەندە تۇغۇلغان
قوزىلار ئانىسىنى ئېمىش ئۈچۈن ھەرىكەت
قىلىۋاتاتتى. بىر قوزا ئانىسىنىڭ ئالدى
ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەڭگىل دو-
قۇسلاتسا، يەنە بىر قوزا ئانىسىنىڭ كەي-
نى يوتىسىغا ئۈسسۈپ قوياتتى. مەن قو-
زىلارنى ئېمىتىش ئۈچۈن بىر قولۇمدا بوي-
نىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولۇم بىلەن قوي-
نىڭ ئارقا پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەمچە-
كىنى چىقىرىپ بەردىم. قوزىلار ئېمىشكە

(ئاخىرى 108 ـ بەتتە)

ئېزىزجان توختىهاجى

# تۇنجى گۇناھ

(هېكايە)

بۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا خېلى يىللار ئۆتـ
تى. « قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدا
بىلىنەر» دېگەندەك هازىر بۇ ئىشلارنى ئوي-
لىسام، گويا باللىق چاغلىرىمغا قايتقانـ
دەك بولىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمـ
نى تۈگىمەس قەرزگە بوغۇلغان قەرزداردەك
هېس قىلىپ قورۇنۇپ كېتىمەن. بۇ ئىشنى
گەرچە ئۆزۈمدىن باشقا بىرسى بىلمىسىمۇ
لېكىن هامان بىر كۈنى ئاشكارا بولۇپ
چاۋام چىتقا يېيىلىدىغاندەك ئۆزۈمنى يو-
شۇرغىلى يەر، كىرگىلى كامار تاپالماي
قالىمەن؛ شۇ ئەسلىمە بىلەن تەڭ تاغامـ
نىڭ ئوغلىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا بىلـ
لە كېلىدۇ، - دە، مېنى كەچۈرۈپ بېشىنى
لىڭشىتقاندەك كۆرۈنىدۇ...

ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان
چاغلىرىم بولسا كېرەك. ئۇ چاغلاردا، بىز-
نىڭ مەكتەپنىڭ كەينى ئىشىكى تەرەپتە كۈنـ
دە دېگۈدەك بازار بولاتتى. بىز باللار ئا-
تا - ئانىمىز بەرگەن پۇلنى هەر كۈنى ئا-
شۇ بازاردا خەجلەپ تۈگىتەتتۇق. بۇ كىچىك
كىنە، ئەمما ئاۋات بازاردا ئىزدىسە توخۇ
سۈتىدىن باشقىسى تېپىلاتتى. ياز كۈنلۈكى
بۇيىغا يۆگەپ سارغايتىلغان مايسەن ئۆ-
رۈكتىن تارتىپ، توك سويما، شاپتۇل،
ئۈزۈم، ئالما قاتارلىقلار؛ قىش كۈنلۈكى
بولسا تاتلىق ياڭيۇ، ياڭيۇ، ماش سېتىلاتـ
تى. لەگپۇڭ، گازىر، ئەترەك، زۇماتاڭ،
قېرىنداش، دەپتەر، گۈلە - قاق دېگەن نەر-
سىلەر قىشىن - ياز ئۆكسىمەيتتى. بىز هەر
قېتىملىق دەرستىن كېيىن، كەڭلىكى بىر
يېرىم مېتر كېلىدىغان كەينى ئىشىكتىن قىسـ
تىلىپ چىقىپ، بۇ بازاردا مىغىلدايتتۇقتە،
دەم ئېلىش ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا جىمـ
جىت كۆرۈنىدىغان بۇ كوچا بىردەمدىلا قاي-
نام - تاشقىنلىققا ئايلىنىپ كېتەتتى. بىز
ئاتا - ئانىلىرىمىز دەپتەر - قەلەم، قېرىنـ
داش ئېلىشقا بەرگەن پۇللارنى شۇ كۈنلا
سائەت ئارىلىقىدا بۇ بازارنىڭ كۆپكۆك
غورىلىرىغا، رەڭ سېلىپ قىزارتقان تاتلىق
سۇيىگە، كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق
لەگپۇڭغا تېگىشىۋېتىپ، خۇددى شەهەر ئالـ
غان گېنېرالدەك ئۆيگە مەغرۇر قايتىپ كېـ
لەتتۇق. ئەتىياز كۈنلىرى تەنتەربىيە مۇ-
سابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، بەش پۇڭلۇق
تاتلىق سۇ ئېلىۋالساق خېلى بىر ۋاقىتقىـ
چە ئىچەتتۇق. ئون پۇڭلۇق گازىر ئالساق
بىر كۈن چېقىپمۇ تۈگىتەلمەيتتۇق.

مەنمۇ ئۇ چاغلاردا ئاتا - ئانامنىڭ يول
قويغانلىقىدىن بولسا كېرەك، كۈنلىكى بەش،
ئون پۇڭدىن خەجلەيتتىم؛ كېيىنچە يانچۇ-
قۇمدا پۇل بولمىسا قولۇم ئىشقا بارمايدىـ
غان، كۈنلىكى بەش پۇڭلۇق ئەترەك يې-
مىسەم كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، مېڭەمـ
گە دەرس چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى .
ئەتىگەندە دادام بەرگەن ئون پۇڭ
پۇل مېنى جىم ئولتۇرغۇزماي: «بولمامسەن
باقى، ئاچچىق - چۈچۈك لەگپۇڭـ
دىن تويغىچە يېۋال، يا بولمىسا باللارنىڭ
چېقىشىغا ئۇلگۇرتۇپ، ماشتىن ئىككى تەخسە

يېۋال» دەپ ئالدىرىتاتتى، دەم ئېلىش
ۋاقتى توشقىچە ئىشىككە نەچچە قاراپ
قوڭغۇراقنىڭ پاتىراق چېلىنىشىغا قۇلى-
قىمنى تۇتۇپ، دەرسكە دىققەت قىلمايتتىم.

ئاستا ئاستا ـ ئۆيدىكىلەر بەرگەن پۇل-
لار كۆزۈمگە ئاز كۆرۈنۈپ، بۇ قايناق
بازارنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىدىم، ئۇيان ئوي-
لاپ، بۇيان ئويلاپ كۆپرەك پۇل تېپىپ،
بازارغا كۆپرەك چىقىپ تۇرۇشنىڭ ئامالى-
نى ئىزدىدىم، ئاخىرى دادام ماڭا دائىم
پۇل ئېلىپ بېرىدىغان چاپان يانچۇقىنى
پۇل تېپىشنىڭ مەنبەئي قىلدىم، ئىككى
ئۈچ قېتىم دادام ئۇخلاپ قالغان ياكى سى-
رتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، قوزۇقىقا
ئېلىپ قويۇلغان چاپاننىڭ يانچۇقىغا
تۇيدۇرماي قولۇمنى سالاتتىم ـ دە،
پۇتۇن پۇللارغا تەگمەي، ئون، يىگىرمە
پۇڭلۇق پۇللارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، چاپان-
نى يەنە پۇل ئېلىشنىڭ ئالدىدىكى شەك-
لىگە كەلتۈرۈپ قوياتتىم، ئېلىنغان بۇ
پۇللارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك پارچە ـ پۇ-
رات بولغاچقا، دادام: «يا چۈشۈپ قالغان-
دۇ، يا سودا ـ سېتىقتا ئارتۇق بېرىۋەت-
كەندىمەن» دەپ ئويلاپ قالاتتى. پۇلنىڭ
مېھرى ئىسسىق، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئالغان-
دىن كېيىن، يەنە ئالغۇم كەلدى. دادام
سۈرۈشتە قىلمىدى، ئېلىنغان پۇللارنى ئۇ-
دۇللۇق ھېلىقى بازاردا خەجلەپ تۈگەتتىم.
مەكتەپتە ھەر يىلى تەنھەرىكەت يىغىنى ئې-
لىپ بېرىلسا، مەن تېخىمۇ خۇش بولۇپ كې-
تەتتىم. چۈنكى بۇ پۇل خەجلەشنىڭ ياخشى
پۇرسىتى ئىدى.

بىر يىلى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆت-
كۈزۈلىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى، مەن
دادامدىن يېلىنىپ يالۋۇرۇپ ئوتتۇز پۇڭ پۇل
ئالدىم. لېكىن بۇ ئوتتۇز پۇڭ پۇلنىڭ ئۈچ كۈن-
گە يەتمەسلىكىنى ئويلاپ: «ھېلىقى كوناھۇ-
نىرىمنى ئىشقا سېلىپ باقمايمۇ؟» دېگەن ئوي-
غا كەلدىم. ئويلىغىنىمغا يارىشا دادام چا-
پىنىنى كۆرپە ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ قوش-
نىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىكەن. مەن
پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈ-
چۈن چاپاننىڭ قويۇن يانچۇقىغا قولۇمنى
سالدىم ـ دە، «تىرىق ـ تىرىق» چېكىل-
گەن ئاۋازدىن چۆچۈپ دېرىزىگە قارىدىم.
ھويلىغا قاراپ ئېچىلغان دېرىزە يېنىدا ئا-
دىل (ئاتا ـ ئانام ئۆي ئىشلىرىغا قاراپ
بېرىش ئۈچۈن يېزىدىكى تاغامنىڭ ئوغلى
ئادىلنى ئەكىرگەنىدى) ماڭا قاراپ قولى-
نى ئوڭ ـ سول سىلكىپ، بۇنداق قىلماس-
لىقىمنى ئۆتۈنىۋاتاتتى، لېكىن مەن پەرۋا
قىلمايلا، قاتلانغان توپ پۇللار ئىچىدىن
ئىككى يۈەنلىك بىر پۇلنى ئالدىمدە، قال-
غان پۇللارنى يانچۇققا سېلىپ، چاپاننى ئۆز
ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، ھېچ ئىش بول-
مىغاندەك ئادىلنىڭ يېنىغا چىقتىم. ئۇ ھە-
دەپ قولىدا ئاللىقانداق شەكىللەرنى چى-
قىرىپ پۇلنى دەرھال يانچۇققا سېلىپ قو-
يۇشنى ئۆتۈندى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى-
دىن قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدىم: «ئادىل
پۇل ئوغرىلىغىنىمنى دادامغا دەپ قويسا
قانداق قىلىمەن؟ دادام بۇ قېتىم راستىنلا
ئۇقۇپ قالسا، ھېسابىنى يىغىپ ئالمىغىتتى...»
لېكىن ئەتىكى قايناق بازارنىڭ پەيزى بۇ
تەشۋىشىمنى بېسىپ چۈشتى: «نېمە قورقى-
مەن؟ دادام ئۇقماي قالىدۇ، ئادىل بولسا
گاچا، دېيەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇقۇپ قالسا، ئا-
دىلغا دۆڭگەپ قويسام بولمىدىمۇ؟» ئادىل
ماڭا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن، يا-
تىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن مەك-
تەپكە چاپتىم.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھەش ـ پەش دې-

گۈچە سەكسەن پۈڭ پۇلنى خەجلەپ قالغان پۇل-
نى قەغەزگە يۆگەپ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى قىش-
نىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويدۇم، ئۆيگە كىر-
سەم دادام قاپىقىنى تۈرۈپ خاپا ئولتۇرۇپ-
تۇ «ھىم» چاتاق بولدى، ئۇقۇپ قالغان
ئوخشايدۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ شۇب-
ھى ئىچىدە ئۆيگە كىردىم.

— باقى، چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدىن پۇل
ئالدىڭمۇ؟ - دادامنىڭ زەردە بىلەن سو-
رىغان بۇ سوئالىدىن تۈرغان ئورنۇمدا قاق-
قان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم.

— ياق، نېمە بوپتۇ؟ - مەن شۇ سۆزنى
ئاران دېيەلىدىم، يۈزۈم «لاپپىدە» ئوت ئال-
دى، نەپسىم بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، يەر
جاھان ئوك - تەتۈر چۆگىلەۋاتقاندەك بى-
لىنىشكە باشلىدى.

— نېمە بولاتتى، يانچۇقۇمدىن ئىككى
يۈەن پۇلنى بىرسى ئوغرىلاپتۇ، سەن ئال-
دىڭمۇ يوق، سوراۋاتىمەن!؟ — دادام شۇنداق
دېگىنىچە يېنىمغا كېلىپ يانچۇقلىرىمنى ئاخ-
تۇرۇشقا باشلىدى. بەدىنىم تىترەپ «ئەم-
دى دادامنىڭ تايىقى ئاستىدا ئۆلىدىغان
بولدۇم» دەپ ئويلىدىم.

— نېمە بولدى سىزگە، باقىنىڭ ھەممە
يېرىنى ئاختۇرىۋاتىسىزغۇ؟ — ئانامنىڭ ئۆي-
گە كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەس-ھۇشۇم جا-
يىغا كەلدى.

— ھېچنېمە بولمىدى. بۇ كىچىك «يان-
چۇقچى» يانچۇقۇمدىن يەنە پۇل ئوغرىلاپ-
تۇ. ئۆتكەندە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئالسا، بۇنىڭ-
دىن كېيىن ئالماس دەپ ئويلاپتىكەنمەن،

يەنە ئەگرى قولىنى تۈزلىمەپتۇ. شۇڭا سەل
تۈزلەپ قوياي دەيمەن، ماڭ تاياقنى ئەكىر!

— نېمشقا تاياقنى ئەكىرىمەن، پۇل با-
قىنىڭ يانچۇقىدا بارمىكەن؟

— ياق! لېكىن چوقۇم مۇشۇ ئالدى!

— پۇلنى باقى ئالمىسا، ھېچنىمىدىن-
ھېچنېمە يوق ئۇنى نېمشقا ئۇرىدىلا، - ئانام
ئەزۋەيلىگىلى تۇردى. - باقى پىئونېر، ئۇن-
داق ئىشنى قىلمايدۇ. ئەگەر ھېلىقى گاچا
قىلغان بولسىچۇ؟

— سەن نېمە دېمەكچى؟ - دادام سەل
تۇرىۋالغاندىن كېيىن، - ئادىل ئالدى دې-
مەكچىمۇ سەن؟ ئۇنداق بولسا ئادىلنى
چاقىر!

دادامنىڭ ئاچچىقىدىن يۈز - كۆزلى-
رى قىزىرىپ، ماڭا بىر پارچە چوغدەك كۆرۈ-
نۈپ كەتتى، شۇ جىددىيچىلىكتە ئادىلنى
ھويلىدىكى ئۆيدىن چاقىرىپ كىردىم.

— ئادىل، يانچۇقۇمدىن پۇل ئالدىڭمۇ؟

ئۇ ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندى بولغاي،
قول ئىشارىسى بىلەن ئالمىغانلىقىنى بىل-
دۈردى.

— ئۇنداق بولسا، باقىنىڭ يانچۇقىمنى
ئاختۇرغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

مەن «ئۇ دەپ قويسا قانداق قىلارمەن»
دېگەن قورقۇنچتا تىپىرلاپ كەتتىم. خۇ-
داغا شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ «مەن
كۆرمىدىم» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭ-
شىتىشى بىلەن ئۆزۈمنى خۇددى قورقۇن-
چلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ھالەت-
تىكىدەك ھېس قىلدىم.

ــ ئۇنداق بولسا، چىقىپ كەت!

دادام تاماكىنى پۇقۇرۇتۇپ چېكىپ، قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىشكە باشلىدى. ئادىلنىڭ چىقىپ كېتىشىگىلا ئانام ئۇنى تىللاپ:

ــ چوقۇم شۇ ئالدى، شۇ ئوغرىلىمىسا كىم ئوغرىلايدۇ؟ ئۇ، مەن گاچا، مېنى ھېچكىم سوئال ـ سوراق قىلمايدۇ، دەپ ئوغرىلىغان گەپ، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ سېتىۋەتمىسىلا مەيلىغۇ؟

ئانامنىڭ سۆزىنىڭ ئاياقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشقا باشلىدىم:

ــ راست دېدىڭ ئانا، دېمىسەم بولمىدى، مەن ئادىلنىڭ ئىككى-ئۈچ قېتىم دادامنىڭ چاپان يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا «دەپ قويمىغىن بىللە خەجلەيمىز» دېگەنتى، مەن ئۇنىڭ دائىم چوكىلىق مۇز يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن، ئۇ، چوكىلىق مۇزغا بەك ئامراقكەن.

ــ مانا، دېمىدىممۇ، ئىسپات دېگەن مانا شۇ، دادىسى بۇ گاچا بېشىمىزغا بالا تېپىپ بەرمىسۇن، ۋاقتىدىلا يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلسىلە!

دادام يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن مېنىڭ تەمىنلىگەن ئىسپاتىمغا ۋە ئاپامنىڭ ئاچچىقىغا ئاساسەن پۇل ئوغرىلىمىغانلىقىمغا ئىشەندى بولغاي، شۇ كۈنى كېچىچە ئادىلنى سوراق قىلدى، ئەمما ئادىل ئۆزىنىڭ پۇل ئالمىغىنىنى ۋە مېنىڭمۇ پۇل ئوغرىلىمىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋالدى. دادام ئاخىرى ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي، ئادىلنى ئىككى تەستەك ئۇرۇۋەتتى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئادىل ئەتىگىنى چىقىپ كەتكەنچە ئۆيگە كىرمىدى، بىزمۇ ئىزدىمىدۇق، ئەمدى پۇلنى ئۇنىڭ ئالغانلىقى دادام بىلەن ئانامنىڭ نەزەرىدە «رەسمىي» مۇقىملاشتى...

مەن ھازىر چوڭ بولۇپ قالدىم. خىزمەتكىمۇ چىقىپ، يانچۇقىمدا ئۆز ئەمگىكىمنىڭ ھالال شېرىن مېۋىسى ماياشىم بار. مەن دائىم كىچىك ۋاقتىمدىكى ئاشۇ ئىشلارنى ئويلىسام، بىر تەرەپتىن كۈلگۈم كېلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق خىجىل بولىمەن، كېيىنكى كۈنلەردە (شۇ كۈندىن باشلاپ) دادامنىڭ يانچۇقىغا قايتا قول سالمىدىم، بىراق تاغامنىڭ ئوغلى ئادىلنى كۆرسەملا تېنىم شۈركىنىپ، سۆزلەشسەم تىلىم سۆزگە كەلمەي قالىدۇ. ئۇ ھازىر سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، مەن ئەمدى ئادىلنى ناھەق ئوغرى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىمدىن خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھسىز، مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ئازابلىنىمەن، ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان بىر خىل ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسى گويا يۈرىكىمدە تىنماي ئۆمىلەپ يۈرگەن پارازىت قۇرتتەك كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىدۇ. مەن ئەمدى ئاتا ـ ئانام ئالدىدا ھەقىقىي ئىشنى ئاشكارىلاپ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۇرۇپ قالغان بۇ يېقىمسىز بۇلۇتلارنى ھەيدىۋېتىشىم ۋە ئادىلدىن چىن كۆڭلۈمدىن ئەپۇ سورىشىم كېرەك. ئاھ، ئادىل مېنى كەچۈر!

ئىسمايىل ئېزىز (تاجىك)

# ئىككى شېئىر

## نىگارغا

ئەي نىگار يىگانە مەن ئەجەبمۇ دىل خۇمار قىلدىڭ،
يۈرەكنى زىنقا گۆش ئەيلەپ، كۆرۈشكە ئىنتىزار قىلدىڭ.
كۆزۈم نۇرى خىرەلەشتى، گويا ئەما بولۇپ قالدىم،
جىگىرىم مىسلى خۇن بولدى، بۇ جىسمىمنى بىمار قىلدىڭ.
پىغانلىق دەردى ھالىمنى، رەقىبكە ئاشكارا ئەيلەپ،
نازىنىپ ھەم نىگاھ تاشلاپ، روشەن زېھنىم بىكار قىلدىڭ.
مەردكە قۇل قىلىپ ساتساڭ مەيلى، نامەردكە خار قىلماي،
خەرەتنى① سەن تونۇپ ئۇستاز، نادانىنى زەرگەر قىلدىڭ.
كۆكۈت ياقماي يانالماس شام كەبى، ئىلمىڭ زىغىر يەگلىغ،
ئېسىل ئالتۇننى مىس ئەيلەپ، گۆھەرنى تاشقا خار قىلدىڭ.
كى ساختا چىنىنى پەرق ئەتمەي، قۇياشنى شام بىلىپ ھەر چاغ،
شەكاكلارنى② يېنىڭ تارتىپ، ئېسىپ بوينۇڭ زۇننار قىلدىڭ.

## بايلىقىم ـ مۇزتاغ

قەشقەر گۈلزارىنىڭ زىننىتى مۇزتاغ،
خەلقىمنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتى مۇزتاغ.
باراقسان بوستانغا شەربەت بەرگۈچى...
مىليون جانلارنىڭ راھىتى مۇزتاغ.

خەلقىم ھۆرمەتلەپ دەيدۇ ئەۋلىيا،
يېتىشكەچ باغرىڭدا نۇرغۇن ئەنبىيا.
قۇياشنىڭ ئارامگاھ ئۆتىگى بولغان،
ھاياتلىق مەنبەئى ـ كانى سەن گويا.

بېشىڭغا ئارتقان سەن بۇلۇتتىن لېچەك،
لېچەككى، ئاق قاردىن ئېچىلغان چېچەك.
قىزدۇرسا ئۈستۈڭنى قۇياش نۇرلىرى،
زەمزەمنىڭ بىز ئۇچۇن بولار پايپېتەك.

سەن باركى زەرەپشان ئاقار شاۋقۇنلۇق،
ئېچىلار رەڭمۇ رەڭ گۈللەر چوغلىنىپ.
ئاشۇ گۈزەللىكلەر قۇربانى بولغاچ،
ئاتالدىڭ «مۇز تاغ ـ ئاتا» دەپ ئۇلۇغلىنىپ.

رازىدۇر يايلاقلار، ئېتىزلار سەندىن،
سۇلىرىڭ تاتلىقتۇر ھەسەلدىن ـ قەندىن.
ئالغاندا مول ھوسۇل، سۈرگەندە ھوزۇر،
ياغىدۇ تەشەككۈر ھەر جان ـ ھەر تەندىن.

× ×

ئىخ، مۇزتاغ غۇرۇرۇم، دۆلىتىم مېنىڭ،
قامەتلىك ئوبرازىم، سۆلىتىم مېنىڭ.
ھاياتلىق پەخرىمسەن، ئىپتىخارىم ھەم،
بايلىقىم، بايلىقىم ـ سېنىڭ شۇ تېنىڭ!

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

① خەرەت: باغاچچى، ② شەكاك ـ ئەينەك، كۆمانخۇر مەلۇمەدۇر.

باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك)

## ئىككى شېئىر

### شېرىن چۈشلەر

چۈشلەر شېرىن، چۈشلەر سېھىرلىك،
ئىپار دەملەر چۈشۈمدە نازىل.
قوۋناق كۆنلەر ئۆتەر مېھىرلىك،
بولۇپ تاتلىق چۈشلەرگە نائىل.

سۇبھى چېغى شەپەقنى ئويناپ،
يول سالىمىز باغلارغا ئەركەم.
دەريالارنى ساھىلنى بويلاپ،
گۈلزارلارغا تاشلايمىز قەدەم.

ئولتۇرۇپ ھەم «ئۇچار گىلەمدە»،
بۇلۇتلارنى ئالىمىز قولغا.
سەن مەلىكە، مەن بوپ شاھزادە،
يۇلتۇزلارنى چاچىمىز يولغا.

ئاھ ئايلىنىپ كۈمۈش تەڭگىگە،
تۆكۈلىمىز بوشلۇقتىن لەرزان،
نىلوپەرنىڭ قونۇپ بەرگىگە،
ۋە كۆلىمىز چاقناپ نۇرسىمان.

شۇ سۇرەتلەر ئۆتەر بىر بىرلەپ،
چۈشلىرىمدە شادلىقىم قۇچۇپ.
ئاھ ئويغانسام قالىمەن ئەسلەپ،
يىراقتىكى نىگارىم سېنى –
مۇڭغا چۆكۈپ، ھەسرەتكە تولۇپ.

### ئەلۋىدا سۆيگۈ

كەلگىنىمدە ساھىلغا قايتا،
كۆرۈپ قالدىم يات ئىزنى جېنىم.
غەزەپلىرىم كۆچتى دېڭىزغا،
تومۇرۇمدا ئۆركەشلەپ قېنىم.

ئىزلىرىمنى كۆمۈپتۇ يات ئىز،
باشلىغان كىم سېنى سەيلىگە؟
دەرد تۆكەيمۇ ساھىلغا ئۈنسىز،
باقتىڭ ئەمدى كىمنىڭ مەيلىگە.

ۋەدىلىرىڭ، ساختا قەلبىڭنىڭ —
دېڭىزىدا بولدىمۇ بەربات.
شۇنداق بولسا بوپتۇ ئەلۋىدا،
ئەي پەرىشتە، ياق، ياقسەن جاللات!

ئەكبەر مۇھەممەت (قىرغىز)

## ئىككى شېئىر

### كەچكۈز يامغۇرى

1

ياش تۆكۈشتى پىرىنلەر بۈگۈن،
ھازا تۇتۇپ ئالتۇن كۈز ئۈچۈن.

ھۆكۈمراندۇر بۇلۇت ساماغا،
كۆك سەتھىدە كۆرۈنمەيدۇ كۈن.
پاتقاق يولدا ماكانسىز كۈچۈك،
تېنەپ يۈرەر چىقارماستىن ئۈن.

ئادەملەرمۇ كىرگەن ئۈچەككە،
تۇرخۇنلاردا لەيلەيدۇ تۈتۈن.
يالىڭاچلانغان ھەممە ياق بۇندا،
بەربات بولغان يېشىللىق پۈتۈن.

2

پاناھلىنىپ جىگدە تۈۋىدە،
مۈگدەيدۇ ئانا مىكىيان.
كىرىپ قالدى ئۇنىڭ چۈشىگە،
دالىدىكى سۆيۈملۈك خامان.

كۆتۈرەلمەي يامغۇر تامچىسىن،
دەرەختىكى ئاداققى ياپراق
كەچمىشىنى تۆگەتمەي تۇرۇپ،
يەر يۈزىگە غۇلىدى لەرزان!
قىش ھەققىدە ئوقۇپ مەدھىيە،
كۈنپېتىشنىڭ سوغۇق شامىلى
ئۇزاپ كەتتى كۈن چىقىش تامان.

3

ئۈنچە تۆكتى پەرىلەر بۈگۈن،
ۋىسال تاپقان سۆيگۈمىز ئۈچۈن.

ئۇزاق ماڭدۇق كەنت يولىدا،
قول تۇتىشىپ ئىككىمىز دىلدار.
قارچۇقلاردىن چاقنىغان نىگاھ،
سىر ئىمىزنى قىلاتتى ئاشكار.
تېنىمىزگە چاپلاشتى كىيىم،
سوغدىن تىترەر باشقىلار، ئەمما
ھېس قىلمىدۇق تۇڭلاشنى زىنھار،
قەلبىمىزدە ياشنىغاچ باھار.
كۆز يامغۇرى ياغدى توختىماي،
بىزگە تىلەپ مەڭگۈلۈك ۋىسال.

## كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە، نىگار

1

ئەسلىگەنتىم ئوخلاش ئالدىدا،
كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە دىلدار.
يۈرگۈدەكمىز پىنھان - دالدىدا،
سۆيگۈمىزنى قىلىشىپ ئىزھار.

2

ماڭدۇق بىللە ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
بەك يىراقتا قالدى كەنتىمىز.
سۆيگۈمىزگە قۇت تىلەپ، ئۇماق،
كۈلۈمسىرەپ قالدى كەڭ دالا.
چۈشۈپ قالغان شوخ كۈلكىمىزنى،
تېرىپ ئالدى يوچۇن بىر بالا.
تونۇپ قالدى يۈرىكىم ئۇنى،
ئېنىقكى ئۇ بىزنىڭ نەۋرىمىز.

3

ئاشۇ كېچە، ئاشۇ شېرىن چۈش،
ئەسلىمەمدە قىلار تەنتەنە.
يۈرىكىمدە بار بىر ئۆتۈنۈش،
چۈشلىرىمگە كىرسەڭچۇ يەنە.

**يالقۇنجان ياقۇپ** ( تاجىك )

# شېئىرلار

## ۋاپاسىزغا

ماگىنىتەك تۇرساڭمۇ تارتىپ،
شوخ كۈلكەڭدە سېھىر ئىشلىتىپ،
قۇياش بولۇپ نۇر چاچساڭمۇ ئاھ،
كېتەلمەيسەن مېنى ئىللىتىپ.



## ئەگەر

دەرەخ ئىدىم قەددىم بەكمۇ تىك،
جىمجىتقىنا تۇراتتىم پەقەت.
شامال بولۇپ كەلمىسەڭ ئەگەر،
تەۋرەنمەيلا ئۆتەتتىم ئەبەد.

## دېرىزەك

زىمىستان قىش كۈكۈم ۋاقتىدا،
ئىشىكىڭگە ماڭدىم نىشانلاپ.
دېرىزەڭگە باقتىم تەلمۈرۈپ،
كېتىپتىغۇ دېرىزەڭ مۇزلاپ.

چىقمىساڭمۇ چىقمىغىن جېنىم،
شوخ كۈلكەڭدە قەلبىمنى ياساپ.
يۈرىكىڭمۇ دېرىزەڭ كەبى،
كەتمىسۇن ئاھ، سوغۇقتا مۇزلاپ.

**مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئەبەيدۇللا**

ئالېكسى هاللېي [ئامېرىكا]*

# ئىستەكلىرىم رېئاللىققا ئايلاندى

خېلى بۇرۇنلا، مېنى نەس باسقان چاغلاردىلا ، مەن سەۋر ـ تاقەت قىلىش بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە ھارماي ـ تالماي تىرىشىشتا بېرىدىغان بەدەلنىمۇ بىلىۋالغانىدىم.

نۇرغۇن ياشلار ماڭا يازغۇچى بولغىمىز بار، دېيىشتى، مەن ھامان ئۇلارنى مۇشۇنداق ئويدا بولۇش كېرەك، دەپ ئىلھاملاندۇردۇم. لېكىن مەن يەنە ئۇلارغا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئېيتتىم، يازغۇچى بولۇش بىلەن ماقالە يېزىش باشقا ـ باشقا گەپ. كۆپ ھاللاردا بۇ ياشلارنىڭ ئېسى ـ خىيالى ئۇزۇن مۇددەت ماشىنكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يالغۇزلۇق ۋە زېرىكىشلىك ئىچىدە مۇستەقىل كۈرەش قىلىش ئەمەس ، بەلكى بايلىق تېپىش ۋە ئابروي قازىنىش ئىدى. مەن ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ئويلايدىغىنىڭلار يازغۇچى بولۇش ئەمەس، بەلكى ئەسەرلىرىڭلارنى ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش» دېدىم.

ئەمەلىيەتتە، يېزىقچىلىق ئىشى ـ يېگانە، كىشى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىمى ناھايىتى تۆۋەن بىر خىزمەت، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان يازغۇچىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىلا تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاشۇ كىشىلەرمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇلار ئۇزاققىچە تاشلىنىپ قالغان ھەمدە نامراتلىقنىڭ ئازابىنى تارتقان، مەنمۇ شۇنداق.

مەن يىگىرمە يىل ئىشلىگەن دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن ئايرىلىپ، ئەركىن بىر يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئىستىقبالىمغا زەررىچە ئىشەنچ قىلالمايتتىم. نيو ـ يوركتا مەن پەقەت گىروركى سىمىنىلا تونۇيتتىم. بىز تىنىسى شتاتىدىكى ھايىنىدا بىللە ئۆسكەن ئاغىنىلەر ئىدۇق. گىروركى گىرنىۋىچ كەنتىدىكى سارايىنىڭ بىناسىغا جايلاشقان پاكىز بىر قازناق ئۆيدە مەن بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ دەل مۇشۇ سارايىنىڭ زابىخوزى ئىدى. بۇ قازناق مېنىڭ ئائىلەم بولدى.

كىچىككىنە كەلگەن قازناق قاراڭغۇ ھەم سوغۇق ئىدى. يەنە كېلىپ مۇنچىسىمۇيوق ئىدى. بىراق مەن بۇلارنى پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم. مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كونىراپ كەتكەن بىر ماشىنكا سېتىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى راستىنلا بىر يازغۇچىغا ئوخشاپ قالغاندەك سەزدىم.




ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى بولغاي، مېنىڭ يېزىقچىلىقىمدا يەنىلا ھېچقانداق بۆسۈش بولمىدى. ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىمدىن بىر ئاز گۇمانلىنىپ قالدىم. بىرەرپارچە ئەسەرنى بازارغا

سىلىش شۇنچە قىيىن، ۋاھالەنكى ئۇنىڭدىن ئالغان نەپكە ئاران - ئاران جان باققىلى بولىدۇ. لېكىن مەن چوڭقۇر چۈشىنەتتىمكى، مېنىڭ ئارزۇيۇم يېزىقچىلىق قىلىش، بۇ مېنىڭ ئۆزۈلدىن بۇيانقى ئىستىكىم ئىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىۋېرىمەن، گەرچە ئالدىمدىكى يولدا مەغلۇبىيەت ۋەھىمىسى ۋە ئەگرى - توقايلىق تولۇپ - تاشقان تەقدىردىمۇ. ئۇ كۈنلەردە ئۈمىد - ئىقبالدىكەنلەر خۇددى خىيالى مەنزىرىدەكلا غۇۋا ئىدى. ئومۇمەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تەشنا بولغانلارنىڭ جىمىسى مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن تەشۋىشنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدەك دەردىنى تارتقان.

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن قوبۇل قىلغان بىر تېلېفون مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. لېكىن بۇ، ۋاكالەتچىلەرنىڭ ياكى تەھرىرلەرنىڭ كىتاب چىقىرىش ئىشى ئۈستىدە مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە بەرگەن تېلېفونى ئەمەس ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ مېنى ئۆز ئىشلىرىمدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەپ بېرىلگەن، ئىزدىتقۇلۇق بىلەن تولۇپ - تاشقان بىر تېلېفون ئىدى. تېلېفون بەرگۈچى مېنىڭ سان - فرانسىسكو شەھىرى دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى بىر كونا تونۇشۇم ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىر ئاز پۇل قەرز ئالغانىدىم. ھازىر ئۇ، مەندىن شۇ پۇلنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— ئالېكسى، ئون بەش دوللار پۇلۇمنى قاچان قايتۇرىسەن؟ — ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— كېلەر قېتىم ماقالەم سېتىلغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— ئوبدان بىر مەسلىھەتىم بار، — دېدى ئۇ، — ھازىر بىزگە ئومۇمنىڭ ماتېرىياللىرىنى باشقۇرىدىغان بىر زابىخوز لازىم بولۇۋاتىدۇ. يىللىق مائاش ئالتە مىڭ دوللار. ئەگەر خالىساڭ، كەلگىن!

ئالتە مىڭ دوللار، بۇ پۇل 1960 - يىلدا ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. مەن بۇ پۇلغا خېلى ئوبدانلا بىر ئۆي، بىر كونا ئاپتوموبىل سېتىۋالالايتتىم، تېخى قەرزلىرىمنىمۇ تۆگىتەلەيتتىم، يەنە ئازراق پۇلمۇ ئېشىنالايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخى بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ يېزىقچىلىقىمنىمۇ داۋاملاشتۇرالايتتىم.

بۇ دوللار كاللامنى تازا ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان بىر چاغدا مېنىڭ روھىي دۇنيارىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر ئوي ئۇرغۇپ چىقتى: مەن ئەزەلدىن بىر يازغۇچى، كەسپىي يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم!

— بولدى، رەھمەت ساڭا، مەن چىداپ كېتەلەيمەن، مەن يېزىقچىلىقىمنى قىلىۋېرەي، — مەن قەتئىي ئىشەنچ بىلەن شۇنداق جاۋاب بەردىم.

تېلېفوننى قويۇپ - قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز قازناق ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋېتىپ، ئۆزۈمنى ئاخماققا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاندىن تامدىكى سېرىق ئىشكاپنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارى - يوقى قېپقالغان ۋەجىمنى — ئىككى قۇتا ساردىن

بېلىقى كونسېرۋاسىنى ئالدىم، ئاندىن يانچۇقۇمدا ئېشىپ قالغان ئون سەككىز تىيىن پۇلنىمۇ ئالدىم - دە، بۇ نەرسىلەرنى بىراقلا كېرەكسىز قەغەز سېۋەتكە سېلىپ قويدۇم. مەن ئۆز، ئۆزۈمگە: «ئالېكسىي، قارىغىنا، ھازىرغىچە سېنىڭ تاپقان بارلىق بايلىقىڭ مانا مۇشۇ!» دېدىم، كەيپىياتىم تۆۋەنلەپ چېكىگە يەتتى.

مەن ھال - ئەھۋالىمنىڭ تېز ئوڭشىلىشىنى ئۈمىد قىلساممۇ، لېكىن ئىش مەن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايتتى. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا مېنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمغا گىئورگى ياردەم قىلدى.

گىئورگى ئارقىلىق مەن بەزى سەنئەتكارلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىشىۋېتىپتۇ. مەسىلەن: يوھان دايلېننى ئالساق، ئۇ بىر ماھىر رەسسام بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى ھامانەم يېتىشمەيدىكەن . مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ، كوچىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى قاسساپنىڭ يېنىدىن گۆشى شىلىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ئاز - تولا گۆشى بار ئۇستىخاننى ئالىدىكەن. ئاندىن مىلىچ مال دۇكىنىدىن سولىشىپ كەتكەن كۆكتات يوپۇرمىقىدىن بىر ئاز ئېلىپ، مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ شورپىسى ھېسابىدا بىر ۋاخ ئېغىزغا تېتىغىدەك شورپا قاينىتىپ ئىچىدىكەن.

مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك يەنە بىر قابىل ياش ناخشىچى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ بىر ئاشخانىنى باشقۇرۇۋېتىپتۇ. بىرەر خېرىدارنىڭ توغرالغان كالا گۆشى يېگۈسى بولسا، ئۇ كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى بازارغا بېرىپ سېتىۋېلىپ كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ھاللېي بېلىفىت.

دايلېن ۋە بېلىفىتتەك كىشىلەر مەن ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەردى. مەن ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشتا بەزى قۇربانلارنى بېرىشىمگە ۋە ئامالىنىڭ بېرىچە تىرىكچىلىك قىلىشىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ غۇۋا سايىسىدا ياشىشىمدىكى جىمى مەزمۇن مانا شۇ ئىدى.

ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەن بارا - بارا بەزى ماقالىلەرنى سېتىشقا باشلىدىم، مەن ئەينى چاغدا كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن: خەلق ھوقۇقى، ئامېرىكا نېگىرلىرى بىلەن ئافرىقا نېگىرلىرى دېگەنگە ئوخشاشلارنى يازدىم. خۇددى ئۇچار قۇشلار جەنۇبقا ئۇچقاندەك، مېنىڭ پىكىر - خىيالىممۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتتى، بۇ جىمجىت كىچىككىنە قازناق ئۆيدە ماڭا گويا مومام، بىر نەۋرە ئاچام گىئورگىيە ۋە يەنە ھاممىلىرىم پىداس بىلەن لىزىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىمىز ھەم قۇللۇق تۈزۈم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى ئاڭلانغاندەك بولدى.

بۇ ھېكايىلەرنى ئىلگىرى ئامېرىكا نېگىرلىرى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

مەن ئەزەلدىن بۇلارنى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ كەلگەن ۋە خاتىرەمگە ئېلىنىۋالغانىدىم. لېكىن، بىر كۈنى مەن «كىتابخانىلار ئۈچۈن تەرمىلەر» نىڭ تەھرىرلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولغاندا، ئۇلارغا مومامنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن تېخى ئۇلارغا ئائىلە تارىخىم توغرىسىدا بىر كىتاب يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى، كىتابنى ئەينى چاغدا ئامېرىكىغا ئەكېلىپ سېتىش ئۈچۈن توشۇپ كېلىنگەن ئۇرۇقداشلىرىم ئىچىدىكى تۇنجى ئەۋلادتىن باشلاپ يازىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، قولۇمغا بىر نۇسخا توختام تەگدى، مەخسۇس تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا توققۇز يىللىق تۇرمۇش راسخوتى بېرىشنى ھۆددە قىلدى.

ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش - ئۇزاق مۇددەتلىك، جەۋرى- جاپالىق جەريان ئىدى. دەل دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن ئايرىلغىنىمغا ئون يەتتە يىل بولغاندا، يەنى 1976 - يىلى مېنىڭ ئەسىرىم «يىلتىز» ئېلان قىلىندى، ھايت - ھۇيت دېگىچە مەن مىسلىسىز شۆھرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىم، تۇرمۇشۇمدىكى غۇۋا كۆلەڭگۈ بىردىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھالقىسمان نۇرغا ئايلاندى.

قولۇم تۇنجى قېتىم پۇل كۆردى. نەگىلا بارماي قارشى ئېلىنىپلا تۇردۇم. تېلېفونىم ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي جىرىڭلاپ تۇردى. يېڭى دوستلار، يېڭى توختام ئارقا - ئارقىدىن توختىماي كېلەتتى. كېيىن مەن «يىلتىز» نى تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يۈك - تاقىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ لوس - ئانژېلىسقا كۆچۈپ باردىم. بۇ كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان ھەم كىشىنى جانلاندۇرىدىغان كۈنلەر ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىمدىن ئېسەنكىرەپ قالغانىدىم.

كېيىن بىر كۈنىسى، مەن ساندۇقۇمنى ئاختۇرغاندا قولۇمغا ئۆزىچە مەھكەم ئېتىلمەي قالغان بىر قۇتا چىقىپ قالدى. ئىچىدە ئىلگىرى مەن گىرىنېۋىچ كەنتىدە ئىشلەتكەن بەزى نەرسىلەر تۇراتتى. يەنە بىر بېغىررەڭ سومكىمۇ چىقتى. مەن ئۇنى ئاچتىم، كۆزۈمگە سومكىدىكى ئىككى قۇتا ساردىن بېلىقى كونسېرۋاسى چېلىقتى، كونسېرۋانىڭ ئۈستى ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكەچكە داتلىشىپ رەڭگىنى يوقىتىپتۇ. يەنە ئون تىيىنلىك بىر، بەش تىيىنلىك بىر ۋە ئۈچ تىيىنلىك بىر مېتال پۇلمۇ تۇراتتى.

بىردىنلا ئۆتكەن ئىشلار قەلبىمگە خۇددى دولقۇندەك تەگدى. مەن گويا سوغۇق، نەم ۋە ئاددىي بىر قازناقتا ئۆزۈمنىڭ ماشىنكا ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھالىتىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

مەن ئۆزۈمگە شۇنداق خىتاب قىلدىم: سومكىدىكى نەرسىلەرمۇ مېنىڭ بىر قىسىم يىلتىزىم، مەن ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇلالمايمەن.

مەن بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ كونسېرۋا بىلەن مېتال پۇلنى ئورگانىك ئەينەك قۇتىغا قوندۇرۇتتۇم. ئاندىن سۈزۈك كەلگەن بۇ ئەينەك قۇتىنى كۆز تاشلانغىدەك بىر يەرگە قويۇپ قويدۇم. هازىر، مەن هەر كۈنى ئۇنى كوكسۋېلنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈپ تۇرالايمەن، بۇنىڭغا يانداپ قويۇلغان پروس رومانى مۇكاپات لوڭقىسى، پۈتۈن ئامېرىكا رەڭلىك جىنسلار ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى تارقاتقان ئالىي شان - شەرەپ سىپىنگاس مېدالى ۋە يەنە «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىلگەن ھەيكەلمۇ بار ئىدى. قايسى بىرىنىڭ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، ئەھمىيىتى ئەڭ زور ئىكەنلىكىنى بىر نېمە دېيىش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن شۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىقكى، پەقەت ئىلگىرىكى مۇشۇ كونا نەرسىلەرلا ماڭا غەيرەت - شىجائەت ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ « خىيالى مەنزىرە » ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بەلكىم، بۇمۇ، بىرەر ئوي - خىيالنى كۆڭۈلگە پۈككەن ھەر بىر كىشى قوبۇل قىلىدىغان تەجرىبە ۋە هازىرلاشقا تېگىشلىك روھ بولسا كېرەك.

---

ئالېكسى ھاللېيى ( *Alex Haler* ) ئامېرىكا نېگىر يازغۇچىسى. 1921 - يىلى نيو-يورك شتاتىدىكى ئىساكا دېگەن يەردە تۇغۇلغان. 1939 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. بۇ ئارىلىقتا مۇخبىر بولغان. 1965 - يىلى بىرسى بىلەن بىرلىشىپ نېگىرلار داھىسى ماركوم ئېكىسنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان. نېگىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى تېپىپ چىقىش يولىدىكى ئارزۇ - ئارمانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، ئۇ گامبىيىگە دائىر ئاغزاكى رىۋايەتلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئۆز ئائىلە جەمەتىنى ئۆتكەن يەتتە ئەۋلادتىن بۇرۇنقى ئافرىقىلىق بىر كىشىگە قەدەر ئەسلەشكە بولىدىغانلىقىنى، 1767 - يىلى قۇل قىلىنغان ئۇ كىشىنىڭ ئانىنا بولىسقا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى بىلگەن. ھاللېي نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ، بەزى تەپسىلاتلارنى تولۇقلاپ، 1976 - يىلى ئائىلە تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومان «يىلتىز » نى يېزىپ چىققان.

بۇ كىتاب 1977 - يىلى پروس ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. تېلېۋىزىيە چاتما تىياتىرىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن.

«كىتاپخانىلار ئۈچۈن تەرەمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل، 3 - سانىدىن: **داۋۇت غازى تەرجىمىسى.**

# ھەزرىتى موللام توغرىسىدا رىۋايەتلەر

## 1. ئوي چولپان رىۋايىتى

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇپال دىيارىنىڭ پادىشاھى شاھى ئىبراھىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن شاھزادە ئەمىر ھۈسەيىن ھەمراھلىرىنى ئېلىپ كۈن يورۇش تامان ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار باراقسان جاڭگال، تاغ، قاپتال، قايراقلارغا بۈركۈت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ نۇرغۇنلىغان ئوۋلارغا ئىگە بوپتۇ. قايتىش ئالدىدا ئازىزىخ داراسى تەرەپتىن بىر كىيىك كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال كىرىچ تارتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. مەجروھ كىيىك قاپتالدىكى توقايغا قېچىپتۇ. كىيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر تۆپىلىككە كېلىپ قالغان شاھزادە كىيىكنى نەزىرىدىن قاچۇرۇپ قويۇپتۇ - يۇ، تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن باغدىكى ئانار شاخلىرى ئارىسىدا خۇددى تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بىر ساھىبجامالغا تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ھەمراھلىرى، نېمىگە مۇنچىلا زوق - شوق بىلەن قاراپ كەتتىلە، - دەپ سورۇشتە قىپتۇ.

— ئويدا چولپان كۆردۈم - دەپتۇ شاھزادە ۋە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، ھېلىقى باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بۇلاقنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان سۆگەتلىك بوستانغا كەلگەندە، ئارام ئېلىپ ئوزۇقلىنىشقا پەرمان بېرىپتۇ. ئاتلارنى يول بويىدىكى قارا سۆگەتكە باغلاپ، بۇلاق بېشىدىكى چىمەنلىككە ئورۇن راسلاۋاتقان شىكارچىلارنىڭ ئوپۇر - تورىنى ئاڭلاپ ئۈجمە شاللىرىدىن ئىشلەنگەن يوغان دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن باغۋەن ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، ئۆزىنى مەن موللاسەيپىدىن دەپ تونۇشتۇرۇپ مېھمانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ھۈسەيىن: «بىز شىكار كىشىلىرى، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى يەر ئىكەن، ئارام ئېلىپ ئۆتسەك دېدۇق. رەھمەت، بىئارام بولمىسىلا » دەپتۇ. شاھزادە موللا سەيپىدىنگە ئاستىدىكى تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاس ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە مۇلازىملىرىنى تىنىق بۇلاق سۈيىدىن ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا « ئۇسسۇزلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈرەي » دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيگە كىرىپ قىزى بۈرابىيەگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۈبى رابىيە چەبدەستلىك بىلەن بىر ئانارنى سىقىپ گۈللۈك تاۋاقنى توشقۇزۇپ خونچىغا ( پەتنۇسقا ) سېلىپ دادىسىغا بېرىپتۇ. دادىسى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادىگە



سۇنۇپتۇ. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان بۇ ئائىلىنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوستلۇقىغا مىننەتدار بولغان ئەمىر ھۈسەيىن يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە يەنە بىر

تاۋاق سۇ سوراپتۇ. موللا سەيپىددىن تازىم بىلەن خونچىنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. بۇچاغدا شاھزادە ھۇسەيىننىڭ كۆڭلىدىن « بۇ ئەھۋالنى شاھ ئاتامغا ئېيتسام رەئىيگە ئانار سېلىقى سېلىنسا، ئوردا ئەمىرلىرى سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسە نېمىدېگەن ياخشى» دېگەن خىيال كېچىپتۇ. قىزنىڭ بۇ قېتىم سىقىۋاتقان ئانىرىدىن شەربەتنىڭ كەم چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن موللا سەيپىددىن قىزىغا: مېھمانلار سۇ سورىغاندىكىن كۆپىنىڭ مۇزدەك سۇيىدىن بەرسەك بولماسمۇ دەپتۇ. قىز بۇنىڭدىن تەئەججۇپلىنىپ:

— ئى دادا، سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەربىتىگە لايىق بولغانلىقتىن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز يەنە چوڭ ئانارنى بىرنى سىقىپتۇ. تاۋاق تولماپتۇ. ئۈچىنچى ئانار دا يېرىملىشىپتۇ. موللا سەيپىددىن « قىزىم، ۋاقت ئۆتمىسۇن » دەپ تاۋاقنى قولىغا ئېلىپ تۇرغاندا، بۇبى رابىيە ئۇلۇق كېچىك تىنىپ: دادا، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ. تاۋاقنىڭ يېرىملىقى سۇرۇشتە قىلىنىپ قالسا، شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە رەئىيەنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خىيال كەچتىمىكىن، شەربەتتىن بەركەت قېچىۋاتىدۇ، دەڭ ، دەپتۇ.

بۇ قېتىم سۇنۇلغان شەربەتنىڭ يېرىملىقىنى كۆرگەن شاھزادە سەۋەبىنى سوراپتۇ. موللا سەيپىددىن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگەندىن كېيىن، تېخى ھېلىلا رەئىيگە ئانار سېلىقى سېلىش ھەققىدە كۆڭلىگە پۈككەن خىياللىرىدىن يېنىپ تۆۋە قىپتۇ. ئاڭغىچە دوستىخان يېيىلىپ شىكار نېئمەتلىرى قويۇلۇپتۇ. موللا سەيپىددىنمۇ باغ مېۋىلىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەمتاۋاق بولۇشۇپ بۇبى رابىيەگە نېسۋە سۇنۇلۇپتۇ.

شاھزادە بۇبى رابىيەنىڭ ئەدەب ـ ھاياسى، ئەقىللىقلىقى، بىلىملىكى ۋە گۈزەللىكىگە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا موللا سەيپىددىن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇبى رابىيەنىڭ مەھەللىسى « ئوي چولپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## 2. ئاق ئۆي ھەققىدە رىۋايەت

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۇسەيىن بىلەن دېھقانى ئەشرەپ موللا سەيپىددىن قىزى بۇبى رابىيەمنىڭ سەممىي مۇھەببىتى ۋىسال چەشمىسىدىن سۇ ئىچىپتۇ.

ئاز ئۆتمەي ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرزەنت سۇبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت تولغاندا بۇبى رابىيە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئاپتاپ تەلئەتلىك بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. شاھ ئوردىسى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. شاھ پۈتۈن يۇرتتىكى ئۆلىما، قازىلارنى، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ، قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىدا ئات تويى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھانە زىياپەت، ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيرىدىن كېيىن تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان، ئاق يۆگەكلىك بوۋاقنى ئاق كېگىزگە ياتقۇزۇپ، سىپاھلار ئوردا مېھمانخانىسى ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «شاھىمىزغا مۇبارەك بولسۇن!» دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ، ئاندىن كېيىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ پېشانە، تاپانلىرىغا سۆيۈپ

«شاھزادىمىز يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتۇ. شاھى ئېھرام مېيغىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ: «پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاقىل ۋە باھادىر بولۇشى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتۇ.

باشقىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك خۇشامەت ئۇنچىلىرىنى سېخىلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ. شاھ ئۆز كۆڭلىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچ بىرىنى ياقتۇرماپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇبى رابىيەمنىڭ دادىسى موللا سەيپىدىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن مىڭ مەرتىۋە شۈكرىلەر بېجا كەلتۈرىمەن. ئاتا، ئانىلارنىڭ باللىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەر قانداق بايلىقى ـ ئىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، نەۋرىمىز تەربىيە كۆرۈپ ئالىم بولغايدۇر» دېگەن ئىكەن، پۈتۈن سورۇندىكىلەر «بارىكاللا» دەپ توۋلىشىپتۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي، نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ، پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ: «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن نەۋرەمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە بىلىمەن. ئالىملىق ــ ئىككى دۇنيانىڭ ئىجادلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. ۋەلىگە ئوخشاش قۇدىمىز سەيپىدىن ئاخۇن كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇمنى تاپتى. مەن بەكمۇ رازى بولدۇم. شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئەل ـ يۇرت بۇ كىشىنىڭ نامىنى «سەيپىدىن ۋەلىيوللا» دەپ ئاتىغاي، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاققا نېمە دەپ ئات قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بوپتۇ.

ئۆلىمالىرىدىن بىرى: «مەخمۇد» ــ ماختانغۇچى، يەنى ياخشى خۇلۇق پەزىلەتلەر بىلەن ماختانغۇچى دەپ قويساق، چۈنكى بۇ ئاتنى تەشكىل قىلغۇچى بەش ھەرپ خاسىيەتلىك مەنالارغا ئىگە. م (م) مېھرى ـ شەپقەت، مۇرۇۋەت، ماھارەت، مەمنۇنىيەت دېگەن مەنىلەرنى، خ (ھ) ــ ھەمدۇسانا، ھايات بەخش، ھايالىق، ھازىر (تەييار)، ھۆر، ھىلىم (مۇلايىم) دېگەن مەنالارنى؛ م (مىم) مۇددىئا، مۇراد ـ مەقسەت، مۇنىس (ھەمراھ) دېگەن مەنىنى؛ ۇ (ۋاۋ) ــ ۋارىسلىق، ۋاپادار، ۋاھىغا يەتكۈچى دېگەن مەنالارنى؛ د (دال)ـ دىيانەتكار، دادىل، دىلكۇشاھ، دىلرەبا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ » دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

شاھى ئېھرام مېھمانلار ئالدىدا: كۆز نۇرىمىز بولغان نەۋرىمىزنىڭ ئېتى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز ھۈسەيىن ــ بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۇرمىتىدىن ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن دەپ ئاتالسۇن، خالايىق ئىچىدە ئىلمۇ ـ ھۈنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى، ئىلىم ـ ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈنمىگەي، ھەر قانداق كىشىنى ئىلىم ـ ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، پەزىلىتىنى ئارتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي. كىمكى ئىلىم ـ ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن مۇنداق كىشىلە ئۆزىنى ـ ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر. بۇنداقلار ھاشارغا ھەيدىلىپ، سېلىقى ئېغىرلىتىلسۇن، دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ.

(ئاخىرى كېيىنكىساندا)

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇچۇرلار

ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر پروزىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسلىق تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر» ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇنداق تېمىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بىرى. بۇ ھېكايە بىر مۇنچە كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ ھېكايىدىكى يېڭىچە قۇرۇلما، ئەختەم ئۆمەر پېرسوناژلىرىغا خاس تىل ۋە خاراكتېرى، بولۇپمۇ «قىز پاكلىقى»نىڭ غەلىبىسى بۇ ھېكايىنى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

△ يېقىندا يازغۇچىمىز خېۋىر تۆمۈرنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش بولدى. ئۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن چوڭ تۆھپە قوشقان ۋە شۇ ئەسەرلىرى بىلەن تەزكىرە ئەدەبىياتىمىزنى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، تەزكىرە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەكىلىگە ئايلانغان. مەرھۇم يازغۇچىمىز خېۋىر تۆمۈر تەزكىرە ئەدەبىياتىمىز ساھەسىدىكى ئاشۇ كاتتا تۆھپىلىرى ئۈچۈن خەلقىمىز قەلبىدە، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مەڭگۈ پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

△ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلغان «شېئىر ۋە باھا»، «مىكرو ماقالە» سەھىپىلىرى ئەدەبىياتچىلار ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. ئىنكاسلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ يېڭىلىقلار نۇرغۇن ئەدەبىياتچىلارنى ـ كىتابخانلارنى خۇشال قىلدى، ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزگىچە يارىشا جانلىقلىق پەيدا قىلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش روھىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى بىلەن نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئەدەبىياتچىلارنىڭ ـ كىتابخانلارنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ژۇرناللاردىن بىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ ئىزدىنىش روھى باشقا ژۇرناللىرىمىزغىمۇ تېزراق ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتسىكەن، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل تېخىمۇ جۇشقۇن، جانلىق، گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنسىكەن دەيمىز.

△ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئايتماتوۋنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا قىزىقىشقانىدى. يېقىنقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئايتماتوۋ ھازىر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىرىنى تاللاپ بېكىتىشكە، بۇ مۇكاپاتنى تارقىتىشقا مەسئۇل ئورۇن ـ شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان «يۈزمۇ يۈز» پوۋېستىنى رومانغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. «يۈزمۇ يۈز» رومانىنىڭ دەسلەپكى بابلىرى قىرغىزىستاندا چىقىدىغان «ئالاتاۋ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 1 ـ سانىدىن تارتىپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. «يۈزمۇ يۈز»نىڭ رومان قىلىنىشىدىكى سەۋەب، نۇرغۇن كىشىلەردە ئايتماتوۋ بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى مۇمكىن، دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلماقتا. بىز ئۇنىڭ تېزراق بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىنى تىلەيمىز.



تاتلىق

(لى شاۋچۇن فوتوسى)



كىچىك ئۇسسۇلچى

(م. زىبىھىللا فوتوسى)



پاھ، ئەجەپمۇ ئېغىر ئىكەن!...

(ئابدۇقەييۇم تۇرسۇن فوتوسى)



ھەۋەس

(غېنىجان فوتوسى)



ئوپالدىكى گۈزەل سەيلىگاھ ـ قىرىقبۇلاق (مەمتىمىن زىبىبۇللا فوتوسى)


«喀什噶尔文学»(维吾尔文) قەشقەر ئەدەبىياتى (21-يىل نەشرى)

( KASHGAR LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE )

1992 年 第 三 期 ( 双 月 刊 )
编辑:«喀什噶尔文学»编辑部
**出版:喀什行署文化处**
新疆«喀什日报»印刷厂印刷
喀什地区邮电局发行
全国各地邮电局订阅
各地邮电局代发行
国际统一刊号:ISSN 1004—2547
国内统一刊号: CN65—1081/I
邮政代号: 58—62
印张: 787×1092 · 1/16、8 张

1992-يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
**نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى**
شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتا ئورۇنلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1004 — 2547
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1081/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 62 — 58
فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/16، 8 باسما تاۋاق

邮政编码:844000 电话:23196
定价: 1.00 元

پوچتا نومۇرى: 844000 تېلېفون نومۇرى: 23196
باھاسى: 1.00 يۈەن